# «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»
## (ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال)

1999 ـ يىل 1 ـ سان
(ئومۇمىي 43 ـ سان)

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

تەھرىر ھەيئەت پەخرى مۇدىرى
**ئابدۇرېھىم رەجەپ**

دائىمى مۇدىرى
**ئىسلامجان شېرىپ (ئالىي مۇھەررىر)**

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئىلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى):
**ئابدۇكېرىم راخمان، ئابباس بۇرھان، ئابدۇقادىر توختى، ئابدۇرېشىت ئاۋۇت، ئاۋۇت توختى، ئەمەت جاپپار، تۇرسۇن ئوسمان، مەمتىمىن ياسىن، مەمتىمىن سادىق، مامۇت نۇر، مىجىت ئىمىن، مۇھەممەت ئوسمان، ئوبۇلقاسىم زونۇن، جېلىل ناسىر، كامىل ئابدۇللا، كۇرەش تۇرسۇن، قەيسەر ئابدۇللا، پەرھات سەئىدى، يۈسۈپ قاسىم، زۇنۇن قۇتلۇق.**

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى
**ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم**

بۇ ساننىڭ كوررېكتورى
**شەرىپە ئىبراھىم**

## مۇقاۋىنى تونۇشتۇرۇش

ئۇلۇغ جۇڭگو ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆلچەملىك رەسىم نەچچە ئون يىللار داۋامىدىكى ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئاتاقلىق رەسسام غازى ئەمەت تەرىپىدىن 1998 ـ يىل 10 ـ ئايدا قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980 يىللىقى، ‹قۇتادغۇبىلىك› دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 928 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا مۇنبەرگە ئېلىپ چىقىلدى. يىغىنغا قاتناشقان جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ھەم ئالىملار رەسىمنى كۆرۈش بىلەن بىرگە رەسسامنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىلمىي دوكلاتىنىمۇ ئاڭلاپ خۇشاللىق بىلەن ئالقىش ياڭرىتىپ، ئۆلچەملىك بۇ رەسىمنى بىردەك ماقۇللىدى. بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇقاۋىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئۆلچەملىك رەسىمنى ئېلان قىلدۇق.

# بۇ ساندا

### ئالىم، تەلىمات

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ قەبرىگاھى ...................... قۇتادغۇبىلىك جەمئىيىتى 2
يۇسۇپ خاس ھاجىپ پورتىرىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ...................... غازى ئەھمەد 8
«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ...................... ئىمىن تۇرسۇن 13

### ئىسلاھات، مۇقىملىق، تەرەققىيات

ئىقتىسادى ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتى......
...................... ئابدۇكېرەم يۇسۇپ 21
چېرىكلىككە قارشى تۇرۇشمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى
...................... مەھەممەد توختى 26

### ئىقتىساد، ئىگىلىك، سودا

نۆۋەتتىكى ئىش ئورنىدىن قېلىش مەسىلىسىگە بولغان قاراشلىرىم ...................... ئادىلجان ئابدۇل 30

### پەن - تېخنىكا

ئاجايىبات ...................... زىنگ چىجى 33
ئەيدىز كېسەللىكىنى تىزگىنلەش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ...................... تۇراخۇن ياقۇپ 34

### كلاسسىك ئەسەر، كلاسسىك مۇزىكا

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سيۇژىت مەنبەلىرى ...................... ئابدۇكېرەم راخمان 38
ئىئان («غايىۋى دۆلەت» تىن) ...................... ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى 45
مۇقام پىرى قېدىرخان يەركەندى ...................... ئابدۇراخمان تۇرسۇن، مۇنىرە ياقۇپ 53

### مائارىپ، مەدەنىيەت

ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى مائارىپ ئىستراتېگىيىسى ...................... ياقۇبجان، رىسالەت ئابدۇۋايىت 55
ياپونلۇقلارنىڭ كەسىپ ۋە باتۇرلۇقنى قەدىرلەش مەدەنىيىتى ...................... لوجىگيۇ 59

### تالانت ۋە تالانت بايلىقىنى ئېچىش

ئالىي نېرۋا پسىخولوگىيىسى ۋە قۇربانجان كارامىتى ...................... ئۆمەر ئوسمان 62
«خەلقىمىزنىڭ ساپاسى ئۈستىدە قايغۇلۇق خاتىرە» دىن ئارىيە ......................
...................... گۈلشەن نىياز، ئازادگۈل مەمتىمىن تەرجىمىسى 73

### ئىجادىيەت، ئىختىرا، يېڭىلاش

تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنىڭ ئومۇمىي بايانى ...................... ئىسلامجان شېرىپ 77

### قامۇس

بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى ...................... ئىمىنجان سەيدىن 90
«قۇرئان كەرىم» ۋە پەننىي بىلىم ...................... ھاجى غوجائابدۇللا ئوسمان تەرجىمىسى 92

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ قەبرىگاھى

## I

ئۈچ يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن قاراخانىيلار دەۋرىدە (850 — 1212) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭغا يانداش رايونلاردا مەدەنىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئۇيغۇرلار دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ، جۈملىدىن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە باھاسىز شانلىق تۆھپىلەرنى قوشتى.

قاراخانىيلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىقتىسادىي جەھەتتە يېتەكچى رول ئوينىغان رايونلار (تارىم ۋادىسى ۋە مەۋارەئۈننەھر) مەدەنىيىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۆز تېررىتورىيىسىدىكى مەدەنىي رايونلار بىلەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان رايونلار (يەتتەسۇ، ئالتاي قاتارلىق رايونلار) نىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. شۇ دەۋردە يېزا ئىگىلىك بىلەن قول - ھۈنەرۋەنچىلىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن ئولتۇراقلىشىش كۈچىيىپ، شەھەرلەر تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى. ئاۋاتلاشقان شەھەرلەردىن قەشقەر، خوتەن، بالاساغۇن، ئوترار، تاشكەنت، سەمەرقەند، بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەردە ئىقتىساد، سودا - قول ھۈنەرۋەنچىلىك بەكمۇ تەرەققىي قىلغانىدى. بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەر شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغان نۇقتا بولۇپ، ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن دۇنياۋى شەھەرگە ئايلانغانىدى. قاراخانىيلار شەرقتە جۇڭگودىكى سۇڭ سۇلالىسى، قىتانلار خانلىقى، غەربىي جەنۇبتا غەزنەۋىلەر، سالجۇقىيلار ئارقىلىق ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران بىلەن، غەربتە غەربىي ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا بىلەن سودا ئالاقىسى قىلاتتى. بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسى، قىتانلار خانلىقى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاساسەن تىنچ، خاتىرجەم بىر دەۋر بولۇشى، قاراخانىيلار قاغانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى دېگۈدەك ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مەدەنىيەتتە شانلىق بىر مەنزىرىنىڭ يارىتىلىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. بولۇپمۇ قاراخانىيلار بىلەن مۇسۇلمان شەرقى ئارىسىدىكى قىزغىن ۋە ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارغان مەنىۋى يېقىنلىق ئاساسىدىكى مەدەنىي ئالاقىلەر قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە تەرەققىي قىلغان بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى (مىلادىدىن بۇرۇنقى تارىم ۋە مەۋارەئۈننەھر مەدەنىيىتى) ۋە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئورخۇن مەدەنىيىتى (ئاساسەن ئورخۇن يادىكارلىقلىرى) نىڭ ئۇلى ئاساسىدا، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، بۇ دەۋر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر دەۋر ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ياراتقان شانلىق مەدەنىيەت غەرب مەدەنىيىتىدىن يۈكسەكلىكى بىلەنمۇ، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئۆز زامانىسىغا يارىشا ئىلغارلىقى بىلەنمۇ ئۈستۈن ئىدى.

شۇ دەۋردە قاراخانىيلار سۇلالىسى تېررىتورىيىسىدە دۇنياغا مەشھۇر بولغان شەرقنىڭ ئارىستوتېلى ئەبۇ ناسىر فارابى (873 — 950)، پەلسەپە ۋە مېدىتسىنا ساھەسىدىكى قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ئەبۇئەلى سىنا (980 — 1037)، ئەبۇ رەيھان بىرونى (973 — 1048)، يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1018 — 1085)، مەھمۇد قەشقەرى (1030 — 1090) قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە شائىرلار مەيدانغا كەلدى.

شەرقتىكى بۇدداچى «ئىدىقۇت» ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە چىڭگىز ئىمپېرىيىسىدە سىياسىي، ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلاردا ئاساسىي ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان تۇراقايا، بولادقايا ئوخشاش بەش بالىقلىق ھەربىي سەركەردىلەر، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىم ۋە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقتى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە «ئىدىقۇت» ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا، قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۈكسەك سەۋىيىگە ئىگە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەن ئوغلى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر، مەشھۇر دۆلەت ئەربابى — يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن.

II

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادى 1018 - يىلى بالاساغۇندا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى قەشقەردە ئۆتكەن ۋە قەشقەردە ۋاپات بولغان.

بالاساغۇن ئەڭ باشتا قاراخانىيلارغا پايتەخت بولغان بولسىمۇ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەر پايتەخت بولغان. قاراخانىيلارنىڭ قاغانلىرى يازدا ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى چۇ دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بالاساغۇن شەھىرىگە كېلىپ يازلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختا بالاساغۇن قاراخانىيلارنىڭ يازلىق پايتەختى دەپ ئاتالغان. لېكىن ئاساسىي پايتەخت قەشقەر ئىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى مىلادىيىنىڭ 1040 - يىلى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەندە، بالاساغۇن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسى ئىچىدە بولۇپ، قەشقەر يەنىلا پايتەخت ئىدى.

يۈسۈپنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنى ئوبدان تەربىيىلەشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنىدى. يۈسۈپ ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن باشلاپ تىرىشىپ ئوقۇدى. ئۇ ئۆز ئانا تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەندىن تاشقىرى، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ناھايىتى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىنى، ئەبۇ ناسىر فارابى بىلەن ئەبۇئەلى ئىبىن سىنانىڭ ئەرەپ تىلىدا يېزىلغان پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تەھلىل قىلدى. ئىسلام ئەقىدىلىرىگە دائىر بىلىملەرنى، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن پەند - نەسىھەتلەرنى، دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىماتلارنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى، پەلسەپە، بۇددىزم، ئەخلاقنامىلەرنى، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، تەبىرنامە (چۈشكە تەبىر بېرىش قوللانمىسى)، ئوقيا ئېتىش، ئۇۋچىلىق، قۇشچىلىق قاتارلىق بىلىم ۋە ھۈنەر - سەنئەتنى ئۆگەندى. بۇلاردىن تاشقىرى ھەربىي بىلىم (تاكتىكا سەنئىتى)، شاھمات، تەنتەربىيە ماھارەتلىرىدىنمۇ چەتتە قالمىدى. يۈسۈپ بولۇپمۇ پەلسەپە بىلەن دۆلەت ۋە ئەخلاققا دائىر بىلىملەرنى ناھايىتى ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئۆگەندى. ئۇ ئۇلۇغ پەيلاسوپ فارابى، ئەبۇئەلى ئىبىن سىنانىڭ ئىدىيىلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى يۇقىرى كۆتۈردى.

يۈسۈپ غەربنىڭ كلاسسىك بىلىملىرىنىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەرنىمۇ چوڭقۇر ئۆگەنگەن. شۇڭا، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى دانىشمەن ئالىملار ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە، بىلىمى ھەم ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر ئالىم بولۇپ تونۇلغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە ھىجرىيىنىڭ 462 - يىلى قەشقەردە، 18 ئايدا يېزىپ تاماملىغان. شۇنىڭغا قارىغاندا، داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى مىلادى 1069 -، 1070 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

تەگۈردى ماڭا ئەلگىن ئەلىگ ياشىم،
قوغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسى تەگ باشىم.
(تەككۈزدى ماڭا قولىنى ئەللىك يېشىم،
قوغۇ[1] قىلدى قوزغۇن تۈسىدەك بېشىم.)

بۇ مىسرالاردىن ئاپتورنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى يېزىۋاتقان چاغلىرىدا ئەللىك ياشلاردىن

① قوغۇ - ئاققۇ.

ئاشقانلىقى، داستاننى يېزىپ بولغان ۋاقتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەخمىنەن مىلادى 1018 ـ، ياكى 1019 ـ يىلى تۇغۇلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى قەشقەردە يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، داستاننى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئورۇنباسار قاغانى ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. ئوبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئارقىلىق يۇسۇپنىڭ دانىشمەن، تالانتلىق، ئالىي، ساپ پەزىلەتلىك، ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىق① ئۇنۋانىنى بەرگەن.

## III

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئىلىم ـ پەننىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان قامۇسنامە (بىلىملەر بۇلىقى) ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» داستانى «نەسىھەتنامە»، «ماقال ـ تەمسىلنامە»، «سىياسەتنامە»، «دەۋلەتنامە»، «ھەربىي تەدبىرنامە»، «ئاسترونومىيە»، «قانۇن»، «ئۇتوپىيە» دىن ئىبارەت. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى مەزمۇنىنىڭ موللىقى، چوڭقۇرلۇقى ئۆز زامانىسىغا يارىشا ئىلغار پىكىرلەر (ئىجتىمائىي پەن ساھەسى بويىچە) نى ئالغا سۈرگەنلىكى جەھەتتىن ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز قەدىمكى چاغدىكى دۇنيا ئەدەبىياتى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا يۇنانلىقلارنىڭ مىلادىيىدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن ياشىغان شائىرى گومىر تەرىپىدىن يارىتىلغان «ئىلىئادا»، «ئودىسسا»، نېمىسلارنىڭ «نىبىلونگ ھەققىدە ناخشا»، فرانسۇزلارنىڭ «رولان ھەققىدە ناخشا»، ھىندىلارنىڭ «رامىيانا»، «ماخاپىراتا»، ئىرانلىقلارنىڭ «شاھنامە»، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە» قاتارلىق داستانلىرىنى تىلغا ئالىمىز. مانا شۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان داستانلارنىڭ ھېچبىرى تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتى جەھەتتىن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا تەڭ كېلەلمەيدىغان ئەمەس، بەلكى تەڭ كېلىشى ناتايىن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئەدەبىي ئەسەردۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قۇرۇق پەند ـ نەسىھەتكە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ، كونكرېت ۋەقە ئېپىزوتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈردى. ئەسەردىكى تۆت پېرسوناژ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەر پېرسوناژلارنىڭ بىرى ـ بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ھايات پەلسەپىسى ۋە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. مانا بۇ نۇقتا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى باشقا ھەرقانداق پەند ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

## IV

مىلادىنىڭ 1075 ـ يىلى ئوبۇلھەسەن شەرقىي قاراخانىيلار قاغانى بولغان چاغدا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ 57 ياشقا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ خاس ھاجىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆتىگەنمۇ، ياكى سالامەتلىكى يامانلىشىپ قالغاندا ۋەزىپىسىدىن سورانغانمۇ، بۇنىسى تازا ئېنىق ئەمەس.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مىلادىنىڭ 1085 ـ يىلى 67 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەسىتى قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدىكى بارگاھ يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان. ئارىدىن 50 يىلچە ئۆتكەندىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئەھمەد بىننى ھارۇننىڭ ۋاقتىدا (مىلادىنىڭ 1120 ـ يىللىرى) تۈمەن دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندە، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ جەسىتى ئەسلى قەبرىگاھىدىن كۆچۈرۈلۈپ، ھازىرقى پايناپ يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇلۇغ دانىشمەن بوۋىسى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن تارتىپ تا

---

① ھاجىپ (ئەرەبچە) ئارىچى، ۋاكالەتدار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى دېگەن مەنىلەردىكى سۆز بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى تۈركچىسى «تاياڭغۇ» يەنى تايانچ، سەلتەنەت تايانچى، دۆلەت تۈۋرۈكى دېمەكتۇر. («دىۋانۇ لۇغەتتىت تۈرك» فوتو نۇسخا 320 ـ بەت).

هازىرغىچە ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت، ئېتىقادى بىلەن قەبرىگاھىنى يوقلاپ، تاۋاپ قىلىپ كەلدى، شەيخ، جارۇپكەشلەرنى قويۇپ قوغدىدى، يەر ـ زېمىنلىرىنى ۋەخپە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن كىرىم بەدىلىگە قەبرىگاھنى ئۈزلۈكسىز تۈزەشتۈرۈپ، كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاۋايلاپ ساقلاپ كەلدى، قەبرىگاھ ئەتراپىدىن تەخمىنەن 200 مو يەر ئاجرىتىپ ۋەخپە قىلىپ، دەل ـ دەرەخ قويۇپ ئورمان بىنا قىلدى. ھىجرىيىنىڭ 1074 ـ يىلى (مىلادى 1665) يەركەن سەئىدىيە خانلىقى (1505 ــــ 1678) نىڭ سۇلتانلىرىدىن ئابدۇللاخان (1639 ــــ 1668) يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىپ، ئىلگىرىكى تۈز تورۇسلۇق ھالىتىنى گۈمبەز شەكلىگە كەلتۈرگەن. قەبرىگاھ ئالدىنى غەربكە قارىتىپ، 9 مېتىر ئېگىزلىكتە پەشتاقلىق دەرۋازا ئورناتقان.

ھىجرىيىنىڭ 1242 ـ يىللىرى (مىلادى1828) قەشقەر ھاكىمى ئىسھاق ۋاڭ (كۇچا ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن) يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلغان. شۇ قېتىمقى ئىسلاھ قىلىشتا قەبرىگاھنىڭ تۆت چۆرىسىگە گۈمبەز، مۇنار ۋە قەبرىنىڭ ئۈستىگە سۇپەتلىك، رەڭلىك كاھىشلار يېپىشتۇرۇلغان.

ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى مىلادى 1874ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىنغان.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ بەزى جايلىرى بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. شۇ سەۋەبتىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1956 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تۈزەشتۈرۈپ ياسىغان. چۈنكى، 1955 ـ يىلى مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش نەتىجىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ قەبرىگاھنى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1957 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چىقارغان 1721 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىدە بۇ قەبرىگاھ ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى دەپ ئېلان قىلىندى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىق ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇشى خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇلۇغ بوۋىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپقا ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس قەبرىگاھىغا بولغان ئەقىدىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بۇيان بۇ قەبرىگاھنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن قاراپ كەلدى. قەبرىگاھ ئالدىدىن ئۆتكەندە، خېلى يىراق جايدىن ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈشۈپ، خېلى ئۇزۇن يەرلەرگىچە پىيادە مېڭىشاتتى، ھەر يىلدا بولىدىغان نورۇز بايرىمى، تۇنەك، ئايەم كېچىلىرىدە بۇ يەرگە جەم بولۇپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپقا بولغان سېغىنىش ۋە يۈكسەك ھۆرمىتىنى نامايان قىلىشاتتى.

يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللاخان خانىقا تەۋەسىدىن سېتىۋالغان 30 پاتمان يەرنى كونا ئات بازىرىدىكى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىغا مۇتلەق ۋەخپە قىلغانلىقى ھەققىدە ئۆز مۆھۈرىنى بېسىپ بىر ھۆججەت قالدۇرغان. ئابدۇلەتىپخان مىلادىنىڭ 1639 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇللاخان سەئىدىيە خانلىقىغا خان بولغان. ئابدۇللاخان 1665 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن يولۋاسخاننىڭ ۋاقتىدا (1666 ــــ 1667) يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خاندانلىرىدىن بەش كىشىنىڭ ۋە تاشقىرى مەسچىتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا تۆت كىشىنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن بۇرۇن «ئات بازىرى» دەپ ئاتالغان بۇ جايغا «ئالتۇنلۇق» دەپ نام بېرىلگەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلق ئەقىدىسىنىڭ ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرىتى سەۋەبىدىن ئۆلمەس يادىكارلىق بولۇپ قالدى. شۇڭا تارىختا ئۆتكەن ئەدىبلەر بۇ يادىكارلىق ھەققىدە قەسىدىلەر، شېئىرلار يېزىپ، ئۇنىڭ ئورنى، قەبرىدە ياتقۇچىنىڭ نەسەبىنى چۈشەندۈرۈپ خاتىرىلەر قالدۇرۇشتى. ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى XIX ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى مىرھۇسەيىن سەبۇرىيدۇر. سەبۇرىي «نەسەب دەرياسى» ناملىق ئەسەر يازغان. سەبۇرىينىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن ئۇنىڭ شاگىرتى سوپى ئاللايار «نەسەپ دەرياسى» نىڭ ئاخىرىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېتىگە ئۇستازىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىگە ئاساسەن «ھەزرىتى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھىجرىيەنىڭ 478 ـ يىلى (مىلادىنىڭ 1085 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرى كوناھىسار

(ئەسكى سار) نىڭ شىمالىدىكى پاي نابدا. . . . ئامىن، مەن شەيخ دۇئا قىلغۇچى مۇھەممەت سايىم سوپى ئاللايارى» دېگەن سۆزلەرنى پارسچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىپ ئۆز مۆھرىنى باسقان.

مىلادىنىڭ 1827 ـ يىلى جاھانگىر خوجىنىڭ قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن مانجۇلار تەرىپىدىن قەشقەرگە ھۆكۈمران قىلىپ تەيىنلەنگەن زوھورىدىن ھاكىم بەگ (1830 ـــ 1848) مىلادىنىڭ 1835 ـ يىلى تاشقىرىقى شەھەرگە سېپىل سوقتۇرماقچى بولغان. دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك بولغان زوھورىدىن ھاكىم بەگ بۇ ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئاللادىن تىلەش مەقسىتىدە شۇ زامانىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن نېئمەتۇللا كاشغەرىينى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىغا چىقىپ ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ ۋەقە توغرىسىدا نېئمەتۇللا كاشغەرىي مۇنداق بىر خاتىرىنى يېزىپ قالدۇرغان: «شۇنداق بىر ۋاقىئە پۈتۈلدىكىم، ھەزرىتى ۋالى زوھورىدىن ھاكىم ئالىيلىرى قەشقەر قەلئەسىنىڭ سېلىنىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش ـ بولماسلىقى توغرىسىدا پېقىر كەمتەر دەرۋىشكە بىر دۇئا تەگبىر قىلىپ تىلەپ كۆرۈپ بېقىشنى تەكلىپ قىلغانلىقتىن، مەن ھەزرىتى پادشاھ، قەلەم ئىگىسى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەۋەرۈك قەبرىگە چىقىپ، ئون بىر كۈن تۇرۇپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدىم. قەشقەر قەلئەسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا بىشارەت بولدى ۋە قەلئەنىڭ ياخشى پۈتىدىغانلىقىغا رۇخسەت بولدى. بۇ بېشارەتنى ھەزرىتى ھاكىم ئالىيلىرىغا بايان قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ھاكىم شاھانە ئىشخانىسىدىن بىر كالامى شەرىپنى ماڭا ھەدىيە قىلدى. رەھمەت، دۇئا قىلغۇچى پەقىر نېئمەتۇللا كاشغەرىي مۆھرۈمنى باستىم. 1253 ـ ھىجرىيە. تامغا: نېئمەتۇللابىن سەدرىددىن. (تامغا 1238 ـ ھىجرىيىدە ئويۇلغان)

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان تارىخچى ئالىم، يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر قۇتلۇق ھاجىم شەۋقى (1876 ـــ 1937) «قەشقەر» ناملىق شېئىرىدا:

«نۇر چېچىپ < قۇتادغۇبىلىك> خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۇسۇپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئىرفانلار ياتۇر.
يادىكار ئەيلەپ جاھانغا يازدى دىۋانى لۇغەت،
مەھمۇدىل كاشغەر كەبى ئەھلى شەرەب شانلار ياتۇر.
ئەيلىگەن شەۋقىنى مەپتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.»

دەپ يېزىپ يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ قەشقەردە بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان.

XX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ياشىغان تارىخچى، شائىر ئېمىرھەسەن قازى ئاخۇنۇم 1983 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى ۋە قەبرىگە يېزىلغان بىر ئايەت توغرىسىدا تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتىئىي بىلەن تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋغا ناھايىتى قىممەتلىك بىر مەلۇمات بەرگەن. مەلۇماتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق:

(1) يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرى ئەسلى پايناپ «ئالتۇنلۇقۇم» دا، غەربتىن شەرققە تارتىلغان قەبرىنىڭ بېشىغا:

قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ

«بىلىملىكلەر بىلەن بىلىمسىزلەر باراۋەر ـ تەڭ بولالمايدۇ» دېگەن ئايەت يېزىلغان بولۇپ بۇ قەبرە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭدۇر.

(2) پەرىدون ۋاڭ يازغان ھۆججەتتە، ئاتام ئىسھاق ۋاڭ ياساپ تەئمىر قىلغان يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مازارىغا پايناپ يېزىسىدا ئالتە پاتمانلىق يەرنى مۇتلەق ۋەخپە قىلدىم، دەپ ۋاڭلىق تامغا باسقان ئىكەن، بۇنى مەزكۇر قازى كۆرگەن.

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان بىر قاتار پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى ئۆزۈن زاماندىن بېرى قايتا ـ قايتا ئىسلاھ قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە خەلق تەرىپىدىن خاتىرىلىنىپ، شائىرلار ۋە ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇنى چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن تىلغا ئېلىشقان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى مىڭ يىلدىن بېرى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى پايناپ مەھەللىسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما لەنىتى «تۆت كىشىلىك گورۇھ» ئۆزىنىڭ ۋەھشىلەرچە زوراۋانلە-

قىغا تايىنىپ، 1972 - يىلى بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ئۇيغۇر خەلقى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراستى، ھۈنەر - سەنئىتى، بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ ئۇلۇغ ناماياندىسىدىن مەھرۇم بولۇپ، تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان غايەت زور، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا بولغان ئەقىدىسىنى قىلچە بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. 1978 - يىلدىكى باھار (3 - ئومۇمىي يىغىن) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۈمىد پەيدا قىلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ساداسى ياڭرىدى.

1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خەلق ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ھەيئىتى تەشكىل قىلدى. خەلقنىڭ بۇ ھەققانىي پائالىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1986 - يىلى چۈشۈرگەن 107 - نومۇرلۇق ھۆججىتى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بىر مىليون 500 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 1986 - يىلى 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇرتى قەشقەردە مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇرۇلۇش ئىشى باشلىنىپ، توپتوغرا 3 يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن 1989 - يىلى 10 - ئايدا غەلىبىلىك تاماملاندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن قەبرىگاھىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1900 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، قەبرىگاھ، مەسچىت، خاتىرە مۇنارىسى، كۆرگەزمە زالى ۋە كۇتۇشخانىسىدىن ئىبارەت بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي پىششىق خىش ۋە بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، قەبرىگاھنىڭ ئىگىلىگەن ئورنى 825 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. قەبرىگاھ كايۋان، يەر ئاستى ئۆيى، گۈمبەز قاتارلىق ئۈچ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كايۋان 22 كىچىك گۈمبەزلىك ئالدى ئوچۇق 22 ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۆيلەر شىمالىي، شەرق، جەنۇب تەرەپتىن 9 مېتىر ئارىلىقتا ئاساسىي قەبرە ئۆيدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئالدى تەرەپتىن بولسا، تۆتتىن سەككىز قەپىزەكلىك مۇنار چىقىرىلغان، ئىككى ياندىكى پەشتاقلىق ئىككى ئىشىك ئارقىلىق ئاساسىي قەبرە ئۆيگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. كايۋاننىڭ تۆت بۇرجىكىدە يەنە ئېگىزلىكى 9.4 مېتىر كېلىدىغان قەپىزەكلىك تۆت مۇنارمۇ بار. قەبرە ئۆيى تاشقىرىقى ۋە ئىچكىرىكى ئۆي دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىدىن غەربكە قەدەر بولغان ئۇزۇنلۇقى 17.58 مېتىر كېلىدۇ. شىمالدىن جەنۇبقا قەدەر بولغان كەڭلىكى 11.30 مېتىر كېلىدۇ. قەبرە ئۆيىگە غەربكە قارىتىپ ئېچىلغان. ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىكى 16.40 مېتىر كېلىدىغان ئىككى قەپىزەكلىك مۇنارىسى بار دەرۋازا ئارقىلىق كىرگىلى بولىدىغان ئىشىك، ئۈستىگە چىقىپ قەبرە ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئايلانغىلى بولىدىغان ئايلانما پەلەمپەي ۋە كىچىك ئۆيلەر بار. ئىچكىرىكى ئۆي مەخسۇس قەبرە ئۆيى بولۇپ، يەر يۈزىدىن 19.60 مېتىر ئېگىزلىكتە، دىئامېتىرى 9 مېتىر كېلىدىغان چوڭ، يۇمىلاق گۈمبەز بىلەن يېپىلغان. ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ تۆت ئەتراپىدا چوڭ - كىچىك پەنجىرىلىك بىر نەچچە كۆزنەك ۋە رۇجەك بار. قەبرىگاھنىڭ ھەممە تەرىپى 20 خىل رەڭدىكى گۈللۈك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. قەبرىگاھ قىسمىدا يەنە چوڭلۇقى 198.85 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بېتون بىلەن قوپۇرۇلغان يەر ئاستى ئۆيىمۇ بار، چوڭ - كىچىكلىكى ھەرخىل بولغان بەش خانىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئۆي ۋە بۇ ئۆيلەرنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئايلانما كارىدور ۋە قەبرە ئۆيىنى نەملىكتىن ساقلاشتا بەلگىلىك قوغداش رولىغا ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قايتىدىن ياسىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بۇ قەبرىگاھى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي بىناكارلىق ئۇسلۇبى بىلەن زامانىۋى قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ بىنا قىلىنغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر بىناكارلىق ئۈلگىسى بولۇپ، ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى، ھەيۋەتلىكلىكى، پۇختا - مەزمۇتلۇقى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى زىيارەتچى، ساياھەتچى، سەيلىچىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى ئۆزىگە مەڭگۈ جەلپ قىلغۇسى.

بۇ تەرجىمىھال 1989 - يىل 10 - ئايدا قەشقەردە مەملىكەتلىك ئىككىنچى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان بولۇپ، كۆپ قېتىملىق سىناقلاردىن ئۆتكەن. 1998 - يىلى ئۆكتەبىردە قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980 يىللىقىنى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 928 - يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا قايتا قاراپ چىقىلغان، ھازىر رەسمىي ئېلان قىلىنىدى.

ش ئۇ ئا ر «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتى

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ پورترېتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

غازى ئەھمەد

(جۇڭگو رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

مەلۇمكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەينى زاماندىكى سىماسى چۈشۈرۈلگەن بىرەر پارچە رەسىم تارىختا بولمىغانىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش خېلىلا مۈشكۈل ۋەزىپە ئىدى.

مەن 1952 ـ يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكى ئوقۇش كىتابى ( «ۋەتەن ئەدەبىياتى» ) دىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇت قەشقەرى قاتارلىقلار توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئېرىشكەن ئىدىم. 1956 ـ يىلى «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان مەھەممەتجان سادىقنىڭ «ئىككى ئۇيغۇر ئالىمى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇدۇم. بۇ ماقالىدا XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى، بۈيۈك مۇتەپەككۇر، مەشھۇر پەيلاسوپ، دانىشمەن شائىر، يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەتلىك دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەنىدى. بۇ كۈنلەردە مەن سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ سەنئەت فاكۇلتېتى رەسساملىق كەسپەدە ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتاتتىم. بۇ مېنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي ئەسەرلىرىم مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشقا ئەمدىلا مۇيەسسەر بولۇۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى. بۇ ماقالىنى ئوقۇش بىلەن مەندە تارىخىمىزدا مۇشۇنداق ئۇلۇق ئالىملىرىمىزنىڭ بولغانلىقى بىلەن چەكسىز پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۆزۈمنىڭ رەسساملىق جەھەتتىكى ماھارىتىمنى ئىشقا سېلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ شانلىق ئوبرازىنى يارىتىش ئىستىكى پەيدا بولغانىدى. 1957 ـ يىلى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «گۈزەل سەنئىتىمىزنىڭ يۈكسەك رولىنى جارى قىلدۇرايلى» دېگەن تېمىدىكى ماقالەمدە «ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ مۇھىم كوچىلىرى ۋە ئاممىۋى سورۇنلارغا مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئالىملىرىمىزنىڭ ھەيكەللىرىنى ئورناتقان بولساق، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىلىم ـ ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم رول ئوينىغان بولاتتى» دېگەن مەزمۇنلار بار ئىدى. دېمەك، مېنىڭ مانا شۇ چاغلاردىن باشلاپلا بۇ ئالىمنىڭ پورترېتىنى ئىشلەشكە ئوتتەك قىزغىنلىقىم بار ئىدى. بىراق، ئەينى زاماندا بۇنداق بىر مۈشكۈل خىزمەتنى ئۈستۈمگە ئېلىشتا تېخى ياش ئىدىم. يەنە باشقىچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئالىمنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش نىيىتىم ئىشقا ئاشمىغانىدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ پارلاق روھى يېتەكچىلىكىدە، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش سىياسەتلىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىقتىسادى قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز جانلىنىپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزمۇ داۋاملىق تەرەققىيات يولىغا كىرگەن بولدى. تارىخىمىزدا ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەرگە ئوخشاش ئالىملىرىمىز توغرىسىدىكى تەتقىقات كەڭ قانات يايدى. ئۇلارنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى دۇنيا مەدەنىيىتى سەھنىسىدە ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان «قۇتادغۇبىلىك» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا ئوخشاش

كىتابلارنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى ئورنىدا تەتقىق قىلىش، نەشر قىلىپ تارقىتىش ۋە تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. بۇنداق ياخشى ۋەزىيەت ئىچىدە مەنمۇ قايتىدىن قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ پورترېتىنى يارىتىش ئىشىغا تۇتۇش قىلدىم. شۇ كۈنلەردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىمۇ بۇ ئىككى نەپەر ئالىمنىڭ پورترېتىنى ئىشلەشنى ماڭا تاپشۇردى.

ھازىر كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پورترېتى قانداق مەيدانغا كەلدى؟ بۇ ئوبراز ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ھالدا ئاسماندىن چۈشكەن ياكى بىر قېتىملىق كۆرگەن چۈشۈمدە ئايان بولغان ئوبراز ئەمەس، شۇنىڭدەك بىرەر كونكرېت ئادەمنىڭ چىرايىدىن ئەندىزە ئېلىنغان ياكى شۇنىڭغا تەقلىد قىلىنغانمۇ ئەمەس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان پورترېتىنى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى زادى كىم؟ بۇ زاتنىڭ ئۇلۇغلۇقى زادى قايسى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش شەرت ئىدى. مېنىڭچە ئالىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى — ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىنى يېزىپ، ئىنسانىيەتكە قالدۇرۇپ قويغانلىقىدا ئەلۋەتتە.

كىتابقا يېزىلغان نەسرى مۇقەددىمىدە «چىن - ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلدىلەركى — مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغراخان تىلىدا، بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى («قۇتادغۇبىلىك» نى دېمەكچى) يازغىنى يوق. بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت ئۆزلۈقى، پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەربىرى بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەملەرنى بەردى.» دېيىلگەن. كىتابنىڭ نەزمى مۇقەددىمىسىدە بولسا،

بېيىت 19 پۈتۈن تۈرك، چىن، شەرق ئېلىدە دېمەك،
مۇنىڭدەك كىتاب يوق جاھاندا بۆلەك.

بېيىت 24 بۇنىڭدەك كىتابنى كىم ئېيتقان ئەۋەل،
كېيىن كىممۇ ئېيتار بۇنىڭدەكنى دەل.

دەپ يېزىلغانىدى. دېمەك، بىزنىڭ ئالدىمىزدا مۇشۇنداق ئۆز دەۋرىدە تەڭدىشى يوق ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ ئاپتورى — ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن ئىلمى - ئىرپاندا يۈكسەك پەللىگە چىققان، بۈيۈك ئالىمنىڭ پورترېتىنى يارىتىش ۋەزىپىسى تۇرماقتا ئىدى.

بۇنداق ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئوبرازىنى بىرەر مەسچىتنىڭ ئادەتتىكى ئىمام - مەزىنلىرىنىڭ ياكى سوپى-ئىشانلارنىڭ ئىچىدىن ياكى بولمىسا، ئېڭىكىگە ساقال قويۇپ، بېشىغا سەللە ئورىغان بىرەر دېھقان، سودىگەر، بېدىك، باققال، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەشكە بولمايتتى. فېئودال - پومېشچىك، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىزدەشكە تېخىمۇ بولمايتتى.

مەن ئالىمنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئۈچۈن يەنىلا بىردىنبىر توغرا يول — ئالىمنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا ئىلتىجا قىلىشتىن ئىبارەت دەپ قارىدىم. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى قايتا-قايتا كۆرۈپ، ئاپتورنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق يازغان بايانلىرىنى بولۇپمۇ كىتابنىڭ ئوتتۇز بىرىنچى بابىدىكى خاس ھاجىپلىققا قانداق كىشى لازىملىقى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنى تەكرار ئوقۇپ، ئۇنىڭ

مەنىسىگە يەتتىم. نەتىجىدە مېنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ توغرىسىدىكى چۈشەنچەم چوڭقۇرلاشتى. ھەمدە مېڭەمدە بۇ ئالىمنىڭ بۈيۈك سىماسى تەدرىجىي ھالدا شەكىللىنىشكە باشلىدى.

1980 ـ 1982 ـ يىللىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمى ژۇرنىلىدا مەھمۇد قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارا قەلەم بىلەن سىزىلغان دەسلەپكى پورتېرېت لايىھىسىنى پىكىر ئېلىش مەقسىتىدە ئېلان قىلىپ، تەتقىقات ساھەسىدىكى ئالىملار ۋە ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئالدىم.

ئالىمنىڭ ئوبرازىنى زادى قەيەردىن ئىزدەش كېرەك؟ مېنىڭچە خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئۇلۇغ ھاجىپلىقتا قانداق كىشى لازىملىقى توغرىسىدىكى باياندا كۆرسەتكەن شەرتلەرنى ھازىرلىغان ئەھلى ـ ئىلمى، ئۆلىمالار ئارىسىدىن ئىزدەش لازىم. ئالىم خاس ھاجىپلىقتا مۇنداق ئادەملەر لايىق دەپ قارايدۇ:

2487 ھاجىپلىقتا ئاۋۋال ئون نەرسە كېرەك،
ئىتتىك كۆز، قۇلاق ساق، كۆڭۈل كەڭ كېرەك.

2488 گۈزەل يۈز، بوي، تىل، ئاق، ئېقىل ۋە بىلىم،
خۇلقى ـ مىجەز بۇلار تولۇق تەڭ كېرەك.

2481 قۇلاق ساق ئولسۇن، ئەقىل، ئىلمى كەڭ،
مىجەزى تۈز ئولسۇن، تىلى، كۆڭلى تەڭ.

2482 پەزىلەتتە كامىل ۋە بىلسۇن بىتىك،
پۈتۈن ئىشتا ئەقىللىق، ئۇ قىلسۇن ئىتتىك.

2483 ئۇلۇغ ھاجىپ دېسە، بولسۇن يۈز يورۇق،
كېرەك بۇ پەزىلەت، بىلىملەر تولۇق.

2465 گۈزەل يۈزنى كۆرگەن كىشى خۇشلىنۇر،
كۆڭۈل ئېچىلۇر ھەمدە جان زوقلىنۇر.

2467 كىشىچۇن نە ياخشى نەرسە ـ گۈزەل يۈز،
ئىچەر سۇ بۇ يۈز كۆركىدىن ئىككى كۆز.

2458 ھاجىپنىڭ ساقال ـ چاچى ئۇز بولسۇن يۈزى،
ئاۋازى ئېرىنچە ۋە ئۇچۇق سۆزى.

يۇقىرىدىكى بايانلار دەرۋەقە خاس ھاجىپ بولۇش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلەر ئورنىدا كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ يەردە ئالىم گەرچە «مەن مانا مۇنداق كىشى ئىدىم» دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، يۈسۈپ ئاخۇننىڭ ئۆزى شۇ دەۋردە يۇقىرىدىكى شەرتلەرنى ھازىرلىغان بىردىنبىر زات ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخان تەرىپىدىن خاس ھاجىپلىققا تەيىنلەندى.

دېمەك، مەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پورترېتىنى يارىتىشتا ئالدى بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەرتلەرگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردىم.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «كۆز ئىتتىك بولۇش» دېگەننى بىرىنچى شەرت قىلىپ قويىدۇ. ئادەم پورترېتىنى سىزىشتا كۆز ۋە كۆزدە جىلۋىلىنىدىغان قىياپەت، ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پورترېتىنى چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان قىلىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەمگەك سىڭدۈردۈم. ئۇنىڭ روشەن ۋە نۇرلۇق كۆزلىرىنى نۇقتىلىق تەسۋىرلەپ، بۇ ئارقىلىق ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، يىراقنى كۆرەلەيدىغان، ئۆتكۈر پىكىرلىك، سەزگۈرلۈكى يۇقىرى، تەپەككۇرغا باي، بىلىملىك بىر «دۆلەت تۈۋرۈكى» نىڭ ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشتىم.

خاس ھاجىپنىڭ يۈز شەكلىنى سىزغاندا، قەشقەر ئادەملىرىنىڭ يۈزى سەل ـ پەل سوزۇنچاقراق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۈزى ئاق ئۆڭلۈك، رەڭگى سۈزۈك، قاش ـ كۆزلىرى كېلىشكەن، قاڭشارلىق، ساقال ـ بۇرۇتلىرى يارىشىملىق، چىرايلىق بىر ئادەمنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

شەرتلەر ئىچىدە «بوي» مەسىلىسىمۇ ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. رەسىمدە گەرچە پۇت ـ قوللىرى قوشۇلۇپ، پۈتۈن بەدەن گەۋدىسى سىزىلمىغان، پەقەت ئۆلچەملىك پورترېت ئورنىدا باش قىسمى ئاساس قىلىنغان بولسىمۇ، رەسىمنىڭ كۆرۈنۈشىدىن ۋىجىك، پاكار ئەمەس بەلكى، بەستلىك، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ئۇستىخانلىق، قاۋۇل بىر ئوبرازنى بايقايمىز.

ئەقىل ۋە بىلىم جەھەتتىن ئالغاندا، كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولغىنى كۆپ يەپ، كۆپ ئۇخلايدىغان، خام سېمىز، ھەم بىغەم ھەم ھۇرۇن، ھاماقەت، دۆت بىر ئادەمنىڭ سىماسى ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆتكۈر، ئەقىللىق، تىرىشچان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىلمى ـ ئىرپانغا بېغىشلىغان، نەزەر دائىرىسى كەڭ بىر ئالىمنىڭ ئوبرازىدىن ئىبارەت. رەسىمدىكى نىسبەتەن ياداڭغۇ، خىيالچان چىرايىدىن، كەم ئۇيقۇ، تىنىم تاپماي ئۆگىنىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئىشلەيدىغان، ئېسىلزادە بىر ئادەمنىڭ ئوبرازىنى ھېس قىلىمىز.

خاس ھاجىپ بولۇش ئۈچۈن يەنە قۇلاق ساق بولۇش تەلەپ قىلىنغان. ئادەمنىڭ قۇلىقى ھەرخىل شەكىلدە بولىدۇ. مەزكۇر رەسىمدە، ناھايىتى تېپىك، بېجىرىم، نورمالنى بولغان قۇلاق شەكلى ئىپادىلەندى. ئەسلىدە سەللىسى قۇلاقنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى ئازراق يېپىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. ئەمما بۇ رەسىمدە قۇلاق ئاتايىن تولۇق ۋە روشەن كۆرسىتىلدى.

«ئاۋازى ئېرەنچە»، تىلى راۋان بولۇشىمۇ خاس ھاجىپتا بولۇشقا تېگىشلىك بىر شەرت ئورنىدا تىلغا ئېلىنغان. بۇ مەسىلىنى رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەش ئانچە قولايلىق بولمىسىمۇ، ناخشا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ تەمىنلىگەن ئۇچۇرلىرىغا قارىغاندا، ئەرلەر ئوتتۇرا ئاۋاز ياكى تۆۋەن ئاۋازلىقلارنىڭ بوينى ئۇزۇنراق، بوغدىيىكى چوڭراق ۋە روشەنرەك بولىدىكەن. كۆكرەك قەپىسى چوڭ، ئۆپكىسى تەرەققىي قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە ئاۋازىنىڭ تورى بار كېلىدىكەن. رەسىمدە بويۇن، بوغدىيەك ۋە كۆكرەك قىسمىنى ئىپادىلىگەندە، يۇقىرىدىكى ئۇچۇرلار كۆزدە تۇتۇلدى.

رەسىمدە گەۋدە ئۇدۇلىدىن سىزىلىپ، باش بولسا قىسمەن بۇرالغان. ئەركىن ئازادە تۇرغان بۇ كۆرۈنۈشتىن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بىر ئادەمنى ھېس قىلىمىز.

بېيىت 2460 كېلىشكەن ساقال ـ چاچ كىشى ھەيۋىتى،
بۇ ھەيۋەت بولۇر، ئەر كىشى ھۆرمىتى.

ئاپتور ئەسىرىدە يېشىنىڭ ئەللىكتىن ئاشقانلىقىنى، چاچ ـ ساقىلىنىڭ ئاقارغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. ھەممە كېلىشكەن ساقال ـ چاچنىڭ ئىنسانغا ھەيۋەت ۋە ھۆرمەت بېغىشلايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. رەسىمدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ساقال ـ بۇرۇتى ئۇيغۇرلارغا خاس شەكىلدە ھەمدە يۈز شەكلىگە ماسلاشتۇرۇپ، چىرايلىق ياسالغان ھالەتتە سىزىلغان. نەتىجىدە بۇ يەردە تەسۋىرلەنگەن ساقال-بۇرۇت، رەسىمدە كۆچلۈك ھەيۋەت، ئالاھىدە سالاپەت پەيدا قىلغان.

ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە، بۇ رەسىمنى سىزىشتا رېئالىستىك ئۇسۇلنى قوللاندىم. پۈتۈنلەي غەربنىڭ يورۇق ـ كۆلەڭگۈگە ئەھمىيەت بېرىپ، رەسىمنى ئابيۇملۇق چىقىرىشىغىمۇ بېرىلىپ كەتمەدىم. ياكى شەرقنىڭ سىزىقلارغا تايىنىپ، شەكىل يارىتىش ئۇسۇلىنىمۇ قوللانمىدىم. ئومۇمەن يون (ئارقا كۆرۈنۈش) نى قېنىقراق ئېلىپ، ئادەمنى (سەللە ـ تون ۋە يۈز قىسمىنى) يورۇق ئېلىپ، كونتىراسلىقنى كۈچەيتىپ، بۇنىڭ بىلەن رەسىمنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشتىم.

ئاخىرىدا شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشۈم لازىمكى، ئۆزۈم قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق نەزەرباغ يېزىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم. دادام مەرىپەتپەرۋەر ئۆلىمالاردىن بولۇپ، ۋاپات بولۇش ئالدىدا 3-نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئىدى. ئۆزۈممۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئوقۇپ بولۇپ، دىنى مەكتەپتە تۆت يىل ئوقۇغان ئىدىم. مەن كىچىكىمدىن باشلاپ، قەشقەر شەھىرىدىكى كاتتا ئۆلىمالارنىڭ كىتابخانىلىق قىلىدىغان پائالىيەتلىرىنى كۆپ قېتىم كۆرگەن ئىدىم. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، زاراخەتمە قاتارلىق سورۇنلاردا سانسىزلىغان ھەرخىل ئوبرازلارنى ئۇچرىتاتتىم. شۇنداق قىلىپ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كاللامغا تۇرلۇك تەبىقىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئوبراز تىپلىرى قاچىلانغانىدى. مەندە بار بولغان بۇخىل ئالاھىدىلىكمۇ مېنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوبرازىنى بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق يارىتىشىم ئۈچۈن پايدىلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولدى.

بۇ قېتىم يىغىن سەھنىسىگە ئېسىلغىنى يېقىندا قايتىدىن ئىشلىگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ باش قىسمى نۇقتىلىق كۆرسىتىلگەن ئۆلچەملىك پورترېتتىن ئىبارەت. مەن ئىشلىگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ پورترېتلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. يېقىندا بۇ ئىككى ئالىمنىڭ پورترېتى خەلقئارالىق مەشھۇر زاتلار قامۇسىغا كىرگۈزۈلدى. ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «سەنئەت» (ھازىرقى نافاسەت) ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىلى 5 ـ سانىنىڭ مۇقاۋىسىغا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پورترېتى، مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىغا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ پورترېتى رەڭلىك بېسىلدى. ھەمدە ئۆزبېك ئالىملىرىدىن تىلەب مەخمۇدوۋ، مۇھەممەد ھەمرايوفلار ژۇرنالنىڭ مۇشۇ سانىدا ئېلان قىلغان «تارىختا تەزىم» تېمىلىق ئوبزور ماقالىسىدا يۇقىرىدىكى ئىككى ئالىمنىڭ پورترېتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدىغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشتى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسىرى يەشمىسى ۋە بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى قاتارلىقلارغىمۇ، مەزكۇر پورترېت بېسىلدى ھەمدە بۇ رەسىم كۆپلىگەن رەسىملىك ژۇرنال ۋە توپلاملارغا بېسىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كەڭ ـ كۆلەمدە تارقىتىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پورترېتىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىسىدا يىغىن ئەھلىگە شۇنچىلىك دوكلات قىلىمەن. يىغىنغا قاتناشقان ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ۋە كەڭ ئاممىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ پورترېتىغا قارىتا پىكىر ـ تەكلىپلىرى بولسا، ئۇنى ئەستايىدىل ئاڭلايدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

1998 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى قەشقەر

# «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى

ئىمىن تۇرسۇن

تارىخى بەدىئىي ئەسەر ـــ «قۇتادغۇبىلىك»
دە گەۋدىلەنگەن ئۇسلۇب شائىر يۈسۈپ خاس ها-
جىپقا خاس ئۇسلۇبدۇر. شەخسنىڭ ئۇسلۇبى زا-
مان ـ ماكان ۋە مىللىي خاسلىقنى ئالدىنقى شەرت
قىلىدۇ. ھەرقانداق تارىخىي باسقۇچتا يارىتىلغان
ئەدەبىياتنىڭ ئۆز ئالدىغا مەلۇم ئەندىزىسى ياكى
ئۇسلۇبى بولغىنىدەك، ئىسلام دەۋرىگە كىرگەندىن
كېيىنكى خاقانىيە ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنىڭ بۇ
چاغقىچە مەلۇم بولۇپ بىرىنچىسى سانالغان «قۇ-
تادغۇبىلىك» نىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەندىزىسى ۋە
تەرزى بار. بۇ شائىرنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتى،
نۇقتىئىنەزەرى، بەدىئىي ماھارىتى، شەخسىي
(ئىندىۋىدۇئال) ئالاھىدىلىكىگە باغلىق ھالدا،
تاللىغان تېمىسى، ئىشلەتكەن ژانىرى، ئىپادىلە-
گەن ئۇسۇلى ۋە قوللانغان تىلى بىلەن گەۋدىلەن-
گەن.

«قۇتادغۇبىلىك» ئاغزاكى ۋە كلاسسىك ئەدە-
بىياتلىرىمىزنىڭ شېئىرىيەت بابىدا ئۇزاق تارىخقا
ۋە بەدىئىي ئەنئەنىگە ئىگە بولغان داستانچىلىقى-
مىزنىڭ بىر نەمۇنىسىدۇر. ئالدى بىلەن، بۇ ئە-
سەر داستان شەكلى سۈپىتىدە ئۆتمۈش شېئىرىيە-
تىمىزنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ
بەرگەن ئورىگىنال ئەسەردۇر. مۇئەللىپ ئۆز ئە-
سىرىدە، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇل ـ تەدبىر-
لىرىنى كۆرسىتىش ۋە مەركەزلەشكەن دۆلەتنى
مۇستەھكەملەشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قوي-
غانلىقى ئۈچۈن، داستان ماۋزۇ (تېما) جەھەتتىن-
مۇ ئورىگىنال ئەسەردۇر.

## 1. داستاننىڭ ماۋزۇسى

داستاندا پەلسەپىۋى قاراش، قانۇن ـ قائىدە،
ئەقىل ـ ئىدراك، بىلىم ـ ھۈنەر، ئەدەب ـ
ئەردەم ئەدەبىي ۋاسىتىلەر بىلەن بايان قىلىنىدۇ.
خاقانىيە دۆلىتىدە ئىسلام دىنى رەسمىي دۆلەت
دىنى بولغىنىغا تەخمىنەن 150 يىل ئۆتۈپ، ئەرەب
ـ ئەجەم ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى كىرىشكە
باشلىغان ئوردۇ كەنت (قەشقەر) دە، ئىسلامىيەت-
چە دۇنيا قاراشتىن ئىبارەت يېڭى ئىدېئولوگىيە
ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن شارائىتتا ئەسەر يازغان
شائىر يۈسۈپ ئۆز داستانىغا مىللىي ـ ئەنئەنىۋى
قاراشلارنى سىڭدۈرگەن. ئەسەردىكى ئىدېئولوگى-
يىلىك قاراشلار قەشقەر ۋەكىللىكىدىكى خاقانىيە
جەمئىيىتىگە خاس قاراشلاردۇر. ھەرقانداق خەلق-
نىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى قاراشلىرى بولىدۇ. بۇ
قاراشلار باشلانغۇچ مەدەنىيەتنىڭ دىنىدىن پەيدا
بولغان مەنتىقلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق
مەنتىق دىن، ئەخلاق، مۇناسىۋەت، قانۇن ـ ھو-
قۇق، سەنئەت، تىل، ئىقتىساد ۋە ئىلىم ـ پەن
تۈزۈلمىلىرىنى دىئالېكتىك سۇرەتتە بىر ـ بىرىگە
باغلايدىغان تۈگۈندۇر. قەدىمكى خەلقلەر ئەنئەن-
ۋى مەنتىقلىرىنى تەبىئەتتە دائىم ئۇچرايدىغان ئا-
ساسىي ماددىلار (يەنى 4 ماددا) غا مۇجەسسەملەن-
دۈرگەن. بەزى ئالىملار يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ
ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى مەنتىقىغە ئەمەل قىلىپ، ئۆز
ئەسىرىدە «تۆت ئۇنسۇر» نەزەرىيىسىگە تۆت غايە-
ۋى شەخسنى يارىتقان دەيدۇ. دەرۋەقە، داستاندى-
كى تۆت شەخستىن «كۈنتۇغدى» ـــ قانۇن ـ
قائىدە، ئادالەت ـ توغرا يولنىڭ سىمۋولى؛
«ئايتولدى» ـــ قۇت ـ سائادەت، دۆلەت ـ ئىق-
بالنىڭ سىمۋولى؛ «ئۆگدۈلمىش» ـــ ئەقىل ـ
پاراسەت ـ مەنتىقنىڭ سىمۋولى؛ «ئودغۇرمىش»
قانائەت ۋە ئاقىۋەتنىڭ سىمۋولى. بۇ تۆت شەخس-
نىڭ ئىسىملىرىمۇ ئۆزلىرى سىمۋول بولغان ھا-
دىسە ـ ھەرىكەتلەرگە مۇۋاپىق قويۇلغان. ئەلىگ
(پادىشاھ) «كۈنتۇغدى» ئۆزىنىڭ ئادالىتى بىلەن
ئەلنى يورۇتقۇچىدۇر. «ئايتولدى» ـــ «تولۇن
ئاي» كېچىنى كۈندۈزگە ئۆلىغۇچى ـــ بەخت ـ
سائادەتنى قوللىغۇچىدۇر. «ئۆگدۈلمىش» ـــ

«ئۆگە» (ئەقىل) سۆزىدىن تۇرلىنىپ، «ئەقىل ئىگىسى»، «ئەقىللىق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ۋە كىشىلەرگە ئەقىل ـ تاڭدىن خەۋەر بېرىدىغان، ئادالەت ـ سائادەتنى قوغدايدىغان تۇغما تالانت ئىگىسىدۇر. «ئودغۇرمىش» — «ئودۇغ» (ئويغاق)، «ئودغۇر» (ئويغانغان) سۆزىدىن تۇرلىنىپ، «ئويغىتىلغان» يەنى «ئۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆزلىگەن»، ھەر ئىشتا قانائەت ۋە مۆتىدىللىكنى مەقسەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئوبرازىدۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى «تۆت ئۇلۇغ ئۇل» ئۈستىگە قۇرغان:

بۇ تۆت نەڭ ئۇزە سۆزلەدىم مەن سۆزۈگ
ئوقىسا ئاچىلغاي يېتىگ قىل كۆزۈگ

شائىر تۆت شەخس توغرىسىدا داستاننىڭ 11 ـ بابىدا شۇنداق بايان قىلىدۇ:

بۇ كۈنتۇغدى ئەلىگ تەدىم سۆز باشى،
يۆرۈگىن ئايايىن ئاي ئەدگۈ كىشى.

باسا ئايدىم ئەمدى بۇ ئايتولدىنى،
ئانىڭدىن يارۇيۇر ئىدۇق قۇت كۈنى.

بۇ كۈنتۇغدى تەگلى تۆرۈ ئول كۈنى،
بۇ ئايتولدى تەگلى قۇت ئول كۆرئانى.

باسا ئايدىم ئەمدى كۆر ئۆگدۈلمىشىگ،
ئوقۇش ئاتى ئول بۇ بەدۇتۇر كىشىگ.

ئانىڭدا باسى بۇ ئودغۇرمىش ئول،
مۇنى عاقىبەت تەپ ئۆزۈم يورمىش ئول.

ئەسەردىكى تۆت شەخستىن ئالدىنقى ئىككى قەھرىماننىڭ ئىسىملىرىمۇ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، يەنى داستان ـ قىسسەلەردە ئومۇملاشقان ئىسىملاردۇر. بۇ ئاساسىي ئىككى تىمساللىق شەخس قەدىمكى ئېپىك ئەدەبىياتنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە، مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا كەڭ تارقالغان ۋە «تۈركىي خەلقلەرنىڭ بوۋىسى» ھېسابلانغان ئوغۇزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ناملىرىدىن ئېلىنغان. ئوغۇزخان ئەۋلادلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى ئاي خان، بىرىنىڭ كۈن خان ئىدى؛ ئوغۇزخاننىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ ئېتىمۇ ئاي خان ئىدى. بۇ رىۋايەتلىك نام كېيىنكى چاغلاردىمۇ خەلق داستانلىرىدا شەخس ناملىرى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كېلىنگەن. مەسىلەن، «يۇسۇپ ـ ئەخمەت» قىسسەسىدىمۇ قەھرىمانلارنىڭ ئاتلىرى كۈن خان ۋە ئاي خان دەپ ئېلىنغان. دېمەك، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى قەھرىمانلارنىڭ ئاتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ فولكلورىدىكى ئېستېتىك قاراشلاردىن تۇغۇلغان. شۇنداقلا، يەنە «ئالپ ئەرتوڭا» (ئەفراسىياب) ئوبرازى توغرىسىدىكى ئەجايىپ تەسۋىرلەر داستاننىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي ھاياتىغا ۋە ئېتنىك مەنبەلىرىگە باغلىق ئېپىك داستاننىڭ بەزى ئامىللىرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئىنسانىيەت «تۆت تەبىئەت» نىڭ تەڭلىشىپ تۇرۇشى ۋە بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى بىلەن راۋاج تاپقىنىدەك، دۆلەت، ھاكىمىيەت ۋە جەمئىيەتمۇ تۆت ئامىلدىن، يەنى قانۇن ـ تۈزۈم، سىياسەت ـ تەدبىر، ئەقىل ـ بىلىم، ۋە ئاپىيەت بىلەن راۋاج تاپىدۇ دېيىلگەن چۈشەنچە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىدۇر. شائىرنىڭ كۆز قارىشىچە، ئەقىل بىلەن بىلىم ھەقىقىي ئىنساننىڭ ئۆزىنى ۋە دۇنيانى ئىلگىدىغۇچى مۇھىم ئامىل. بىلىم ئىنسانغا ئەقىل ئۆگىتىدۇ، ئەقىل ئىنساننى توغرا يولغا باشلايدۇ. بىلىم بىلەن ئەل روناق تاپىدۇ، ئەقىل بىلەن ئەل يۈكسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، نادان بىلەن جاھىل بىرلەشسە ئەلنى نابۇت قىلىدۇ. نادانلىق جاھالەتنىڭ تايانچىسى، جاھىللىق رەزالەتنىڭ باشلامچىسى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە، «تۆت تەبىئەت» كە تەتبىق قىلىپ، شەخس ـ ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىگەن تۆت ئامىل ياكى شەرت گۈللىنىۋاتقان، بىرلىككە كەلگەن فېئوداللىق خاقانىيە ھاكىمىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلىپ شەرھلەنگەن. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ غا ـ يىلىسى ئادالەت ۋە ھەقىقەت؛ ئادالەت ۋە ھەقىقەتكە ئەمەل قىلىشتىن مەقسەت — ئەلگە قۇت ـ سائادەت بېغىشلاش. شۇڭا، ئەسەردە باشتىن ـ ئاخىرغىچە بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن

قانۇن ـ تۆرۈ ۋە ئەقىل ھەم بىلىم دۆلەتنىڭ ئۇلى
ـ ئىگىزى سۈپىتىدە ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى تەمىن
قىلغۇچى ۋاستىلەردۇر. مەسىلەن:

بۇ بەگلىك ئۇلى كۆر كۆڭلىك تۇرۇر،
كۆنى بولسا بەگلەر تىرىكلىك بولۇر.

كۆڭلىك ئۇزە بولدى بەگلىك ئۇلى،
بۇ بەگلىك كۆكى ئول كۆڭلىك يولى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خانلىقنى روناق تاپ-
قۇزۇشتا، مۇستەھكەملەشتە ۋە ئەلگە پاراۋانلىق
يارىتىشتا زۆرۈر بولغان «تۆرۈ» بىلەن ئىپادىلەن-
گەن ئادالەت غايىسى ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋى لىنىيە-
سى سۈپىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇلغان. مەيلى ئەلىگ
كۈنتۇغدىنىڭ ئاقىل ـ ئۆگدۈلمىشكە بەرگەن جا-
ۋابلىرىدىن بولسۇن، ياكى ئۆگدۈلمىشنىڭ كۈن-
تۇغدىغا بەرگەن مەسلىھەتلىرىدە بولسۇن ۋە ياكى
كۈنتۇغدى بىلەن ئايتولدىنىڭ سۆھبەت ـ مۇناز-
ىرلىرىدە بولسۇن، ھەر باب ۋە ھەر ماۋزۇدا «تۆ-
رۈ»، «ئادالەت» تەكىتلەنگەن:

بۇ كۆك تىرگۈكى ئول كۆڭلىك تۆرۈ
تۆرۈ ئارتاسا كۆك تۇرۇماس ئۆرۈ...

نە ئەدگۈ تۇرۇر كۆر بۇ ئەدگۈ تۆرۈ
تۆرۈ بىرلە بەگلىك تۇرۇر ئول ئۆرۈ

«قۇتادغۇبىلىك» تە ئالغا سۈرۈلگەن پىكىر-
لەردىن يەنە بىرى شۇكى، ئاقىل (ئۆگدۈلمىش)
نىڭ ئادالەت (كۈنتۇغدى) غا بەرگەن مەسلىھەتلە-
ىرى شائىرنىڭ تۈپ ئىدىيىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر-
راق يېشىپ بېرىش بىلەن بىللە، شۇ زاماندىكى
خاقانىيە (كونكرېتراق ئېيتقاندا كاشغەرىيە) جەم-
ئىيىتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ
مۇھىم. شۇ زاماندىكى كاشغەرىيە جەمئىيىتىنىڭ
ھەممە تەبىقىلىرى ئەسەردە تولۇق بايان قىلىنغان.

بەزى تەتقىقاتچىلار «قۇتادغۇبىلىك» نى قۇ-
رۇلما جەھەتتىن، ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ «دا-
نىشنامە» سىگە سېلىشتۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھا-
جىپنى ئۆزىدىن 32 — 33 يىل ئىلگىرى ئۆت-
كەن ئىبنى سىنانىڭ شاگىرتى دەپ پەرەز قىلىشى-
دۇ؛ يەنى «دانىشنامە» دە ئالغا سۈرۈلگەن ئىدى-
يەۋى ئاساسلار بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تە تەرىپ-
لەنگەن «ياخشىلىق» بىلەن «يامانلىق» توغرىسى-
دىكى چۈشەنچىلەر ئارىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق بار
دەپ قارايدۇ ـ دە، ئىبنى سىنانىڭ مۇنۇ مۇھاكى-
مىسىنى پاكىت قىلىدۇ. ئىبنى سىنانىڭ دېيىشى-
چە: «يامانلىق ياخشىلىقنىڭ مۇتلەق زىددى ئە-
مەس، بەلكى بىر ئۆتكۈنچى (كەزگۈچى) تەسىرى
بولغان ۋە ئۆزىنىڭ ئىلىكىدىشى ھەم ئىدارە قىلىشى
ئارقىلىق ياخشىلىقنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە يار
بولىدىغان نۇقساندۇر!»

«قۇتادغۇبىلىك» دە، دۇنيادا «ئەزگۈ»
(ياخشى) بىلەن «ئەسىز» (يامان) دىن ئىبارەت
ئىككى خىل «ئات» بارلىقى، «يامانلىق» (ئە-
سىزلىك) بولسا، كۆيدۈرىدىغان «ئوت» ئىكەنلى-
كى، «ئەزگۈ» ئاتالغانلار ئالقىشلىنىدىغانلىقى،
«ئەسىز» ئاتالغانلار قارغىش ئالىدىغانلىقى، «يا-
مانلىق» نىڭ مەنبەيى جاھالەت ـ بىلىمسىزلىك
ئىكەنلىكى شەرھلەنگەن.

«دانىشنامە» بويىچە، «يامانلىق» بەزىدە كې-
سەللىك، بەزىدە ئىپلاسلىق (لەۋس)، بەزىدە
دەرد (زەھەر) سۈرىتىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ چۈشەن-
چىگە ئاساسەن، «ئالىم» (بىلگۈچى)، «سالىم»
(ساغ) ۋە «سالىھ» (ياخشى ئىشلار قىلغۇچى)
مەفھۇمىغا «جاھىل»، «خەستە»، «شەرىر» (يا-
مان) قارىمۇ قارشى قويۇلىدۇ؛ تەلىم ساھەسىدە
جاھىللار ئالىم بولىدۇ، داۋالاش يولى بىلەن خەس-
تىلەر ساقىيىدۇ، تەربىيە بىلەن يامانلار تۈزۈلى-
دۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى تەبىر بويىچە، ھەممە
ياخشىلىق ئەقىلدىن كېلىدۇ، كىشى بىلىم بىلەن
يۈكسىلىدۇ، كىشىلەر «ئەقىل» ۋە «بىلىم» بى-
لەن توغرا يولنى تاپىدۇ.

ئوقۇشلىتىن كەلۇر كۆر قامۇغ ئەدگۈلۈك،
بىلىكىن بەدۇر ئەر بولۇر بەلگۈلۈك

بۇ ئىككى بىلە بولدى يالڭۇق ئۇلۇغ
بۇ ئىلكىن ئوڭارۇر كۆڭلىك يولۇغ

ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ تەسنىپى بويىچە،
ھەربىر جەمئىيەت «ئۇمەرا» (ئەمىرلەر، يەنى

بەگلەر) ، «رەنجبەر» (ئەمگەكچىلەر) ۋە «مۇدەففىئ» (قوغدىغۇچىلار) دىن تەركىب تاپقان ئۈچ ئاساسىي قىسىمغا ئايرىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا جەمئىيەت «بەگلەر» (ھۆكۈمرانلار) ، «تاپۇغچىلار» (خىزمەتچىلەر، يەنى ئوتتۇرا سىنىپ) ۋە «بودۇن» (خەلق) دىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن دەپ تەرىپلەيدۇ. يەنى ئىقتىسادىي ئەھۋالى نۇقتىسىدىن، بايلار ئوتتۇرا تەبىقە (ئوردۇ - قوشۇن ۋە مەمۇرلەر) ، يۇقرالار نەزەردە تۇتۇلغان. بەزى تەتقىقاتچىلار مۇشۇ جەھەتلەرگە قاراپ، «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىبنى سىنا شەرھلىگەن ئارىستوتېل پەلسەپىسىگە ياندىشىپ يېزىلغان «سىياسەتنامە» (دۆلەتنى ئىدارە قىلىش كىتابى) دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان.[①]

بىر زامانغا مەنسۇپ بولغان بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىمۇ بەزى ئوخشاشلىقلار بارلىقى مەلۇم. مەسىلەن، قۇرۇلما - شەكىل جەھەتتە، ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىدە مەسىلە قويۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز ئەسىرىدە سوئال - جاۋاب ئۇسۇلىنى تەتبىق قىلغان.

لېكىن، بىرى باغدادتا، بىرى قەشقەردە ياشىغان بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ ئىدىيە ۋە ئۇسلۇب جەھەتلىرىدە بەزى ئوخشاشلىقلارنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. شۇ نەرسە ئېنىقكى، «قۇتادغۇبىلىك» ھېچقاچان «دانىشنامە» نىڭ تۈركىي تىلدىكى نۇسخىسى ئەمەس. بۇ ئىككى ئەسەر مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلىرىدە بىر - بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ.

## 2. داستاننىڭ شەكىل ۋە قۇرۇلمىسى

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەدىئىي شەكىل ھەققىدە تۈركولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى ھەرخىل تەبىر - پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ھازىرغىچە بۇ داستاننى مەسنەۋى تەرزىدە يېزىلغان «تەلىمىي (دىداكتىك) ئەسەر» دېگەن چۈشەنچىنى قوبۇل كۆرۈپ كەلمەكتىمىز. دەرۋەقە، داستان مەزمۇن جەھەتتىن ۋەز - نەسىھەت، ئەقىل - ئۆگۈت، قائىدە - يوسۇن سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈن «تەلىمىي ئەسەر» دېيىلىشى تەبىئىي.

قەدىمكى شېئىرىيىتىمىزدىمۇ تەلىمىي ئەسەرلەر خېلى كۆپ. بۇنداق ئەسەرلەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كەلتۈرۈلگەن شېئىرىي مىساللاردىن ۋە «تۇرپان تېكىستلىرى» دەپ ئاتالغان ماتېرىياللار تەركىبىدىكى شېئىر - قوشاق، ماقال - تەمسىللەردىنمۇ مەلۇم. بۇنداق شېئىرى ئەسەرلەردىن خەلقنىڭ تۇرمۇشقا قارىشى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، ياشاش ۋاستىلىرى، تۇرمۇشتا يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدىغان دەستۇرلەر ۋە ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچەملىرى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. دېمەك، «تەلىمىي شېئىرلار» ئۇزاق زامانلىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتنىڭ بىر تۈرىدۇر.

ئەدەبىياتشۇناسلار كۆرسەتكىنىدەك، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى قەۋم - قەبىلە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تونۇلغان ئەرەب ئەدەبىياتى، ساسانىلار دەۋرىدىكى ئەجەم - ئىران ئەدەبىياتى، كۆك تۈرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر زامانىدىكى تۈركىي ئەدەبىيات بىر - بىرىدىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنەتتى. ئەرەبلەر ئىسلام ۋاستىسى بىلەن ئىران - خوراسانغا كېلىپ، يۈز يىللاردىن كېيىن، ئىسلام ئەجەم ئەدەبىياتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي ئەدەبىيات ئۆز تارىخىي ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىۋاتاتتى. غەربىي تۈركىي خەلقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ خېلى ۋاقىتقىچە، ئەرەب - ئەجەم ئەدەبىياتىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۆز مىللىي ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغانىدى. پەقەت ئەرەب - ئەجەملەرنىڭ ئورتاق مەھسۇلى بولغان كلاسسىك ئىسلام ئەدەبىياتى شەكىللەنگەندىن كېيىنلا، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا، ۋە-

① م. ف. كۆپرۈلۈزادەنىڭ «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى» دىكى نەقىلگە ئاساسەن ئوتتۇ ئالىبىر ئەسەرى:
Der Dichter ... das Kutadgu Bilig ... ein Schuler des Avicenna

زىن، ئەدەبىي شەكىل ۋە ژانىرلار جەھەتتىن،
شۇنىڭدەك ھاياتقا ۋە دۇنياغا قاراش، گۈزەللىك
تۇيغۇلىرى تۇرغۇسىدىن ئىسلامىي ئەرەب ـ ئەجەم
ئورتاق ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرلىرى كۆرۈنۈشكە باش-
لىدى. لېكىن خاقانىيە تەۋەسىدە، يەنىلا تۈركىي-
ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.
شەرقىي تۈركىي خەلقلەردە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە
ئۇنىڭ قوشۇلمىسىدىكى باسمىل، ياغمىلاردا بول-
سا، يەنىلا تارىخىي ـ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات ئۆز
يولىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتاتتى.

ئەرەب شەرقىدە ئىسلامنى ئەڭ بۇرۇن قوبۇل
قىلغان شەرق خەلقلىرىدىن ئىرانلىقلار ئەدەبىيات
ساھەسىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى شېئىرىي شە-
كىللىرىدىن رۇبائىي ۋە مەسنەۋىدىن تاشقىرى،
ئەرەب ئەدەبىياتىدىن غەزەل، قەسىدە، مۇسەممات
دېگەندەك نەزم شەكىللىرىنى قوبۇل قىلغان. شۇ-
نىڭ بىلەن بىللە، ئەرەب شېئىرىيىتىگە تەقلىد
قىلىنغان قەسىدە، مۇسەمماتلار قاتارىدا ئەجەم
مىللىي ئەنئەنىۋى شېئىرىي شەكىللىرىدىن داس-
تان- نامەلەرمۇ كۆپ راۋاجلانغانىدى.

ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ ئورتاق تەبىرىچە،
مەسنەۋى ھەر بېيىتى ئۆز ئالدىغا قاپىيىداش بول-
غان نەزم شەكلىدۇر. بۇ ئۇسلۇبتا ئۇزۇن چۇشۇ-
نۇكلەر ياكى ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىشتا شائىر
ئەركىنرەك ۋە ئازادىرەك قەلەم يۈرگۈزىدۇ. مەس-
نەۋى ئەسلىدە ئەجەملەرنىڭ كونا نەزم شەكلى؛
ئەرەبلەر بۇ شەكىلنى ئەجەملەردىن قوبۇل قىلىپ،
ئۇنىڭغا «مۇزدەۋىجە» دەپ نام بەرگەن. (مۇزدە ـ
ۋىج ــ جۈپلەنگەن، جۈپلۈك، قوشماق مەنىلە-
رىنى بىلدۈرىدۇ). ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ تەتقىقا-
تىچە، مەسنەۋى ھازىرغا قەدەر يەتتە خىل ۋەزىندە
يېزىلىپ كەلگەن. مەسنەۋى شەكلى ۋە «تەقا-
رۇپ» بەھرىدە يېزىلغان ئەجەم مىللىي قىسسىلە-
رى ئىسلامىي ئىران ئەدەبىياتىدىن ئىلگىرى مەۋ-
جۇت ئىدى. لېكىن ئۇ زامانلاردا تۈركىي ئەدەبى-
ياتتا ئەجەم تىلىدىن ئەسەرلەر كۆپ تەرجىمە قى-
لىنغىنى مەلۇم ئەمەس.

«قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلغان بەزى ئا-
لىملار بۇ ئەسەردە قەدىمكى خەلق ئەدەبىياتى ئەنئە-
نىسىدىن كەلگەن «مىللىي ئامىل» ۋە كلاسسىك
ئىران شېئىرىيىتىدىن كىرگەن «چەت ئامىل» بار

دەپ قارايدۇ. ۋەھالەنكى، ۋەزىن ھەم نەزم شەك-
لى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئىران ئەدەبىيا-
تى ۋە ئىرانچە داستان ـ نامە ئەنئەنىلىرى خاقانى-
يىنىڭ شەرقىي ئۆلكىلىرىگە كەڭ يېيىلمىغان؛
ھەتتا خاقانىيىنىڭ ئىران ـ خوراسانغا تۇتاش بول-
غان غەربىي ئۆلكىلىرىدىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارت-
مىغانىدى.

بۇ داستاننى شائىر مىللىي ئەنئەنىۋى بوغۇم
(بارماق) ۋەزنىنىڭ (خەلق قوشاق ـ بېيىتلىرى-
دىن يۈكسىلىپ يېزىق ئەدەبىياتىدا مەلۇم سىستې-
مىغا سېلىنغان ۋەزنىنىڭ) 11 لىك تەرزىدە
(ئالتە + بەش)، ئارۇز تەپئىلى بىلەن ئېيتقاندا
«فەئۇلۇن ـ فەئۇلۇن ـ فەئۇلۇن ـ فەئۇل» بەھ-
رىدە يازغان. شەكىل جەھەتتىن، «قۇتادغۇبى-
لىك» تە قەدىمكى خەلق ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىن
قالغان بىر خۇسۇسىيەت شۇكى، ئەجەم مەسنەۋى-
لىرىدە ئادەت بولمىغان ياكى يول قويۇلمايدىغان
بىر شەكىل، يەنى مەسنەۋى تەرزى ئارىسىدا تۆت-
لۈك ـ مۇرەببە ياكى «قىتئە» لەرنى قىستۇرۇش
شەكلى بىلەن يېزىلغان. دېمەك، داستاننىڭ مەس-
نەۋى تەرزىدە يېزىلىشىدا، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ
قوشاق ـ بېيىت، قەسىدە ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى
چوڭ بولغان دەپ پەرەز قىلىمىز. داستاننىڭ ۋە-
زىنىنى «ئارۇز» بويىچە «مۇتەقارىب» («ئەپ-
لىك»، «ئاسان» مەنىسىدە) بەھرىگە توغرا كې-
لىدۇ دېگەن پىكىر ئومۇملىشىپ قالدى. «ئارۇز»
ۋەزنىمۇ خەلق ئېغىز شېئىرىيىتىدىن كېلىپ
چىققان ئەندىزىلىك شېئىر ۋەزنىدۇر. يۈسۈپ
خاس ھاجىپتىن ئىلگىرىمۇ نامەلۇم شائىرلار مۇ-
شۇنداق ئەندىزىلىك شېئىر ۋەزنىدە نۇرغۇن شې-
ئىر ـ داستانلار يازغانلىقى مەلۇم. «تۈركىي تىل-
لار دىۋانى» دا قەيت قىلىنغان 242 كۇپلېت ـ
بېيىت شېئىرىي مىساللاردىن 69 بېيىت «ئارۇز»
ۋەزنىنىڭ «بەھرى تەۋىل» تۈرىگە كىرىدىغان بە-
سىت، رەجەز، رەمەل، ھەزەج بەھرىلىرى ۋە
«بەھر قەسىر» تۈرىگە كىرىدىغان مۇزارىئ، مۇتە-
قارىب، مۇقتەزەب قاتارلىق بەھرىلەرنىڭ ئۆلچى-
مىگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن بۇ شېئىرىي مىساللار
ئاساسەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى ئى-
جاد قىلىنغان «تۈركىي شېئىرىيەت» نىڭ نەمۇنى-
لىرىدۇر.

## 3. داستانىنىڭ تىلى

«قۇتادغۇبىلىك» خاقانىيە تىلىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسىدۇر. ئۇ ھېچقاچان «تارقاق قەبىلىلەر تىللىرىدىكى مەۋجۇت پاكىتلارنى، قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى» بىردىنلا ئۆزىدە بىرلەشتۈرۈپ قويغان قېتىش ـ قوياش ئەسەر ئەمەس. مۇئەللىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر پۈتۈن يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىگە، فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گراممatikىلىق قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان ۋە بىرلىككە كەلگەن ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ھالدا يارانقان ئورىگىنال ئەسەردۇر.

«خاقانىيە تىلى» بەزى ئەسەرلەردە «قەشقەر تىلى» ياكى «قەشقەر تۈركچىسى» ھەتتا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بېشىدا يېزىلغان كىرىش سۆزدە «بۇغراخان تىلى» دەپ ئاتالدى. بۇ تىل «شەرق تۈركچىسى» دە سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنىڭ ئومۇمىي ـ ئەدەبىي تىلى ئىدى. «شەرق تۈركچىسى» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشىدۇر. بۇ ئەدەبىي تىل «خاقانىيە تىلى» ۋە «قوچۇ ئىدىقۇت تىلى» دەپ ئىككى چوڭ شېۋىگە بۆلۈنگەنىدى. لېكىن بۇ شېۋىلەردە ھەر جەھەتتىن ئورتاقلىق ـ مەنبەداشلىق ۋە ئوخشاشلىق بولغاچقا، بۇ شېۋىلەر بىر پۈتۈن يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىككى قانىتى ھېسابلىناتتى. ①

ئادەتتە مەلۇم بولۇشىچە، بىرەر تىل مۇستەھكەم تارىخىي ۋە مەدەنىي ئاساسقا ئىگە بولسا، ئۇزاق زامانلىق ئەنئەنىسى بولسا، ئاندىن ئۇ تىل كەڭ كۆلەملىك، خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي فۇنكسىيىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالالايدۇ. شۇنىڭدەك بىرەر تىلنىڭ دۇنياۋى تىللار قاتارىغا ئۆتەلىشى مەزكۇر تىلنىڭ تاكامۇللۇقى ۋە ئىناۋىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك؛ شۇنداقلا ئەنە شۇ تىلنى ئىشلەتكۈچى خەلق ۋە ئەلنىڭ خەلقئارا ئورنىغىمۇ باغلىق. «خاقانىيە تىلى» ۋە «قوچۇ ئىدىقۇت تىلى» دىن تەركىب تاپقان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلى غەربتە خارەزمغىچە، شەرقتە قۇلان تېغىغىچە بولغان كەڭ زونىدا، ئەلەت ـ مىللەتلەر ئارا ئورتاق ئالاقە قورالى رولىنى ئوينىغان تىل ئىدى. چۈنكى، «قۇتادغۇبىلىك» تە قوللىنىلغان «خاقانىيە تىلى» قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا، باي ۋە تەرەققىي قىلغان تىل ئىدى: لېكسىكىسىنىڭ باي ۋە مەنىلىرىنىڭ ئېنىق ھەم جانلىق، گراممatikىكا قائىدىلىرىنىڭ پۇختا، ئىستىلىستىكا ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىپادىچان ۋە يەڭگىل بولۇشى، مورفولوگىيە ۋە فونېتىكا قائىدىلىرىنىڭ ئىمكانقەدەر نورمال ۋە بىردەك بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تىلنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئىبارەت ئورتاق يېزىقى بولغانلىقى مەزكۇر تىلنىڭ «قاراخانىيلار» تەۋەسىدە كەڭ قوللىنىلغان ئورتاق ئەدەبىي تىللىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنىدى.

شېئىرىيەتتە «خاقانىيە» ۋە «قوچۇ ئىدىقۇت» تىللىرى بويىچە خاس مەكتەپ شەكىللەنگەن، شۇنداقلا، ئىران ـ خوراساندا ئەنئەنىۋى قەسىدە ـ نامەلەر ئاساسىدا راۋاجلانغان ئەجەم شېئىرىيىتىنىڭ تەسىرى شەرققە ـــ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشكە باشلىغان شارائىتتا، شائىر يۈسۈپ «خاقانىيە تىلى» نىڭ پاساھىتى ۋە بالاغىتىنى نامايىش قىلىپ ۋە ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىي ـ ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت ئىقتىدارىنى ھەم ئوبراز يارىتىش سەنئىتىنى نامايەن قىلىپ، ئالەمشۇمۇل داستان ـــ «قۇتادغۇبىلىك» نى يارانقان. شائىرنىڭ ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا:

بۇ مەشرىق ئەلىندە قاموغ تۈركۈچىن
مۇنى تەگ كىتاب يوق ئاژۇندا ئادىن

ئەرەبچە تەژىكچە كىتابلار ئۈكۈش
بىزىڭ تىلىمىزچە بۇيۇمغى ئوقۇش

بۇ بۇغراخان ۋەقتى ئىچرە ئانى
يەمە خان تىلىنچە بۇ ئايمىش مۇنى

① بۇ ھەقتە ماقالە مۇئەللىپىنىڭ «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ تىلى» دېگەن ماقالىسىگە قارالغاي. «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1993 ـ يىلى 4 ـ سان.

بۇ تۈركچە قۇشۇغلار تۈزەتتىم ساڭا
ئوقىردا ئۇنتما دۇئا قىل ماڭا

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا، خەلق
ماقال ـ تەمسىللىرىدىن، ھېكمەتلىك سۆزلەر ـ
ئافورىزمدىن كەڭ پايدىلىنىش بىلەن بىللە، ئۆزد-
مۇ نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ماقال ـ
تەمسىل خاراكتېرىنى ئالغان چوڭقۇر مەنىلىك ئى-
بارىلەرنى ياراتقان. مانا مۇشۇ جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە
خاس ئۇسلۇب ياراتقان شائىر ئۆزى بىلەن زاماد-
داش بولغان باشقا داستان ـ نامە ياراتقۇچى كلاس-
سىك شائىرلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. شۇڭا،
شائىر مۇنداق تەكىتلەيدۇ:

قاموغ بارچا سىڭا بۆگۈلەر سۆزى
تىزىپ يىنچۈلەيۇ قاموغ تۈپ تۈزى

تىلشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، قەدىم-
كىنى سۆيۈش، قەدىمكى ھېكمەتلىك سۆزلەرگە
باي بولۇش شىمالىي ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا-
نىڭ كۆچمەن خەلقلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر خۇسۇسى-
يىتى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى بۇنداق سۆزلەر ئۇ-
رۇغ ـ بوي خاتىرە ناملىرى تەرزىدە، قانۇن،
ئۆرپ ـ ئادەت يوسۇنلىرى تەرزىدە، قېرىلار ئاغ-
زىدا خاسىيەتلىك سانىلىپ ساقلىنىپ قالغان.
«قۇتادغۇبىلىك» تىن بۇنىڭغا نۇرغۇن مىسال تې-
پىلىدۇ.

ھەزرىتى يۈسۈپ بۇ داستانى بىلەن خۇددى
بەزى تىلشۇناسلار تەرىپلىگىنىدەك، XI ئەسىردە
ئەرەب تىلىنىڭ بالاغىتى ۋە پارس تىلىنىڭ نۇكتە-
پەردازلىقى ئالدىدا، «خاقانىيە تىلى» نىڭ ئالاھى-
دىلىكى ۋە قۇدرىتىنى نامايان قىلغان.

كېزى كەلگەندە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە
توغرا كېلىدۇ: «قۇتادغۇبىلىك» ئۇسلۇب جەھەت-
تىن ئورگىنال ئەسەر ئىكەنلىكىنى تەتقىقاتچىلار-
نىڭ كۆپچىلىكى ئېتىراپ قىلىدۇ. دەرۋەقە،
«قۇتادغۇبىلىك» يېزىلىشتىن ئىلگىرى مۇشۇ تې-
ما، مۇشۇ شەكىل ۋە مۇشۇ ئۇسلۇبتا يېزىلغان
تەقلىد قىلغۇدەك مۇشۇنداق بىر ئەسەر تېخى شۇ
ئەسىردە دۇنياغا كەلگىنى يوق ئىدى. ھىجرىيە 400 ـ
يىلىدا ئىران شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى
«شاھنامە» نىڭ تۈزىتىلگەن ۋە ئۆزگەرتىلگەن
ئىككىنچى نۇسخىسىنى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىگە
ئارمىغان قىلغانىدى. ئەمما، فىردەۋسى بۇ تېمى-
نى ئۆزى ئىجاد قىلغان ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ
قوللانغان مەسنەۋى تەرزى ۋە داستان ئۇسلۇبى
ئىراننىڭ قەدىمكى ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىدىن ئېلىن-
غان،[1] «شاھنامە» XI ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيا-
دا ئانچە كەڭ تارقالمىغانىدى. چۈنكى پارس تىلىدا
يېزىلغىنى ۋە تۇران ـ ئىران ماجىرالىرىنى تېما
قىلىش بىلەن بىللە، تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا
ئۇلۇغ قەھرىمان دەپ ھۆرمەت بىلەن ئەسلىنىد-
غان ئالىپ ئەرتوڭا «ئەفراسىياب» دېگەن نام بىلەن
سەلبىي ئوبراز تەرىقىسىدە «جەڭ ـ جېدەل» نىڭ
مەنبەسى قىلىپ تەسۋىرلەنگىنى، بۇنىڭدىنمۇ مۇ-
ھىمراقى، مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئوردا ساراي تىلى
«تۈركىي تىل» بولۇشى ۋە مەزكۇر سۇلتان تۈر-
كىي تىللىق خەلقلەرگە تېخى يات بولغان ئۇنداق
ئەنئەنىلەرگە قاتتىق دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان-
لىقى ئۈچۈن «شاھنامە» نىڭ بۇ نۇسخىسى غەزنە-
ۋى ئوردىسىدىن تاشقىرىسىغا، بولۇپمۇ تۈركىي
خەلقلەرنىڭ ئارىسىغا كەڭ تارقىلالمىغانىدى.

* * *

بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ مەنبەلەر ئاساسىدا با-
يان قىلىشىچە، فىردەۋسى «شاھنامە» نى يېزىش-
تا، ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ نۇس-
خىلىرىدىن كەڭ پايدىلانغان. مەلۇمكى، ئىران ـ
ساسانىيلار سۇلالىسى ئىسلام تارقىلىپ خېلى زا-
مانلارغىچە ئىران ئەدەبىي ئەنئەنىسىنى ساقلاشقا ۋە
مىللىي ئاڭ ـ تۇيغۇنى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىشقا
ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۆزىنى نەسەب جە-

[1] قاراڭ: م. ف. كۆپرۈلۈزادە «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى». ئىستانبۇل. 1981. ئۆتۈكەن نەشرى.

ھەتتىن ئىراننىڭ قەدىمكى ئەپسانىۋى پادىشاھى
«مىنۇ چىھرى» گە باغلىنغان ئەبۇ مەنسۇر ئىبنى
ئابدۇرەززاق تۇسىينىڭ ئەمرى بويىچە، ئەبۇل مۇ-
ئەييىدى بەلخى بىر شاھنامەنى ۋۇجۇدقا كەلتۇر-
گەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سامانىيلارنىڭ يەنە بىر
ھۆكۈمدارى نۇھ ئىبنى مەنسۇرنىڭ بۇيرۇقى بويى-
چە، ئىران ۋە ماۋەرائۇننەھردە تارقالغان ئىككىن-
چى بىرخىل شاھنامەنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە تى-
رىشقان دەقىقى «گۇشتەسىبنامە» نى يېزىپ چىق-
قان. شۇ ئاردا فىردەۋسى «گۇشتەسىبنامە» گە
تەقلىد قىلىپ، دەقىقى باشلىغان چوڭ ئىشنى ـــ
ئەجەم داستانىنى يېزىپ تاماملاشقا مۇۋەپپەق بول-
غان. ئەسلىدە فىردەۋسى ئىران مىللىي ئەنئەنى-
سىگە ئىنتايىن ھېرىس بولغىنى ئۈچۈن، ئەبۇ
مەنسۇر ئىبنى ئابدۇرەززاق نامىغا مەنسۇرۇل ـ
مۇئەممەرى تەرىپىدىن ھىجرىيە 346 ـ يىلى يې-
زىلغان نەسرىي شاھنامەنى نەزم ھالغا كەلتۈرۈش-
كە كىرىشكەن، كۆپ يىللار تىرىشىپ، ئاخىر
ھىجرىيە 389 ـ يىلى «شاھنامە» نىڭ بىرىنچى
نۇسخىسىنى يېزىپ تۈگىتىپ، ئەھمەد ئىبنى مۇ-
ھەممەد ئەبى بەكرخان ـــ لىنجانىيغا تەقدىم قىل-
غان. دېمەك، فىردەۋسى ئۆرنەك قىلىدىغان مەش-
ھۇر داستان ـ نامەلەر ساسانىيلار ۋە سامانىيلار
زامانلىرىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى. لېكىن بۇ ھال،
ئۇلۇغ نېمىس شائىرى گيوتېنىڭ: «فىردەۋسى ئى-
راننىڭ ئەپسانىۋى ۋە تارىخىي ئۆتمۈشىنى يازغاچ،
كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئومۇمىي گەپ ۋە بەزى تەقى-
قاتلاردىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى» دەپ بەرگەن
باھاسى بويىچە، فىردەۋسىنىڭ جاھانشۇمۇل ئە-
دىبلىك سىماسىغا ھېچقاچان تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

ئەمما، فىردەۋسى ئىران ـ تۇران ئەپسانە ـ
رىۋايەتلىرىنى ئوبدان بىلگىنىدەك، يۇسۇپ خاس
ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ مىللىي ـ تارىخىي قىسسە ـ
رىۋايەتلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىش بىلەن بىللە،
ئەرەب ـ ئەجەم ئەپسانە ـ ئەساتىرلىرىدىنمۇ ياخشى
خەۋەردار ئىدى. ئەجەم ئەپسانىلىرىدىكى «زەھ-
ھاك» ، «فەرىدۇن» ، «نۇشىرۋان» قاتارلىق
ئەنئەنىۋى شەخسلەرنى، ئەرەب رىۋايەتلىرىدىكى
«لوقمان» كەبى ھەكىم ئوبرازلىرىنى ئەرەب ـ
ئەجەم ئەدەبىي ئەنئەنىلىرىنى تەتقىق قىلىش نەتى-
جىسىدە پىششىق بىلگەن. شۇڭا، ئەسىرىدە
تەمسىل قىلغان:

سۆكۈشلۈگ ئەلۈك بولدى زەھھاك ئوتۇن،
ئەلۈك ئۆلدى بولدى فەرىدۇن قۇتۇن. . .

مۇڭار پۈتمەسە كۆر بۇ نۇشىن رەۋان،
ئوقۇش كۆزى بىرلە يارۇتتى جەھان.

سەۋىنچىن ئاۋىنچىن كۇۋەنچىن ئەلى،
ئاشا سۇ ياشا سۇنى لوقمان يىلى.

خۇلاسە: ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ شاھانە
داستانى ـــ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئەقىل ـ ھېك-
مەت، پەلسەپە ـ ئىجتىمائىيەت دەرسلىكى دېيىش-
كىمۇ بولىدۇ. شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم
ـــ خاقانىيە تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلىشتا بۇ
داستان قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر. بۇ داستان مەس-
نەۋى تەرزىگە خەلق ئەدەبىياتىدىكى قوشاق، قە-
سىدە ئەنئەنىسىنى سىڭدۈرۈپ، يېڭىچە ئۇسلۇب
بويىچە يېزىلغان، بۇ ئۇسلۇب شائىر يۈسۈپكە
خاسدۇر. شائىرنىڭ مەقسىتى ۋە غايىسى ئېتىبا-
رى بىلەن «ئەخلاقىي ـ پەلسەپىۋى» دىداكتىك
(تەلىمىي) داستان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي
ھادىسىلەر، تەبىئىي مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەشتە،
خەلق ئەدەبىياتىدىكى ھېسسىياتچانلىق خۇسۇسى-
يەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشتە، X ، XI ئەسىردىكى
ئىران داستان ـ نامەلىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىن-
دىۋىدۇئال ۋە رېئالىستىك تەسۋىرلىرىگە مۇۋاپىق
لىرىكىلىق داستاندۇر. مانا شۇ ئۆزگىچىلىكلىرى-
گە ئاساسەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ-
بىلىك» داستانى ئۆز ئالدىغا شەرقچە داستانچىلىق-
نىڭ يېڭى تىپىدۇر!

1998 ـ يىلى ئىيۇل.

# ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى توغرىسىدا

ئابدۇكېرەم يۈسۈپ

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئېلىمىزنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئاپتونومىيە قانۇنى» دېيىلىدۇ.) بولسا ئېلىمىزنىڭ «ئاساسىي قانۇن» دىنلا كېيىن تۇرىدىغان بىر تۈپ قانۇن بولۇپ، ئۇ ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخى ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەلىيەتتىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكنى تۈگىتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قانۇنى كاپالىيىتى. ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە پائال رول ئوينىدى. لېكىن ئۇ يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇۋاتقان مەزگىلدە تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر بولۇپمۇ، ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا دائىر بەلگىلىمىلەر پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى پرىنسىپىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئاساسەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

نۆۋەتتە ئېلىمىزدە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن مىقدارلاشتۇرۇلمىغان ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا دائىر بەزى ماددىلارنى تۈزىتىش دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا ئايلاندى. «ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئىقتىسادىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا دائىر ماددىلارنى تولۇقلاپ كونكرېتلاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

1. «ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ ئىقتىسادىي رولىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسى. ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تەڭشەلسە مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇھىتىدا ئۆزگىرىش بولىدىغان بولغاچقا، مىللىي مۇناسىۋەت ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش بولغانىكەن، مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدىغان «ئاپتونومىيە قانۇنى» دىمۇ مۇقەررەر ھالدا شۇنىڭغا مۇناسىپ يېڭى مەزمۇن ۋە شەكىل بولۇشى كېرەك. شۇڭا «ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ سىياسىي رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي رولىنى كۈچەيتىشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ھەم مىللىي رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىسادىي قالاقلىقتىن ئىبارەت ئالاھىدە ئەھۋالغا ئۇيغۇن بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، بازار ئاساسى گەۋدىسى ۋە بازار ھەرىكىتى قانۇنىيىتىگە ئاساسەن قانۇن چىقىرىش، «ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ ئاساسىي رامكىسىنى ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مىللىي رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

تەرەققىياتىدا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش رولىنى ئوينىيالايدىغان مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بازاردا ئادىل، تەرتىپلىك رىقابەت ئېلىپ بېرىپ، رىقابەت ئىچىدە تەرەققىي قىلىشىنى قانۇنى شەكىل ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

2. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولۇش ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش ۋە ئۆلچەم قىلىش كېرەك. ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپى تەبىئىي شارائىتى ناچار، قاتناش قولايسىز، چەت، ياقا چېگرا رايونلارغا جايلاشقان، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يۆلىشى، زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، مىللىي ئىقتىسادىي بەلگىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن جۇغراپىيىۋى شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى ۋە باشقا ئىجتىمائىي تارىخى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قالاقلىق ھالىتى تۈپتىن ئۆزگەرگىنى يوق. ئۇل مۇئەسسەسەلىرى يەنىلا ناچار. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، ئېلىمىزدىكى نامراتلارنىڭ كۆپى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا مەركەزلەشكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىچكى ئۆلكىلەر، شەرقىي دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىيات پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا پايدىسىز تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا.

دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرمىسەك ئاپتونومىيە دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.»[①] شۇڭا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى «ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزىتىشنىڭ ئاساسى ئۆلچىمى قىلىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن تەرەققىي تاپقان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىش ئېھتىياجىنى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بازار ئىگىلىكىگە كىرىشكە پايدىلىق بولۇش ئېھتىياجىنى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونوم ئورگانلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ھەقىقىي يۈرگۈزۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا پايدىلىق بولۇش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، «ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكىغا بولغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇپ مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئىچكى-تاشقى مەبلەغ، تالانتلىقلارنى جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا دائىرى مەزمۇنلارنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشقا دائىر مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قانۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

3. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ بايلىق مەنبەيىنى ئېچىش، پايدىلىنىش، قوغداش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى ھوقۇق مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يېرى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول. بۇ ئۇلارنىڭ بازار رىقابىتىگە قاتنىشىپ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشتىكى ئەۋزەل شارائىتى. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەر تەبىئىي بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا تايىنىپ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك. «ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ 28 - ماددىسىدا «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ئۆز تەۋەسىدىكى تەبىئىي بايلىقلارنى باشقۇرىدۇ ۋە قوغدايدۇ»، «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە دۆلەتنىڭ

بىر تۇتاش پىلانىغا ئاساسەن ئۆز تەۋەسىدىكى ئاچسا بولىدىغان تەبىئىي بايلىقلارنى ئالدى بىلەن مۇۋاپىق ئاچىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ.» دەپ بەلگىلەنگەن. «ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ 62 ـ ماددىسىدا يەنە «دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىشتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش» ھەم «يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى كارخانا ۋە كەسپى ئورۇنلىرى ئادەم ئېلىشتا ئالدى بىلەن شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئېلىش كېرەك»[2] دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن «ئاپتونومىيە قانۇنى» دا ئاپتونوم جايلار ئېچىشقا تېگىشلىك تەبىئىي بايلىقلار قايسىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە يوق. تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش ھوقۇقىنى ھەقلىق ئۆتۈنۈپ بېرىشتەك ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ جياڭ زېمىن پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتاي « دوكلاتى» دا كۆرسەتكەن «بايلىقنى ھەقلىق ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم.»[3] دېگەن ئىدىيىسىگە خىلاپ. شۇڭا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «ئاپتونومىيە قانۇنى» نى تۈزەتكەن چاغدا، ئۇنىڭغا تەبىئىي بايلىق مەنبەيى مول، لېكىن مۇۋاپىق ئېچىلمىغان مىللىي رايونلاردىكى بايلىقلارنى دۆلەت مەبلەغ سېلىپ ئاچقاندىن سىرت، ئاپتونوم جايلار ھەرخىل شەكىللەر (چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئارقىلىق تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشقا يول قويۇش، ئىلھام بېرىش ھەم قايسى بايلىقلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك ئورگانلارنىڭ باشقۇرۇشى، ئېچىشىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھەرقانداق ئورۇن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنى قۇرسا، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قانچىلىك نىسبەتتە پېيى بولۇش، بايلىق ئىگىسى تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشتىن كەلگەن پايدا تەقسىماتىغا قاتنىشىش، ئاپتونوم جايلارغا قالدۇرۇلغان پايدا كىرىمى، باج كىرىمىدىن مەلۇم نىسبەتتە پۇل ئاجرىتىپ، ئاپتونومىيىلىك جايلارنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تەرەققىيات فوندىسى قىلىش، ئاپتونومىيىلىك جايلار دۆلەتنىڭ بۇ رايونلاردىكى كارخانىلىرىغا خادىم ئەۋەتىپ رەھبەرلىك ياكى نازارەتچىلىك خىزمىتىگە قاتنىشىش، بۇ كارخانىلار يەرلىك ئىشچىلارنى قانچىلىك نىسبەتتە قوبۇل قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ، قانۇن شەكلى بىلەن مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش جەھەتتە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى باشقۇرۇش ۋە قوغداشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى رېئال ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرغىلى، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر، شەرقىي دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن بولغان، ئىقتىسادىي مەدەنىيەت پەرقىنى كىچىكلىتىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

4. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. «ئاپتونومىيە قانۇنى» نىڭ 29 ـ ماددىسىدا «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز جايىنىڭ مالىيە كۈچىگە، ماددىي كۈچىگە ۋە باشقا كونكرېت شارائىتىغا قاراپ يەرلىك ئاساسى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن ئىجرا قىلغان ۋاقىتتا ئاساسىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئومۇمىي سېلىنما بەلگىلىك سوممىدىن تۆۋەن بولغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى بولسا، ئاندىن ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان ھالدا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بەلگىلەنگەن سومما ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، يولغا قويغىلى بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھوقۇقى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ ھوقۇقىدىن تۆۋەن. مەسىلەن، خېنەن ئۆلكىسى ئومۇمىي سېلىنمىسى 200 مىليون يۈەن. قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان ئېنېرگىيە، قاتناش،

ئۈچۈر، ساياھەتچىلىك مۇئەسسەسەلەر تۈرلىرى ۋە مەھسۇلاتنىڭ 70% ئېكسپورت قىلىدىغان تۈرلەرنى تەستىقلاش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ، «ئاپتونومىيە قانۇنى» غا ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەستىقلاش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، ھوقۇقنى قويۇۋېتىش جەھەتتە تېخىمۇ كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى كىرگۈزۈش كېرەك. ئاندىن ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

5. ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ئېچىۋېتىلگەن ئون نەچچە يىلدىن بۇيان مەركەز بىر قىسىم رايونلارنىڭ ئالدىن بېيىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، شەرقىي دېڭىز ياقىسى رايونلىرىدا نۇرغۇن ئالاھىدە رايون ئېچىۋېتىلگەن شەھەرلەرنى قۇرۇپ، نۇرغۇن ئالاھىدە سىياسەتلەرنى بېرىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشى، يېڭى تېخنىكا ئۈسكۈنىلەر ۋە ئىلمىي باشقۇرغۇچى خادىملارنى كىرگۈزۈش، ئېكىسپورت، ئىمپورت سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ پايدىلىق شارائىتىغا ئىگە قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا بولسا 30 دۆلەت دەرىجىلىك ئېغىز، 200 دىن ئارتۇق ئېغىز[1] ئېچىلغاندىن سىرت، بىرمۇ ئالاھىدە رايون قۇرۇلمىدى. ئالاھىدە سىياسەتمۇ يولغا قويۇلمىدى. كۆپ جەھەتتە يەنىلا ئىچكى رايونلار بىلەن ئوخشاش سىياسەتنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ. مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن. ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار، ئېچىۋېتىلگەن دېڭىز ياقىسى بىلەن بولغان پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىماقتا. بۇلار ئالاھىدە سىياسەت ئېچىۋېتىش، خەلقئارا ئالاقە، خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشىشنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك جايلارنىڭ گەرچە شەرقىي دېڭىز بويلىرىغا جايلاشقاندەك جۇغراپىيىۋى ئەۋزەللىككە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەبىئىي بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە. كۆپى چېگرا رايونغا جايلاشقان بولۇپ، 21000 كىلومېتىر ئىچكى قۇرۇقلۇق چېگرىسى بار. چېگرا سودىسى، ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى ۋە سىرت بىلەن بولغان ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئەۋزەل شارائىتىغا ئىگە. شۇنداقلا ئەمگەك كۈچى ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە. پەقەت سىياسەت مۇۋاپىق بولۇپ ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا ئىگىلىك تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، رايونلار پەرقى كىچىكلەيدۇ، شۇڭا ئېلىمىز خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىسىغا قاتناشقان. تاشقى دۈشمەن كۈچلەر كىشىلىك ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەھۋالدا، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، «ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى مىللەتلەرنىڭ ياشاش ھوقۇقى، تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى، چېگرا سودىسى، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىمپورت، ئېكسپورت سودىسى، ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىقى جەھەتلەردىكى بەلگىلىمىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تولۇقلاش، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون، چېگرا سودا رايونى قۇرۇش، تاشقى سودىنى مونوپول قىلىۋېلىش تۈزۈلمىسىنى بۇزۇپ تاشلاش ھەققىدىكى قانۇن بەلگىلىمىلەرنى كىرگۈزۈپ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئېچىۋېتىش، تاشقى ئالاقە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

6. يېڭى باج تۈزۈمى شارائىتىدىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ باجنى ئازايتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇق مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. 1994 ـ يىلى باجنى ئايرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئاپتونوم جايلار مالىيەسىنىڭ ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىپ ۋە مۇستەھكەملەپ ئىگىلىك تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مىللىي

ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئارقىدا قالغانلىقىنى نەزەرگە ئالماي، ھەممىنى «بىر تاياقتا ھەيدەش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تەرەققىي قىلغان دېڭىز بويىدىكى ئېچىۋېتىلگەن رايونلار بىلەن چېگرىدىكى قالاق مىللىي رايونلاردا ئوخشاش باج تۈزۈمىنى يولغا قويغاچقا، ئاپتونوم جايلاردىكى مىللىي سودا ۋە مىللىي بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار بەھرىمەن بولىدىغان باجنى ئازايتىش ۋە تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش قاتارلىق ئېتىبارمۇ بىكار قىلىنىپ، كېيىن تەرەققىي قىلغان مىللىي رايونلار ئىقتىسادى تەرەققىياتىدا چەكلەش رولىنى ئوينىدى. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك مالىيە كۈچى ئاجىزلىدى. مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش يوشۇرۇن كۈچى تۆۋەنلىدى. شۇڭا، بۇ تۈزۈمنىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى شالاڭ، مۇقىم خىراجىتى كۆپ مىللىي رايونلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىدەك رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇپ «ئاپتونومىيە قانۇنى» دىكى ئاپتونوم جايلارنىڭ باج تۈرى، باج يىغىش دائىرىسى، ئېچىش خاراكتېرلىك تۈرلەر، يېزا بازار كارخانىلىرى، مىللىي سودا كارخانىلىرىنىڭ بېجىنى ئازايتىشتىن ئىبارەت ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى جەھەتتىكى قانۇنى بەلگىلىمىلەرنى تۈزىتىش، تولۇقلاش، كونكرېتلاشتۇرۇش، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى مەركەز كارخانىلىرىنىڭ ئاشقان قىممەت بېجىنىڭ يەرلىككە قالدۇرۇلغان قىسمىنىڭ نىسبىتىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئاشۇرۇش (ھازىر %25) ئىقتىسادى ئالاھىدە رايونلاردا يولغا قويۇلۇۋاتقان كارخانىلاردىن %15 تاپاۋەت بېجى ئېلىش، چەت ئەل مەبلىغى ياكى شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەرخىل بېجىنى ئازايتىش، كەچۈرۈم قىلىش، تۆۋەنلەتىش سىياسەتلىرىنى ئامىرات مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا قوللىنىپ، ئىچكى تەرەققىي قىلغان رايونلار ۋە چەت ئەل مەبلىغى تېخنىكىسىنى جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى تېزلىتىش مەسىلىلىرىنى ئويلىشىش كېرەك.

7. مىللىي رايونلار پايدىنىڭ ئىككى تەرەپلىمە سىرتقا ئېقىپ كېتىش مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىن يۆتكەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغان ئېنېرگىيە، خام ئەشيانىڭ كۆپ قىسمىنىڭ باھاسى يەنىلا تاختاي باھاسى بولۇش، يۆتكەپ كېلىدىغان ئىستېمال مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى كېلىشىم باھا بويىچە بولۇشتىن ئىبارەت «قوش رېلىسلىق باھا تۈزۈمى» مىللىي رايونلار مەبلىغىنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىك سىرتقا ئېقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلمەي، ئەسلىدىنلا قالاق بولغان مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئىقتىسادى تەرەققىياتىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە. شۇڭا «ئاپتونومىيە قانۇنى» غا ئۇنى چەكلەيدىغان تېخىمۇ كونكرېت قانۇن بەلگىلىمىلەرنى كىرگۈزۈپ، قانۇن ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ پايدىنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەم دۆلەت بىلەن يەرلىكنىڭ مەنپەئەتى ۋە مۇناسىۋىتىگە ھەم مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن ئىچكى جايلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە مۇناسىۋىتىگە چېتىلغاچقا، دائىم تەكرار داۋام قىلىدىغان تالاش - تارتىشنى پەيدا قىلىدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ماسلاشتۇرۇش ناھايىتى قىيىن. ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسا، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مىللىي تېررىتورىيىلىك «ئاپتونومىيە قانۇنى» غا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە، يېڭى ئاساسىي قانۇن ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەققىدە «ئاپتونومىيە قانۇنى» غا ئېنىق بەلگىلىمە كىرگۈزۈش كېرەك.

---

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 1 - توم. ئۇيغۇرچە نەشرى. 86 - بەت.

② «ئاپتونومىيە قانۇنى» دىن ئېلىندى. ③ «دوكلاتتىن» ئېلىندى. ④ «ئاپتونومىيە قانۇنى» دىن ئېلىندى.

⑤ «ھازىرقى زامان قانۇنشۇناسلىقى» خەنزۇچە نەشرى. 96 - يىللىق 6 - سان. 100 - بەت.

# چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى

مەھەممەت توختى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ـ لېنىنىزم كافېدراسى)

باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ــــ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ هايات ـ ماماتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان جىددىي سىياسىي كۈرەش، پارتىيىمىزنى ھەرقانداق دۈشمەن بېسىپ چۈشەلمەيدۇ، ئاغدۇرالمايدۇ. ئىستىھكام ئىچىدىن ئەڭ ئاسان بۇزۇلىدۇ. ئۆزىمىزنى ـ ئۆزىمىز نابۇت قىلىدىغان ئىشنى قىلىشقا مۇتلەق بولمايدۇ. چىرىكلەشكەنلەر ئۇنۇملۇك جازالانسا، پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە مەدەتكارلىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ. پۇتكۈل ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ تۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسىتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىدە ئوينايدىغان رولى، بۇ كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇھىملىقىنى ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ بايان قىلدى. دېمەك، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئېلىمىز سوتسىيالىزمىنىڭ مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىسى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈر يولى. شۇڭا، بۇ داۋلىنى نەزەرىيە جەھەتتە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىرىنچى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم يولى دېيىشىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۈستقۇرۇلما ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىقتىسادىي بازىسقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسلانغاندا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئۈستقۇرۇلما كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغانلىقتىن مۇقەررەر يوسۇندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىقتىسادىي بازىسقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ياخشى، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلمىسا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قاتتىق بوغۇپ، ئىقتىسادىي بازىسنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئەكسىچە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ياخشى، ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىلسا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قېزىپ، ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسىدا ھەرخىل پاسسىپ، چىرىك ھادىسىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانماقتا. بۇ چىرىك ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى بىلەن تۈپتىن قارىمۇ قارشى. شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى بىلەنمۇ قارىمۇ قارشى. ئۇ ھەر ۋاقىت ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا قارىتا بۇزغۇنچىلىق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرىمىز دەيدىكەنمىز «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككى قول قاتتىق بولۇش» ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى-

نى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ساغلام ئالغا سىلجىتىشتىكى رولىغا بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزاققىچە، كەڭ، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشىمىز، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن تىنچ، ياخشى سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ھازىرلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات ـ ماماتىغا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇش ـ بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. كونكرېت ئېيتقاندا:

1) پارتىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىدىن ئېيتقاندا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆزگىرىش ـ ئۆزگەرمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي مەسىلە.

بىزگە مەلۇم، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، جۇڭگودىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ سادىق ۋەكىلى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. جان ـ دىل بىلەن ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان دەل ئۆزىنىڭ غايىسى، خاراكتېرى، مەقسىتى، ئېتىقادىغا تايىنىپ كىچىكلىكتىن زورايدى، ئاجىزلىقتىن كۈچەيدى، گۈدەكلىكتىن پىشىپ يېتىلدى. پارتىيىمىز ھازىر ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشتەك ئىلگىرىكىلەر دۇچ كېلىپ باقمىغان يېڭى تارىخىي سىناققا دۇچ كەلمەكتە. پارتىيىمىزنىڭ بۇ ئېغىر سىناقلارنى ھەقىقىي قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقى، سىناقلاردىن غەلىبىلىك ئۆتۈش ـ ئۆتەلمەسلىكى توپ نىگىزىدىن ئېيتقاندا پارتىيىنىڭ ئۆزىگە باغلىق. يەنى ئەگەر پارتىيىمىز ئۆزىنىڭ ئىدىيە، تەشكىلى، ئىستىلى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرمەي؛ چىرىكلىك، بيۇروكراتلىق ئىستىللىرىغا قەتئىي قارشى تۇرماي تۇرۇپ ئۆزىنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى، ئېتىقادى ۋە غايىسىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ «جۇڭگودا مەسىلە چىقسا يەنىلا كومپارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن چىقىدۇ»، «مۇھىمى شۇكى كومپارتىيىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىنى ياخشىلىشىمىز لازىم. ۋەقە چىقمىسا بەخىرامان ئۇخلىيالايدىغان بولىمىز»[3] دېگەنىدى. شۇڭا دەيمىز چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك كەسكىن سىياسىي كۈرەش.

2) پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىسىدىن ئېيتقاندا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىش ـ قىلالماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق مەسىلە.

نۆۋەتتە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىز ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز ئەسىر ئالمىشىدىغان ھالقىلىق باسقۇچتا تۇرماقتا. دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك سوتسىيالىستىك كۈچلۈك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا ئۇچرىشىمىز تەبىئىي. ھالبۇكى پارتىيىمىزنىڭ تارىختىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن ئېسىل خىزمەت ئىستىللىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك جارى قىلدۇرماي؛ دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغاپ، پاسسىپ ئامىللارنى تېزدىن ئاكتىپ ئامىللارغا ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىيەلەيمىز! ھالبۇكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورگانلاردىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرى بولسا پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەڭ قاتتىق توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان توسالغۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى. «پارتىيىمىزنى

تەرتىپكە سېلىپ ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، چىركىنلەشكەنلەرنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى چىركىنلەشكەنلەرنى جازاغا تارتمىساق، ھەقىقەتەنمۇ مەغلۇپ بولۇش خەۋپى تۇغۇلىدۇ»[4] دېمەك، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى قەتئىي تۇسۇش ۋە ئۇنى يىلتىزىدىن تۈگىتىش پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئىچكى تەلىپى.

ئۈچىنچى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى دېگىنىمىز — ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش قورالىنى ئاساس قىلغان ئەمگەك ۋاسىتىلىرى؛ ئەمگەك ئوبيېكتى ۋە بەلگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە ئەمگەك ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمگەكچىلەردىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ ئۈچ ئامىل ئىچىدە ئەمگەكچىلەر ئەڭ مۇھىم، ئەڭ پائالىيەتچان ئامىل. چۈنكى ئەمگەكچىلەر ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسايدۇ. ياخشىلايدۇ، ئىشلىتىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى لايىھىلەيدۇ، باشقۇرىدۇ ۋە كونترول قىلىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق ئەمگەك ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى، ئۆزگەرتىلىشى؛ ھەرقانداق ئەمگەك ئوبيېكتىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىشى پەقەت ئەمگەكچى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىمىزنىڭ ئىششلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا ئەڭ ئاساسلىقى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى تولۇق قوزغاپ، ئۇنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى زور دەرىجىدە قېزىش كېرەك. ئەپسۇسكى ھەرخىل چىرىكلىك ھادىسىلىرى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا بىۋاسىتە بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىق روھىغا ئېغىر ھالدا توسقۇنلۇق قىلىپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولماقتا. 20 يىللىق ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى كۆپ قېتىم ئىسپاتلىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئىجادچانلىق كۈچى ئىشلىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئەگەر چىرىكلىك ھادىسىلىرى ئۈزۈل ـ كېسىل تۈگىتىلمىسە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ؛ خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى پارتىيىنىڭ سىياسەت، ئەمىر ـ پەرمانلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزاققىچە، چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى قاتتىق باشقۇرۇپ خەلق ئاممىسىنى رەنجىتكەن ۋە ئۇلارنىڭ جانجان مەنپەئىتى بىلەن ئويناشقان چىرىك ئۇنسۇرلارغا ئەجەللىك زەربە بېرەلىسەكلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچ ۋە ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. شۇندىلا ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىق روھىنى تولۇق قوزغاپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مۇقىم، ساغلام راۋاجلاندۇرالايمىز.

تۆتىنچى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى سىياسىي جەھەتتە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈپ، ھوقۇقنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلارنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋېتىدۇ. ئەگەر چىرىكلىك ھادىسىلىرى مەلۇم كارخانىدىن ئىبارەت بازار سۇبيېكتىنىڭ ئىچكى قىسمىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىدىغان بولسا بۇ كارخانىنىڭ نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. چىرىكلىك ھادىسـ

لىرنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە كۆرسىتىدىغان ئەڭ روشەن سەلبىي تەسىرى شۇكى ئۇ ھوقۇق — پۇل سودىسى ئارقىلىق بازارنىڭ ئەركىن رىقابەت تەرتىپىنى بۇزۇپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئادىل بولمىغان ھوقۇق ۋە ئىمتىياز بىلەن بازارغا كىرىپ، بازارنىڭ نورمال ئەركىن رىقابىتىنى ئېغىر ھالدا بۇزۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چىرىكلىك ھادىسىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتىگە ئارىلىشىۋېلىپ مەبلەغنىڭ جايدا ئىشلىتىلمەسلىكى، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنىڭ بىنورمال ئۆسۈشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، چىرىكلىك ھادىسىلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بىلەن ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولۇپ پەقەت سىغىشالمايدۇ. شۇڭا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا ھەرخىل چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى قەتئىي، ئۇزۇل ـ كېسىل تۈگىتىش، ئۇنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قايتا رول ئوينىشىدىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك.

خۇلاسە، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ، قايتا ـ قايتا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا نېمە ئۈچۈن چىرىكلىككە قارشى تۇرىمىز؟ ! ؛ چىرىكلىككە قانداق قارشى تۇرىمىز؟ ! دېگەن ھەل قىلغۇچ ئىككى مەسىلىنى ئىلمىي، سىستېمىلىق بايان قىلىپ مۇكەممەل چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇ ئىدىيە ھازىر پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزاققىچە، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشىنىڭ كۈچلۈك ئىدىيىۋى قۇرالى بولۇپ قالدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزى كومىتېتىمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرەشىنىڭ سالمىقىنى كۈچەيتىپ، بىر قىسىم چوڭ مۇھىم ئەنزىلەرنى پاش قىلىپ خەلقنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىرادىسىنى ۋە ئىشەنچىسىنى كۆردى. ئەمما چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسى يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر، يول ئەگرى ـ توقاي، قىيىنچىلىق ناھايىتى كۆپ. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى يەنىلا پارتىيىنى سىنايدىغان مۇھىم ئۆلچەم دەپ قارىماقتا. شۇڭا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ دېگەن كۆز قاراشنى تىكلەپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى خۇددى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى تۇتقاندەك؛ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتقاندەك؛ شۇنداقلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنى تۇتقاندەك چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەندىلا پارتىيىمىزنى يېڭى ئەسىردە مەزمۇت تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى، شۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى غەلىبىسېرى ئالغا سىلجىتقىلى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى مىللەتلەرنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقىنى ساقلاپ قالغىلى جۈملىدىن دۆلىتىمىزنى باي، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

---

①، ③، ④ «دېڭ شياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 3 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى 322ـ، 794 ـ، 797 ـ، 650ـ بەتلەر.

② ۋېي جيەنشىڭ «پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، خىزمەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى» ئىزدىنىش ژۇرنىلى 1998 ـ يىللىق 5 ـ سان ئۇيغۇرچە.

⑤ «نەزەرىيە ئۆگىنىش لۇغىتى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل 1033 ـ بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىل 9ـ ئاي تۈنجى نەشرى.

# نۆۋەتتىكى ئىش ئورنىدىن قېلىش مەسىلىسىگە بولغان قاراشلىرىم

ئادىلجان ئابدۇل

دۆلىتىمىز ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، كارخانا ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا كۆپ مىقداردىكى ئارتۇقچە خادىملار ئىش ئورنىدىن قالدى. ئىش ئورنىدىن قېلىش، ئىشسىزلىق ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق تېما بولۇپ قالدى.

ئومۇمەن قىلغاندا، ئىش ئورنىدىن قېلىش مەسىلىسى ماھىيەتتە ئىقتىسادي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى نەتىجىسىدە يوشۇرۇن زىددىيەتنىڭ ئاشكارلىنىشى بولۇپ، ئۇنى دۆلەت ئەھۋالىدىن ئايرىپ تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ. ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش مەسىلىسى نۆۋەتتىكى ھەل قىلىش قىيىن بولغان لېكىن چوقۇم ھەل قىلمىسا بولمايدىغان، دۆلەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادي مەسىلە بولۇپ، بۇ ئۇنۇملۇك خىزمەت (ئىش) ئورنىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان، بۇ مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى ئۇچۇن بىر جەريان لازىم بولىدۇ. قىيىنچىلىق تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

1. نۆۋەتتىكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىكى تەلەپ ۋە ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن كەسكىن بولماقتا. جۇڭگو بولسا نوپۇس چوڭ دۆلىتى بولۇپ، 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىكلەر 72 مىليوندىن كۆپرەككە يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە باشقا ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاز دېگەندە 15 مىليون ئادەم ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە ئىشسىزلار قاتارىغا كىرىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن سىرت يېزىلاردىكى ئارتۇقچە ئەمگەك كۈچى 214 مىليون ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 77 مىليون ئادەم ئىش ئورنىغا ئىگە بولالىشى، قالغان 137 مىليون يېزا ئوشۇقچە ئەمگەك كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىنچىلىقتا ئۇچرىشى مۇمكىن. بۇنداق كۆپ ئەمگەك كۈچىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپمۇ ئۆزى ئەركىن تاللىۋالغان، ئىشلەپچىقىرىش تېپىتىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس.

2. مۇكەممەل بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى تېخى شەكىللەنمىدى. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماس كېلىدىغان، ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇكەممەل بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى تېخى شەكىللەنمىدى. بولۇپمۇ مەبلەغنىڭ كەمچىل بولۇشى، مەبلەغ باشقۇرۇشنىڭ ئىلمىي بولماسلىقى، قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى، سۇغۇرتا ئۆلچىمىنىڭ بەك تۆۋەن بولۇشى، سۇغۇرتا كۆلىمىنىڭ كىچىك بولۇشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى تېخى جەمئىيەتنىڭ تەلىپىدىن خېلىلا يىراق. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئىش ئورنىدىن قالغاندىن كېيىن نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشى قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ خىزمەتتىن ئايرىلىش جەھەتتىكى روھى بېسىمىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، يېڭى خىزمەت ئىزدەش جەريانىدىكى خەۋپ ـ خەتىرىنى چوڭايتىۋېتىدۇ، مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۇرۇۋېتىدۇ.

3. كىشىلەرنىڭ ئىش ئورنىدىن قېلىش مەسىلىسىنى چۈشىنىشى تېخى يېتەرلىك ئەمەس. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە مەسىلىلەرنى چۈشىنىش جەھەتتە يەنىلا بۇرۇنقى ئەندىزە بويىچە

بولۇۋاتقان بولغاچقا مەسىلىلەرنى چۈشىنىشى بىر تەرەپلىمە ۋە يۈزەكى. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، خىزمىتى ۋە يېشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى شۇنىڭدەك خىزمەتتىن ئايرىلىش مۇئامىلىسى، قايتا خىزمەتكە ئورۇنلىشىش جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى، تەشۋىقات ۋە ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ ئىشلىنىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشىمۇ ئوخشاش ئەمەس. كىشىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى بەزىلەر بۇنى بىر ۋاقىتلىق ئىش دەپ قارىماقتا. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىملىق ئىسلاھاتنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدىغان بىر قېتىملىق ئىسلاھات ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ.

ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر نەچچە جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

1. ئىشقا ئورۇنلىشىش يۈرۈشلىرىنى كۆپەيتىش كېرەك. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، يېزىلارنىڭ شەھەرلىشىش قەدەملىرىنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنىڭ ھەزىم بولۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. غەيرىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادىي تەركىبلەر، 3 ـ كەسىپ ۋە ئوتتۇرا ـ كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىش، بولۇپمۇ سودا ـ سانائەت، باج، ئەمگەك قاتارلىق تارماقلار رەسمىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى قوللاپ، باج كەچۈرۈم قىلىش؛ ئۆسۈمى تۆۋەن قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ شۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەككى كارخانا ئىچىدە ئىشقا ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش كارخانا ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭا دۆلەت بۇنداق كارخانىلارغا نىسبەتەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئىشسىزلىق مەسىلىسىنىڭ ئاددىيلا جەمئىيەتكە ئىتتىرىلىپ قويۇلۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

2. ئەمگەك كۈچى بازىرى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرى توغرىسىدىكى قانۇن-نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئەمگەك كۈچى بازىرى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن، ھەم رىقابەت ھەم تەرتىپ بولغان ئەمگەك كۈچى بازىرىنى تېزرەك قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئۇچۇر ۋە ئەمگەك كۈچىنىڭ ئەمگەك كۈچى بازىرىدا ئەركىن يۆتكىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ بازارنىڭ تەڭشەش رولىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ھەقىقىي قوغداپ، ئەمگەك كۈچى بازىرىنى قېلىپلاش-تۇرۇپ، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشتىن، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ۋە بازار ئارقىلىق تەڭشەش يولىغا مېڭىش كېرەك. بولۇپمۇ ئۆسمۈر باللارنى ئىشلىتىشنى قاتتىق چەكلەش، ئىشقا ئورۇنلاشقۇچى-لارغا نىسبەتەن بەلگىلىك كەسپىي ـ تېخنىكا تەلىپىنى قويۇش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلى-شىش بېسىمىنى پەسەيتىش كېرەك.

3. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ئىش ئورنىدىن قالغانلار ۋە ئىشسىزلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىراق نوپۇسنىڭ كۆپ بولۇشى، دۆلەت مالىيە كۈچىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تېزلىكتە قۇرۇپ چىقىش ئاسان ئەمەس، بىراق ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بۇ جەھەتتىكى مۇبلەغقە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. چوقۇم دۆلەت، كارخانا، شەخس ھەرقايسى تەرەپلەر بەلگىلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىشسىزلىق

داۋالىنىش، پېنسىيىگە چىقىش، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش، مېيىپ بولۇش شۇنىڭدەك ئائىلىلارنىڭ تۇغۇت مەزگىلىدىكى پاراۋانلىقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل بولغان ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ جەھەتتىكى مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇن ـ مىزانلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

4. مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مائارىپنى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈپ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. خەلقئارا ئىقتىسادىي رىقابەتنىڭ كۈنسېرى كەسكىنلەشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەڭشىلىپ تۇرۇلۇشى كىشىلەرنىڭ تىرىشىپ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ ئۆزگىرىۋاتقان يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ قىيىنلىقىدىكى مۇھىم بىر ئامىل كىشىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدا. ئەگەر كىشىلەردە مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى بولمىسا قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن تېخىمۇ سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. پەقەت مائارىپنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ياشاش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرگەندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ يۈرەكلىك يول ئېچىپ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنىمۇ كۆپەيتكىلى بولىدۇ. لېكىن ئەنئەنىۋى مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك خىزمەت تاپالماسلىقى ئەكسىچە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ قېلىشى بۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان مەسىلە. مائارىپنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، لېكىن ئۇ ئۆلۈك بولۇپ قالماسلىقى، جەمئىيەتكە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۈزلىنىشى كېرەك. ئاساسىي مائارىپنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، ئۇلارنى پەيدىنپەي مۇستەقىل ئىقتىسادىي گەۋدىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، بازار رىقابىتى جەريانىدا ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كىشىلەرنىڭ كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتىكى رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

5. پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆز قارىشىنى يېڭىلاش كېرەك. ئىسلاھاتمۇ بىر ئىنقىلاب، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى، مەسىلىلەرنى يېڭى ئۇسۇللار بىلەن كۆزىتىشنى، تەپەككۇر قىلىشنى، ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلاھات كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن بەدەل تۆلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ نوقۇل ھالدىكى دۆلەتكە يۆلىنىشتىن ئۆز كۈچىگە تايىنىش، ئۆزى خىزمەت ئىزدەش يولىغا مېڭىش كېرەك. ئىدىيىنىڭ ئازاد بولۇشى ۋە كۆز قاراشنىڭ يېڭىلىنىشى ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمىنى پەسەيتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چوقۇم ھەرخىل تەشۋىقات قوراللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتى، ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇشنىڭ ماھىيىتى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ جىددىيلىكى، زۆرۈرلۈكى ۋە مۇقەررەرلىكىنى كىشىلەرگە ھەقىقىي چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەرخىل ئىدىيىۋى مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ يېڭىچە ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆز قارىشىنى تىكلىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىگىلىك باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ 96 ـ يىللىق ئاسپىرانتى)

# ئاجايىبات

## زىلۋ چېچى

قەدىمدىن بۇيان بالا تۇغۇش ئاياللارنىڭ «پاتېنت ھوقۇقى» ئىدى، لېكىن يېقىندا ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگى ۋە مەشھۇر ئىنسانىيەت تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ئالىمى، دوختۇر جارېد دىمونت: «ئەرلەر قورساق كۆتۈرىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى» دېگەن كىشىنى ھالڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە «ئەرلەر قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇش جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىنىپ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇغۇشى جەھەتتە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك زور بۆسۈش بولغان.»

ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭ قورساق كۆتۈرۈشىنى 10 نەچچە يىل ئىلگىرى يېڭى زېللاندىيىلىك بىر ئايالنىڭ غەلىتە قورساق كۆتۈرۈش كېسەللىك تارىخىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ. 1979 ـ يىل 5 ـ ئايدا مارگارت ئىسىملىك بىر ئايال ئېغىرلىقى 2500 گرام كېلىدىغان بىر قىز تۇغقان. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇ ئايال 8 ئاي ئىلگىرى بالىياتقۇسىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇرۇق بىلەن تۇخۇم ئۇچراشقاندا بالىياتقۇ بولمىغانلىقتىن، خاتا ھالدا قورساق بوشلۇقىغا كىرىپ قېلىپ، ئۈچەي دېۋارىغا ئورۇنلاشقان. كېيىن بوۋاقنىڭ ئاي ـ كۈنى توشۇپ، قورساقنى يېرىش ئوپېراتسىيىسى ئارقىلىق ساق ـ سالامەت تۇغۇلغان. بۇنىڭدىن بالىياتقۇ بولمىسىمۇ ئوخشاشلا قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭ تۇغۇش مۇمكىنچىلىكى 20 نەچچە يىل بۇرۇنلا ئاز ـ تولا ئىسپاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىكى نۇرغۇن سىر تولۇق ئاشكارىلانمىغانىدى.

بىرىنچى، قوشكېزەك ئىنىسىگە قورساق كۆتۈرگەن ئەر. 1992 ـ يىلى ئىتالىيىلىك 28 ياشلىق ئەر دىبېنسانىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن، دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىنغان، دوختۇرلار ئۇنىڭدىكى كېسەللىك ئالامىتىنىڭ يەڭگىش ئالدىدىكى ئاياللارنىڭ تولغاق ئاغرىقىغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىدىن ھەيران قېلىپ، رېنتگېندا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ قورساق بوشلۇقىدا بىر كاللەك نەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ، قورسىقىنى يېرىپ كۆرۈپ بېقىشنى قارار قىلغان. دوختۇرلار ئۇنىڭ قورسىقىنى يارغاندا ئېغىرلىقى 2000 گرام كېلىدىغان بىر ئوغۇل بوۋاق چىققان. ھازىر بۇ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ياخشى بولۇپ، نورمال تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. ئەمەلىيەتتە، دىبېنسانىڭ قورسىقىدىن چىققان ئۇ بوۋاق ئۇنىڭ «بالىسى» بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ قوشكېزەك ئىنىسى ئىكەن. 28 يىلنىڭ ئالدىدا دىبېنسا قورساقتىكى چېغىدىلا قوشكېزەك ئىنىسىنى ئۆز تېنىگە قوبۇل قىلىۋېلىپ، 28 يىل قورساق كۆتۈرۈپ يۈرگەنىكەن. فىزىئولوگلار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ تىپىك مىسال ئەرلەرنىڭ قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغۇشىنىڭ ئىشەنچلىك يولىنى ئېچىپ بەردى، دەپ قارىغان.

ئىككىنچى، ئەرلەرنىڭ سۈنئىي بالىياتقۇدا ھامىلدار بولۇشى. 2 يىل بۇرۇن، گېرمانىيىلىك 31 ياشلىق سودىگەر ماك 9 ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، قورسىقىنى يېرىش ئوپېراتسىيىسى ئارقىلىق بىر قىز بوۋاق تۇغقان. ماكنىڭ خانىمى شاللان كىچىك ۋاقتىدا كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ بالىياتقۇسى زەخىملەنگەنلىكتىن، تويدىن كېيىن بويىدا قالمىغان. دوختۇرلار ئۇنىڭغا سۈنئىي بالىياتقۇ سېلىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوپېراتسىيە ئازابىدىن قورقۇپ ئۇنىمىغان. ئامالسىزلىقتىن بالا كۆرۈشكە تەشنا ماك ئايالى ئۈچۈن تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا رازى بولغان. دوختۇرلار ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قورساق بوشلۇقىغا بىر سۈنئىي بالىياتقۇ سېلىپ، ھاياتلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان سۇيۇقلۇق ئۇرغان؛ ئارقىدىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئۇرۇق ۋە تۇخۇمىنى ئېلىپ سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، تۆرەلمىنى ماكنىڭ تېنىگە كۆچۈرگەن؛ ماك 9 ئاي قورساق كۆتۈرۈپ ئاي ـ كۈنى توشقاندا دوختۇرلار ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، بوۋاقنى ساق ـ سالامەت ئالغان.

نۆۋەتتە، ئەرلەرنىڭ قورساق كۆتۈرۈشىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن تېخنىكىلىق ۋە ئېتىكىلىق مەسىلىلەر بار. شۇڭا ئەرلەرنىڭ قورساق كۆتۈرۈشىنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى نورمال ئىشقا ئايلىنىشىغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن.

«ئىقتىسرا ۋە يېڭىلاش» نىڭ 1999 ـ يىل 1 ـ سانىدىن نەبىجان سادىق تەرجىمىسى

# ئەيدىز كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش

تۇراخۇن ياقۇپ

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ باشلىقى، مۇدىر ۋىراچ)

## ئەيدىز ھەققىدە چۈشەنچە

نۆۋەتتە، دۇنيا مىقياسىدا بىرخىل ئاپەت خاراكتېرلىك كېسەللىك يامراپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىغا ئېغىر تەھدىت پەيدا قىلىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى. ئالىملار بۇ كېسەللىكنى مۇشۇ ئەسىردىكى «ۋابا»، دەرىجىدىن تاشقىرى «راك» دەپ تەرىپلەشتى. مانا بۇ ھەيدىز كېسەللىكى.

ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئېنگلىزچە تولۇق ئاتىلىشى Acquired lmm uno — deficiene syndrome بولۇپ، قىسقارتىلىپ AIDS بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. جۇڭگوچە تولۇق ئاتىلىشى ئېرىشمە ئىممۇنىتېت كەملىك يىغىندى ئالامىتى بولۇپ، ئەنگلىزچە قىسقارتىلما نامى AIDS نىڭ تەلەپپۇزىغا ئاساسەن ئۇيغۇرچىدا «ئەيدىز» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ كېسەللىك ۋىرۇستىن پەيدا بولىدۇ. بۇ كېسەلنىڭ ۋىرۇسى ئۇزۇن مۇددەت تارقىلىش جەريانىدا، توختىماي ئۆزگىرىدۇ ۋە يۇقۇمچانلىق خاراكتېرى ئىنتايىن كۈچىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ۋىرۇس ئادەم ئورگانىزمىغا كىرگەندىن كېيىن، ئادەم تېنىدىكى ھەرقانداق ھۈجەيرىنى يۇقۇملاندۇرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى $T_4$ لىمفا ھۈجەيرىسىنى بۇزىدۇ. $T_4$ لىمفا ھۈجەيرىسى ئاق قان ھۈجەيرىسىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى تەڭشەش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئەيدىز ۋىرۇسى يۇقۇملانغۇچىدا بىر يىلدىن كېيىن $T_4$ لىمفا ھۈجەيرىسىنى بۇزۇشقا باشلاپ ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ.

## ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

بۇ كېسەلنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، 1981 ـ يىلى دەسلەپ ئامېرىكىدا بايقالغاندىن بۇيان قىسقىغىنە 16 يىل ئىچىدە پۈتۈن دۇنيادىكى 196 دۆلەت ۋە رايونغا كېڭىيىپ، 11 مىليون 700 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. مۆلچەرلىنىشىچە 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىسىغا قەدەر پۈتۈن دۇنيا ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغان كىشى 30 مىليون 600 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ئېلىمىزدە ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغان تۇنجى كېسەل 1985 ـ يىلى بايقالغاندىن تارتىپ 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يۇقۇملانغۇچىلار 5990 كىشىگە يېتىپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلگىنى 102 كىشىگە يەتكەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ھازىر ئېلىمىزدە ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلارنىڭ سانى تەخمىنەن 300 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ سان يۇقىرى سۈرئەت بىلەن داۋاملىق ئېشىپ بېرىۋېتىپتۇ.

## ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلاردا كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر

ئەيدىز كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرى يۇقۇملانغان ئىچكى ئەزا ۋە ئۆسمە پەيدا بولغان ئەزانىڭ ئوخشاش

بولماسلىق سەۋەبىدىن ئوخشاش بولمايدۇ. دائىم كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئادەتتىكى ئالامەتلەر: ئۇدا قىزىتمىسى ئۆرلەپ، زەئىپلىشىپ، سەۋەبسىز تەرلەيدۇ. بەدەندىكى لىمفا تۈگۈنلىرى ئىششىپ، يوغىناپ قالىدۇ، روشەن ئورۇقلايدۇ، تەن ئېغىرلىقى تۆۋەنلەيدۇ؛

2. نەپەس سىستېمىسى ئالامەتلىرى: ئۇزاق مەزگىل يۆتىلىدۇ، مەيدىسى ئاغرىيدۇ، قان ئارىلاش تۈكۈرىدۇ، نەپىسى قىيىنلىشىدۇ؛

3. ھەزىم قىلىش سىستېمىسى ئالامەتلىرى: ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، تاماققا كۆڭلى تارتمايدۇ. ئىچى ئېلىشىدۇ، قان قۇسىدۇ، ئىچى سۈرىدۇ، چوڭ - كىچىك تەرەتتىن قان كېلىدۇ؛

4. نېرۋا سىستېمىسىدىكى ئالامەتلەر: ئەس ھوشى ۋە سەزگۈسى جايىدا بولماسلىق، دىۋەڭلىك، كالۋالىق، تىترەش، تۇتقاقلىق، ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئىنكاسى سۇسلىشىدۇ، باش قايىدۇ ھەم ئاغرىيدۇ، مىجەزى غەلىتە بولۇپ قالىدۇ، پۇت - قولى تارتىشىدۇ، يېرىم پالەچلىنىدۇ، گومۇش بولۇپ قالىدۇ؛

5. تېرە ۋە شىلىمشىق پەردە زىيانغا ئۇچرايدۇ؛ بۇنىڭدا پۈتۈن بەدەنگە تەمرەتكە چىقىدۇ، ئېغىز بوشلۇقى، گالنىڭ شىلىمشىق پەردىسى ئىششىپ، يېرىلىپ كېتىدۇ؛

6. ئۆسمە؛ كۆپ خىل يامان خاراكتېرلىك ئۆسمە پەيدا بولىدۇ، ئاخىرىدا بۇخىل كېسەللىك بىلەن ئاغرىغانلارنىڭ تولىسى ئىككىلەمچى راك كېسىلى ياكى ئۆپكە ياللۇغى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىش يوللىرى

بۇ ئاساسەن ئۈچ خىل يول بىلەن تارقىلىدۇ.

1. جىنسىي مۇناسىۋەتتىن يۇقىدۇ: ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلار ئوخشاش جىنىسلىقلار ياكى يات جىنسلىقلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت بولغاندا يۇقتۇرىدۇ.

2. قاندىن يۇقىدۇ: دېزىنفېكسىيىلەنمىگەن ئىگنە ياكى ئىشپىرىسنى ئىشلەتسە، تەكشۈرۈلمىگەن قان ياكى قان ياسالمىلىرىنى سالغۇزسا يۇقىدۇ.

3. ئانىدىن بالىغا يۇقىدۇ: ھامىلىدارلىق مەزگىلىدە، بوشىنىش جەريانىدا ۋە ئېمىتىش دەۋرىدە بالىغا يۇقىدۇ.

ئەيدىز كېسىلىگە مايىلچان كىشىلەر

1. ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىدىغان ئەرلەر؛
2. قالايمىقان جىنسىي ھەرىكەتتە بولغۇچىلار؛ پاھىشىۋازلار؛
3. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تومۇرىدىن ئۇرغۇچىلار؛
4. جىنسىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلار قاتارلىقلار.

## ئەيدىز كېسىلى بىمارلىرىنى داۋالاش ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

نۆۋەتتە، دۇنيادا ئەيدىز كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتالايدىغان دورا ۋە ئۇسۇل تېخى ئىلمىي يوسۇندا ئىسپاتلانغىنى يوق. ئالدىنى ئېلىش دورا - ئوكۇلمۇ ھەم يوق. شۇڭلاشقا ھازىرچە يەنىلا ساقايماس كېسەللىك دەپ قارالماقتا. لېكىن ھازىرقى داۋالاش ئۇسۇللىرى پەقەت كېسەللىك ئالامەتلىرىنى سەل - پەل يېنىكلىتىش ۋە بىمارلارنىڭ ئۆمرىنى بىرئاز ئۇزارتىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

## ئەيدىزدىن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ مۇشۇ ئەسىر ئاخىرىدىكى تارقىلىش يۈزلىنىشى

گۇمانلىنىش ھاجەتسىزكى، 2000 ـ يىلىغا بارغاندا ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىشى توختاپ قالماستىن، بەلكى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ ھەممە يەرنى قاپلايدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانىنى مۆلچەرلەش قىيىنلىشىدۇ. 1980 ـ يىلىدىكى مۆلچەردە دۇنيا ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى 100 مىڭ كىشى بولغان بولسا، ئون يىلدىن كېيىن بۇ سان بىراقلا 150 ھەسسە كۆپىيىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە يۇقۇملانغانلار سانىنى تولۇق ئىگىلەشكە ئامال بولمىغان. ھازىر بار ماتېرىياللارغا ۋە مۆلچەر ئۇسۇللىرىغا ئاساسلانغاندا، 2000 ـ يىلىغا بارغاندا دۇنيا ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانغانلار سانى 40 مىليوندىن 101 مىليون كىشىگە يېتىدىكەن. ئەيدىز بىمارلىرىنىڭ سانى بىر مىليون 400 مىڭ كىشىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. دۆلىتىمىزدە 2000 ـ يىلىغا بارغاندا ناۋادا ئالدىنى ئېلىپ تىزگىنلەش خىزمەتلىرىمىز كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەنسە ئەيدىز بىمارى ۋە يۇقۇملانغۇچىلار سانى ئالتە ۋە بەش خانىلىق سان ئىچىدە تىزگىنلىنىدىكەن. خىزمىتىمىز كۆڭۈلدىكىدەك ئىشلەنمىسە، بۇ سان ئالتە ۋە يەتتە خانىلىق سانغا يېتىشى مۇمكىن. يەنى بىر مىليون 200 مىڭ كىشىگە يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

## ئەيدىز كېسىلى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلە

ئەيدىز نۆۋەتتە ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان خىرىس. ئىنسانلارنىڭ ئېلان قىلىنغان بىر قېتىملىق جەڭ. ئەيدىز كېسىلىنىڭ شەخسكە، ئائىلىگە ۋە جەمئىيەتكە يەتكۈزىدىغان زىيىنى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنىڭ %70 دىن كۆپرەكىدە مۇئەييەن يوشۇرۇن دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كېسەللىك كۆرۈلۈپ، بىر يېرىم يىل ئەتراپىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەيدىز شەخسكە تولىمۇ ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. جەمئىيەتتىكى كەمسىتىش ۋە كىشىلەرنىڭ يۇقۇش يولىنى خاتا تونۇشى سەۋەبىدىن ئەيدىزدىن يۇقۇملانغانلار خىزمەت، ئۆگىنىش، يېتىپ ـ قوپۇش، داۋالىنىش، مۇھەببەت باغلاش، نىكاھلىنىش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلەردە توسالغۇغا ئۇچراپ، تۇرمۇشتا قىيىنىلىپلا قالماي، روھىي جەھەتتىنمۇ ئازابلىنىدۇ. ئۇلار داۋالىنىش، كۈتۈنۈش، ئوزۇقلىنىش راسخوتى جەھەتتە ئائىلىنىڭ ئىقتىسادى يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپ، ئائىلىگە مەنىۋى يۈك بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەش ھوقۇقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. كۆپ ساندىكى ئەيدىز بىمارلىرى ئائىلىنىڭ ئەر ـ ئايال خوجايىنلىرى، مۇھىم ئىقتىسادى تۈۋرۈكى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولۇشى بىلەن ئائىلىسىنى قەرزگە بوغۇۋېتىدۇ. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن باللىرى يېتىم، ئاتا ـ ئانىسى يۆلەكسىز قالىدۇ ـ دە، ئۇلارنى بېقىش ئىشى مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەتنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە بۇ ئىقتىسادى يۈك يەرلىكتىن ۋە شەخسنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسىدىن ھەل قىلىنىدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە بولسا ئۇنداق قىلالمايدۇ.

بۇلاردىن باشقا تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار ئەيدىزدىن يۇقۇملانغاندىن كېيىن قورساق كۆتۈرگەندە بالىسىنى يۇقۇملاندۇرىدۇ، ھەم جېنىغا زامىن بولىدۇ. ئادەتتە بۇنداق بالىلارنىڭ تەخمىنەن %50 -تى 2 ياشقا توشماي تۇرۇپ ئۆلىدۇ، قالغانلىرى 5 ياشقا توشماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. بالا ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدا ئەيدىز ۋىرۇسىدىن يۇقۇملانمىغان تەقدىردىمۇ، تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانىسىنى

ئېمىش ئارقىلىق يۇقۇملىنىدۇ. يۇقۇملانغان ئانا بالىسى تۇغۇلۇپ 5 ـ 10 يىل ئىچىدە (دادىسىمۇ شۇنداق) ئۆلۈپ كېتىدۇ ـ دە، بالا ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## ئەيدىز كېسىلىنىڭ دۆلەتكە كەلتۈرىدىغان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى زىيىنى

ئەيدىز كېسىلىنىڭ پۈتكۈل يەر شارى مىقياسىدا تارقىلىشىدىن ئىسپاتلىنىشىچە، ئەيدىز كېسىلى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئېغىر ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى تەسىر ئېلىپ كەلدى. 1981 ـ يىلى ئەيدىز كېسىلى دوكلات قىلىنغاندىن بۇيانقى ئون يىلدا، دۇنيادا سەرپ قىلىنغان بىۋاسىتە راسخوت 240 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، نۆۋەتتە يىلىغا 90 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىنماقتا. 2000 ـ يىلىغا بارغاندا يىللىق ئومۇمىي خورالما 500 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلمىغان قىسمەن دۆلەت ۋە رايونلار ئاز كەم نەچچە ئون يىلدا ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئېرىشكەن نەتىجىسى بىراقلا بەربات بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. ئىقتىسادىي زور زىيانغا ئۇچرىماقتا. تەرەققىياتقا ئېغىر تەسىر يەتمەكتە.

بىر دۆلەتتە ئەيدىز كېسىلى كەلتۈرگەن زىيانغا سەرپ قىلىنىدىغان خورالما ئاساسەن ئىككى جەھەتتىن بولىدۇ. يەنى بىۋاسىتە راسخوت ۋە ۋاسىتىلىك راسخوتتىن ئىبارەت. ئەيدىزدىن يۇقۇملانغۇچىلار ئاساسەن 49 ~ 20 ياشقىچە بولغان ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ھەم قابىل ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ نابۇت بولۇشى بىلەن ۋاسىتىلىك كېلىپ چىقىدىغان ئىقتىسادى زىيان بىۋاسىتە راسخوتتىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىدۇ.

بىۋاسىتە راسخوت دۆلەت ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى تىزگىنلەشكە ئىشلەتكەن ئىجتىمائىي سەرپىيات ۋە ئەيدىز بىمارلىرىنى داۋالاشقا كەتكەن چىقىمنى كۆرسىتىدۇ. مانا مۇشۇ ئامىللار تۈپەيلىدىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشى زور دەرىجىدە چېكىنىدۇ.

## ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

ئەيدىز كېسىلى گەرچە ساقايماس كېسەللىك بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئاساسلىقى ھەربىر كىشى ئەيدىز كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭ يۇقۇش يولى ھەققىدىكى بىلىمدىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىگىلىشى، ئۆزىنى ئۆزى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگىنىپ قالغانلار بۇخىل ناچار ئادەتنى تاشلىشى، بولۇپمۇ قان تومۇردىن زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشتەك ناچار ئادەتنى چوقۇم تاشلىشى كېرەك. ئىستىلدا پاك دىيانەتلىك بولۇش، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىش، ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاش، قالايمىقان جىنسىي ھەرىكەتتە بولماي ئۆز جورىسى ۋە ئائىلىسىگە سادىق بولۇش، ئالاقىدار تارماقلار پاھىشىۋازلىق، بەچچىۋازلىق قىلغۇچىلارنى قاتتىق باشقۇرۇش، جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغاندا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقىنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك.

قاننىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، قان ۋە قان ياسالمىلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇش، شۇ ئارقىلىق قاندىن يۇقۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھەربىر كىشى يۇقىرىقىلارغا ئاڭلىق ئەمەل قىلسىلا بۇخىل كېسەللىكتىن ئۈنۈملۈك ساقلانغىلى بولىدۇ.

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سيۇژېت مەنبەلىرى توغرىسىدا

ئابدۇكېرىم راخمان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتورلار يېتەكچىسى)

## مۇقەددىمە

خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سيۇژېت، جانلىق شېئىرى ئوبراز ئارقىلىق مۇئەييەن دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى تەتقىقاتچىلار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېپوسلىرى ۋە داستانلىرى شۇ مىللەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ پوئېتىك (شېئىرى) قامۇسى دەپ ھېسابلايدۇ.

دەرۋەقە، ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى ئىنسانلار ھاياتىدىكى «قەھرىمانلىق دەۋر» دەپ ئاتالغان ئەنە شۇ «ئېپىك باسقۇچ» نىڭ پوئېپىك كۆرۈنۈشىدۇر.

خەلق داستانلىرى سيۇژېت ۋە ئېما جەھەتتىن كەڭلىككە ۋە كۆپ قاتلاملىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ ناھايىتى يۈكسەكلىككە ئىگە. ماركس بۇ ھەقتە توختىلىپ، بۇ ئەسەرلەر بىزنى بەدىئىي جەھەتتە زوقلاندۇرۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا يەنە، ئۇ مەلۇم تەرەپلەردىن بىرخىل كەڭ كۆلەملىك گۈزەللىككە ئىگە دەستۇر ھېسابلىنىدۇ»[1] دەپ قارىدى. ھەقىقەتەن ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ روشەن، بەدىئىي جەھەتتە ئىنتايىن مۇكەممەل قەھرىمانلار تىپى خەلق داستانلىرىدا يارىتىلىدۇ. خەلق داستانلىرى ھەقىقەتەن مەيلى ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىي ئوبرازلىرىنىڭ يارقىنلىق ۋە تىپىكلىكى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى سيۇژېتلىرىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە قىزىقارلىق جەھەتتىن بولسۇن، ئۇ ئەدەبىيات تارىخىدا تەڭدىشى يوق ژانىر ھېسابلىنىدۇ. قىسقىسى، خەلق داستانلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ گۈزەللىك نۇقتىئىنەزىرى ۋە گۈزەللىك غايىسىنىڭ مۇجەسسەمى، ئەمگەكچى خەلق مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئەينىكى، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىپادىسى ۋە بەدىئىي تىلنىڭ خەزىنىسى بولغاچقا، ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىن خەلق داستانلىرىنى ئاجرىتىپ قاراشقا بولمايدۇ.

خەلق داستانلىرى خەلق تارىخىنىڭ پوئېتىك كۆرۈنۈشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تارىخنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس. چۈنكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن قارىغاندا تارىخ رېئاللىقتا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقەلەرنى ۋاقىت، ئورۇن ۋە ئىشەنچلىك تارىخىي پاكىتلار بىلەن توقۇلمىسىز ئەكس ئەتتۈرسە، خەلق داستانلىرى بەدىئىي ئەدەبىيات سۈپىتىدە مۇكەممەل سيۇژېت ۋە جانلىق شېئىرى ئوبرازلار ئارقىلىق ئەسلى رېئاللىقتىن ھالقىغان ھالدا كەڭ ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى بەدىئىي تەپەككۇر يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەسلى تارىخقا قارىغاندا تېخىمۇ غايىۋىلەشكەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ توپ ئامىل سيۇژېتلارنى قانداق تەشكىللەش ۋە قانداق بىرتەرەپ قىلىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىككە مەركەزلىشىدۇ. ئەلۋەتتە تارىختىمۇ سيۇژېت بولىدۇ. لېكىن بۇ سيۇژېت داستانلاردىكىدەك سۇبيېكتىپنىڭ بەدىئىي غايىسى بويىچە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنمەستىن، بەلكى سۇبيېكتىپ چىنلىق ئاساسىدا تەرتىپلىك بايان قىلىنىدۇ.

«داستان» دېگەن بۇ ئاتالغۇ پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى جەھەتتىن قىسسە، ھېكايە، شانۇ ـ شۆھرەت، سەرگۈزەشتە، تەرىپلەش ۋە ماختاش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما ئۇ ئەدەبىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئاساسىدا خەلق

[1] «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن تۇغۇلغان ھېسلار» 1987 ـ يىل خەلق نەشرىياتى، 14 ـ، 15 ـ بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

داستانچىلىرى تەرىپىدىن شېئىرى، نەسرىي ئۇسلۇب بىلەن ئىجاد قىلىنغان يىرىك ھەجىمدىكى مۇزىكىلىق ئېپىك ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

«ئېپوس» — گرېكچە سۆز بولۇپ، يىرىك ھەجىمدىكى لىرو ـ ئېپىك ئەسەرلەر (داستانلار) نىڭ خالقئارا نامىدۇر. شۇڭا «داستان» بىلەن «ئېپوس» ئىستېمال مەنىسى ۋە مەزمۇن ماھىيىتى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ئاشۇ سەۋەبتىن جانلىق تىلدا بىز بەزىدە «داستان»، بەزىدە «ئېپوس» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. ئەمما ئىنچىكىلەپ قارىغاندا، بۇ ئىككى ئاتالغۇنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇن دائىرىسى ۋە ئوبيېكتى ئاز تولا پەرقلىنىدۇ.

«ئېپوس» — خەلقنىڭ قەھرىمانلىق غايىسى كۆلىمىدىكى جانلىق ئۆتمۈشى بولغاچقا، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىش مەنىسى جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ كۆپرەك قويۇق فانتازىيىلىك توقۇلمىلارغا ئىگە بولغان قەدىمكى تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرىغا تەتبىق قىلىنغان. شۇڭا خەنزۇ تىلىدىمۇ خەلق داستانلىرىنى ئومۇمىي نام بىلەن « 民间长诗 » دېسە، ئېپوسلارنى « 史诗 » دېگەن مەخسۇس ئاتالغۇ بىلەن ئاتايدۇ. بىز بۇ ماقالىمىزدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سيۇژېت مەنبەلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى مەقسەت قىلغاچقا، داستانلارنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرى (مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، بەدىئىي شەكىل ئالاھىدىلىكى) ھەققىدە توختالمايمىز.

I

سيۇژېت — داستانلار ئۈچۈن ئاساس بولغان ۋەقە تىزىمىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سيۇژېتى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاشمۇ ناھايىتى قىيىن بىر مەسىلە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللىرىمىز يېتەرلىك ئەمەس. ھازىرچە بىز كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن ناھايىتى چەكلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سيۇژېت مەنبەلىرىنى شەرتلىك ھالدا تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈركۈمگە ئايرىش مۇمكىن:

بىرىنچى، قەدىمكى دىنىي مىفولوگىيىلىك (ئىپتىدائىي ئىلاھلار ۋە ئىلاھلاشقان قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى ھېكايىلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ) ئوبرازلار سىستېمىسىنى سيۇژېت مەنبەيى قىلغان خەلق داستانلىرى. بۇ خىلدىكى داستانلار سيۇژېت جەھەتتىن ئىپتىدائىي مىفلارنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەپسانىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دەرۋەقە، ئەپسانە بىلەن ئېپوس ئىككى ئوخشىمىغان ئىككى خىل ژانىرغا مەنسۇپ.

پەيدا بولۇش دەۋرىدىن قارىغاندا، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەپسانىلار ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مىفولوگىيە دەۋرى دەپ ئاتالغان ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى (پاترىئارخال ئۇرۇقچىلىق دەۋرى) ئاساسىدىكى ئانىمىستىك ۋە① توتېمىستىك②قاراشلار ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلار سىستېمىسى غەيرىي ـ تەبىئىي ھالدا سەنئەت تارىخىدا مىفولوگىيە دەۋرىنى شەكىللەندۈرگەن.

داستانلار (ئېپوسلار) بولسا، تارىختا «قەھرىمانلىق دەۋر» دەپ ئاتالغان ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى (پاترىئارخال ئۇرۇقچىلىق مۇناسىۋەتلىرى) نىڭ مەھسۇلى.

مەزمۇن ماھىيىتى جەھەتتىن قارىغاندا، مىفولوگىيىلىك ئەپسانىلاردا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كۆدەكلىك باسقۇچىدىكى خىيالىي فانتازىيىسى ئارقىلىق ياراتقان ئىلاھىي كۈچلەر ياردىمىدە تەبىئەت كۈچلىرىنى يەڭسە، داستانلاردا غايىۋىلاشقان ۋە مۇبالىغىلاشقان رېئاللىق ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئارزۇسى ۋە ئىرادىسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

---

① ئانىمىستىك ـ «ھەممە نەرسىدە روھ مەۋجۇت» قارىشىنىڭ ئومۇمىي نامى.

② توتېمىستىك (توتېمىزم) ـ ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەيىنى بىرەر ھايۋانات جان ـ جانىۋار ياكى مۆئەييەن شەيئىلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان قاراشنىڭ ئومۇمىي نامى.

شەكىل ـ خاراكتېر جەھەتتىن قارىغاندا، ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ ئاڭسىز (ئىستىخىيىلىك) سەنئەت شەكلىگە مەنسۇپ، داستانلار بولسا ئىنسانلارنىڭ ئاڭلىق سەنئەت پائالىيىتىگە مەنسۇپ، مەيلى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بۇخىلدىكى ئېپوسلارنىڭ سيۇژېت مەنبەسى قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى «چاشتانى ئېلىگ بەگ»، «شاھزادە ۋە شىر»، «رۇستەمى داستان» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. «چاشتانى ئېلىگ بەگ» داستانى خەلقىمىز ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ كەڭ تارقالغان چاشتانى ئەپسانىلىرىنى سيۇژېت مەنبەسى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىمىستىك كۆز قاراشلىرى سىڭگەن. بۇ داستاننىڭ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بويىچە خاتىرىلەنگەن ئەڭ بۇرۇنقى نۇسخىسى گېرمانىيىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى 1913 ـ، 1914 ـ يىللىرى تۇرپاندىن تاپقان. بۇ نۇسخا ھازىرغىچە بېرلىندا ساقلانماقتا. لېكىن بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا چاشتانى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ VI — VII ئەسىرلەردىلا يازما شەكىلگە كىرگەنلىكىنى ھەمدە بۇ داستان ئەسلىدە بۇددا دىنى پەيدا بولۇشتىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئانىمىزم دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن مەزگىللىرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.①

«كىتابى جەمشىد» (جەمشىد قىسسەسى) — ئەپسانىۋى ئىران سۇلالىسى يىلنامىسىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرى — پىشتادىلار پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى ئىلاھى سۈپەتكە ئىگە جەمشىد ھەققىدىكى ئەپسانە- رىۋايەتلەرنى سيۇژېت مەنبەسى قىلغان. جەمشىد قىسسەسى قويۇق فانتاستىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، قەدىمكى شەرق خەلقلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بۇ جەرياندا جەمشىد ۋەقەلىكىمۇ تەدرىجىي بېيىپ ئۆزگىرىپ ماڭغان. ئەسلىدە مىفولوگىيىلىك سيۇژېت ئاساسىدا يارىتىلغان جەمشىد ئوبرازى كېيىنچە سۇلالە تەركىبىدىكى پادىشاھقا ئايلىنىپ، تارىخىي شەخس قاتارىغا كىرگەن بولسا، جەمشىد قىسسەسىدە جەمشىدنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىگە ئائىت كۆپلىگەن ئىبرەتلىك سيۇژېتلار خەلق تەرىپىدىن قوشۇلۇپ، تېخىمۇ يۈكسەك غايىگە ئىگە قىلىنغان. جەمشىد ھەققىدىكى دەسلەپكى ئەپسانە- رىۋايەتلەر زاروئاستىر (ئاتەشپەرەسلىك) دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋىستا» ھەمدە ئىراننىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» قاتارلىق ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلىرىدە خاتىرىلەنگەن.

«شاھزادە ۋە شىر» داستانى بەشبالىقلىق سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان، «ئالتۇن يارۇغ» ناملىق ئەسەر ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، قەدىمكى بۇددا مىفلىرىنى سيۇژېت مەنبەسى قىلغان ئۇيغۇر ئېپوسلىرى تۈركۈمىگە كىرىدىغان ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇپ سانىلىدۇ.

«رۇستەمى داستان» ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئەپسانىلەر ئىران مىفولوگىيە (ئەپسانىلەر) سىستېمىسىدىكى ئىلاھلاشقان ئوبراز رۇستەمنىڭ يامانلىق كۈچلىرىنىڭ خۇداسى ئاھرامان دىۋە (ئاھرومامەنيۇ) بىلەن بولغان جەڭلىرىدىن باشلانغان بولسىمۇ، كېيىنچە بۇ مىفولوگىيىلىك قەھرىمان ئىران سۇلالىلار تارىخىغا ئېلىپ كىرىلىپ، تارىخىي شەخسكە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. «رۇستەمى داستان» ئېپوسى كېيىن تېخىمۇ بېيىپ، «سىياۋۇش»، «خىسراۋ ۋە شىرىن»، «داراپنامە»، «قاراخان پادىشاھ»، «ئەفراسىياپ» (ئالىپ ئەرتوڭا) قاتارلىق ئېپوس ۋە قىسسەلەر ھاسىل بولغان.

ئىككىنچىدىن، تارىخىي قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرىنى سيۇژېت مەنبەسى قىلغان خەلق داستانلىرى، بۇ خىلدىكى داستانلارغا «ئوغۇزنامە»، «ئەرگىنەقۇن»، «قورقۇت ئاتا (دېدى قورقۇت)»، «ئىسكەندەرنامە»، «ئالىپ ئەرتوڭا»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، «گور ئوغلى»، «يۈسۈپ ـ ئەھمەد» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇخىلدىكى داستانلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەر ئارا ئۈزلۈكسىز كۆچۈپ يۈرۈش، ئىلگىرى كۆچۈشلەرنىڭ ئىز ... ۋاتقان زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار بەدىئىي ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مەسىلەن، تارىخىي، ئىجتىمائىي

① ئابدۇكېرىم راخمان: «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىل. 44 ـ بەت.

ۋە بەدىئىي قىممىتى جەھەتتە دۇنياغا مەشھۇر «ئوغۇزنامە» داستانى قەدىمكى شامان دىنى ئېتىقادى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى سيۇژىت مەنبەسى قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «ئوغۇزنامە» دە ئىپادىلەنگەن كۆپلىگەن رىۋايەتلەر ۋە قەدىمكى مىفلار بىلەن باغلىق ۋەقەلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكى، قەدىمكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئىدىيۋى ئىشەنچلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايمىز. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا «ئوغۇزنامە» داستانىنى ئۆزى مەيدانغا كېلىشتىن ئاۋۋالقى خەلقىمىز- نىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرى ۋە شامان ئەپسانىلىرىنى ئاساسىي سيۇژىت مەنبەسى قىلغان تىپىك مىللىي داستان دېيىشكە بولىدۇ.

داستاندىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە توتېم ئېتىقادى ۋە شامان ئۆرپ ـ ئادەت مۇراسىملىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سيۇژىتلاردىن قارىغاندا، ئوغۇز رىۋايەتلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەن دەۋرى ئومۇمەن ئانىلىق سەلتەنىتىنىڭ ھالاك بولۇشى، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئوغۇزخاقان ئەۋلادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئوخشىمايدىغان ئىككى تەبىقىگە بۆلۈنۈشى ـــ ئۇلارنىڭ ھاكىملىق ۋە تابىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدىغان بىرخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

«ئەرگىنەقۇن داستانى ـــ تۈتېمىزم ئېلېمېنتلىرى ساقلانغان شامانىزم تۈسىنى ئالغان بۇ داستان ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى ھېسابلانغان ئالتاي تاغلىرى ئېتىكىدە ياشىغۇچى شەرقى تۈرالارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ قەبىلىچىلىك تۈزۈمىدە ياشاۋاتقان چاغلاردىلا رودا ئېرىتىش ۋە تۆمۈرچىلىك ئىختىراسى بىلەن مەشھۇر بولغانلىقىدەك يەرلىك سيۇژىتىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. بۇ داستان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكەن تاغ جىلغىلىرى (ئەرگىنەقۇن) نى ئانا ماكان قىلغان تارىخىي دەۋرلەردىكى جەڭگىۋار ھاياتىنى قەدىمكى ئۇيغۇر قوشاقلىرىنىڭ نەزمە شەكلىدە ئىپادىلەپ بەرگەن.

«قورقۇت ئاتا» (دېدى قورقۇت) داستانى. بۇ داستان بىۋاسىتە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سيۇژىتلىرى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا، VIII — IX ئەسىرلەردە پەيدا بولۇپ، XVI — XVII ئەسىرلەردە مۇكەممەل داستان ھالىتىگە كىرىپ خاتىرىگە ئېلىنغان. بۇ داستاننىڭ سيۇژىت مەنبەسى مۇسۇلمانلاشقان ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، يېقىن شەرق، گرۇزىن، ئەففاز، گرېك ۋە زاكافكارىيىدە ئىسلام ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭ قەھرى- مانلىقلىرىنى ۋە رىۋايەتلىك شەخس قورقۇت ئاتىنىڭ ئۆز خەلقىگە بەخت يارىتىش يولىدىكى جەڭگىۋار ئىش ئىزلىرىنى ئاساس قىلغان. «قورقۇت ئاتا» توغرىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە قورقۇت ئاتىنى ھەم يېتۈك شائىر ھەم تىۋىپ (ھەكىم) ھەم شامان پىرى، ھەم ئاسترونوم سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ.

«گور ئوغلى» داستانلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان 40 دىن ئارتۇق ۋارىيانتقا ئىگە داستانلار- نىڭ تۈركۈمى بولۇپ، ئۇ ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنىدۇ؛ بىرى زاكافكازىيە ۋە يېقىن شەرقتىكى نۇسخىسى، (ئەزەربەيجان، ئەرمەن، گرۇزىن، ئاناتولىيە تۈركلىرى، ئىران ۋە باشقىلار) يەنە بىرى ئوتتۇرا ئاسىيا نۇسخىسى (ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە ئوغۇز قىپچاقلىرى) بىرىنچى تارماق نۇسخا ھەم تارىخى ھەم رىۋايەتلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئىران شاھى ئاbbas I (مىلادى 1585 ـــ 1628 ـ يىللار) ۋە ئوسمانلى سۇلتانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنىڭ باشلىقى گور ئوغلى ئىسىملىك قەھرىماننىڭ جەڭگىۋار ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى ئۆزىگە سيۇژىت مەنبەسى قىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا نۇسخىسىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ۋە ئۆزبېكلەر ئارىسىدىكى نۇسخىدا گور ئوغلى ھەققىدىكى تارىخى رائۋايەتلەر تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ۋە غايىۋىلەشتۇرۇلۇپ، گور ئوغلىنى ئاشۇ خەلقلەرنىڭ بېگى، قانۇنىي ھۆكۈمدارى، ئۆز خەلق، ۋەتىنى ئۈچۈن جان پىدا قىلغۇچى يېڭىلمەس باھادىر سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. بۇ نۇسخىدا ئەپسانە بىلەن رىۋايەت بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن. بۇ داستان نەزمە ۋە نەسرى شەكلىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، نەزمە قىسمى بارماق ۋەزنىنىڭ 7، 8 ۋە 11 بوغۇملۇق شەكلىدىن ئىبارەت.

«ئالىپ ئەرتوڭا» داستانى مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن

قانلىق جەڭ ۋەقەلىرىنى سيۇژىت مەنبەسى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوغۇزخان توران شاھى سۈپىتىدە ئۆز يۇرتى ۋە ئىلىنى باسقۇنچىلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ساقلاش يولىدا ئېلىپ بارغان جاسارەتلىك ئىش-ئىزلىرى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا خەلقىنىڭ چوڭقۇر تەزىيىسى شېئىرى يول بىلەن تەسىرلىك بايان قىلىنىدۇ. «ئالىپ ئەرتوڭا» ــــ ئىرانلىقلار تەرىپىدىن «ئەفراسىياپ» دەپ ئاتالغان تارىخىي شەخس بولۇپ، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ «شاھنامە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئەفراسىياپنى توران①مەملىكىتىنىڭ خاقانى دەپ تىلغا ئالىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر ئىران بىلەن توران ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولغان ساسانىيلار سۇلالىسى②دەۋرىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن بۇ داستانىنىڭ تولۇق نۇسخىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت ئۇنىڭ ئايرىم پارچىلىرىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئىچىگە كىرگۈزگەن.

«ئىسكەندەرنامە» ئېپوسىغا كەلسەك، ئىسكەندەر ھەققىدە ئىراندىن بۇرۇنلا يۇناندىن چىن ماچىن (خوتەننى كۆرسىتىدۇ) گىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەر ئارىسىدا تۈرلۈك ـ تۈمەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر كېزىپ يۈرگەن بولۇپ، بۇ داستان مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە قۇرۇلغان گرېك ئېمپېرىيىسىنىڭ سەركەردىسى ئالېكساندىر ماكىدۇنىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) نىڭ شەرققە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىنى بايان قىلىدىغان يېرىم تارىخىي، يېرىم ئەپسانىۋى ۋەقەلەرنى سيۇژىت مەنبە قىلغان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسكەندەر ھەققىدە خېلى كۆپ رىۋايەتلەر بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن «ئالتۇن قان» رىۋايىتى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئىسكەندەرنى داستان دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىي ئەسەرلەر ئالدى بىلەن پارس، ئۇيغۇر، ئەزەربەيجان خەلق ئېپوسلىرى بولۇپ، كېيىنرەك ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ «شاھنامە» سى ئىچىگە كىرگۈزگەن. ئۇنىڭدىن باشقا نىزامى گەنجەۋى (مىلادى 1141 ــــ 1209) نىڭ «ئىسكەندەرنامە»، ئەمىر خىسراھ دېھلىۋىنىڭ (مىلادى 1414 ــــ 1492) «خىرەتنامەئى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر ئەقىلنامىسى)، ئەلشىر ناۋايى (مىلادى 1441 ــــ 1501) نىڭ «سەددى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر سېپىلى) قاتارلىق داستانلىرى ئەنە شۇ ئەپسانىۋى تارىخلار بىلەن ئىسكەندەر ھەققىدىكى خەلق ئېپوسلىرىغا تايىنىپ ئىجاد قىلىنغان.

دېمەك: تارىخى قەھرىمان رىۋايەتلىرىنى سيۇژىت مەنبەسى قىلغان يۇقىرىقىدەك داستانلاردا تارىخىي ھەقىقەت ئەپسانىغا، ئەپسانىلار «ھەقىقەت» كە ئايلىنىپ كەتكەن «قەھرىمانلىق دەۋر» نىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئىنكاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ داستانلار گەرچە مۇئەييەن تارىخىي رىۋايەتلەرنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەپسانە تۈسىدىكى ئەنئەنىۋى سيۇژىتلاردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇ داستانلاردا تەسۋىرلەنگەن ئىلاھىلاشقان خىزىر، پەرىشتە، دىۋە، بۇلبۇلگويا، ئاق تۇرنا قاتارلىق سېھرى ئوبرازلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىۋى ئېڭىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇچىنچى، ساداقەتمەنلىك، ۋاپادارلىق، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ئىنسانپەرۋەرلىك . . . قاتارلىق كىشىلىك ئەخلاق غايىلىرى ئالغا سۈرۈلگەن دۇنياۋى تېمىلارنى سيۇژىت مەنبەسى قىلغان داستانلار. بۇخىلدىكى داستانلار ئىنساننىڭ ئەڭ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى لىرىكىلىق ھالدا ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن ئادەتتە «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ ئاتالغان. بۇ تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سيۇژىت مەنبەسى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى يەرلىك سيۇژىت ئاساسىدا يارىتىلغان، بۇ تىپتىكى داستانلارغا «تاھىر ـ زۆھرە»، «ھۆرلىقا ـ ھەمراجان»، «شەمسى جانان ۋە قەمەر شاھ»، «قورا كۆرپەش ۋە قارا چاچ ئايىم» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇ داستانلارنىڭ بەزىلىرى قويۇق فانتازىيىلىك تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇ ئەپسانىۋى ـ سېھرگەرلىك كۆز قاراشلىرى

① توران ــــ مەركىزىي ئاسىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە موڭغۇلىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي خەلقلەر يۇرتلىرى (ئوغۇز يۇرتلىرى) نى ئىرانلىقلار «توران» دەپ ئاتىغان.

② ساسانىيلار ــــ ئىراننىڭ 4 ـ سۇلالىسى بولۇپ، بۇ سۇلالە مىلادى 226 ـ يىلدىن 651 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. بۇ سۇلالە دەۋرىدە ئىران بىلەن تورانلار ئوتتۇرىسىدا ئۈزلۈكسىز جەڭگى ـ جېدەللەر يۈز بېرىپ تۇرغان.

ئاساسىدا ئەپسانىۋى سيۇژىتلەردىن تەرەققىي قىلىپ داستان تۈسىگە كىرگەن. يەنە بەزىلەر («تاھىر-زۆھرە») مۇئەييەن تارىخىي رىۋايەتلەر ئاساسىدا يارىتىلغان بولۇپ، ئاساسەن ئۇيغۇرلارغا خاس يەرلىك سيۇژىتلارنى مەنبە قىلغان.

ئىككىنچى تۈرى كۆچمە سيۇژىتلىق مۇھەببەت داستانلىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا «يۇسۇپ - زىلەيخا»، «لەيلى - مەجنۇن»، «فەرھاد - شېرىن»، «غېرىب - سەنەم» قاتارلىق دۇنياۋى مەشھۇر داستانلارنى مىسال قىلىش مۇمكىن، بۇ داستانلار كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان مۇھەببەت تراگېدىيىلىرى ئارقىلىق فېئوداللىق نىكاھ قانۇنى ۋە فېئوداللىق ئەدەپ ئەخلاقنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. بۇ داستانلار ئىنسانلارنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئاياغ - ئاستى قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن سانسىزلىغان مۇھەببەت تراگېدىيىلىرى ئۇزلۇكسىز يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان جاھالەتلىك فېئودالىزم تۈزۈمىدىكى رېئال تۇرمۇش ۋەقەلىرىنى ئۆزىگە سيۇژىت مەنبەسى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسەن فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنى يادرو قىلغان چىرىك فېئوداللىق ئەدەپ - ئەخلاققا قارشى ئىسيانكارلىق روھ نامايەن قىلىنغان. بۇنداق رېئالىستىك مۇھەببەت داستانلىرى ئۇچۇن ئاساس بولغان رىۋايەتلىك ۋەقەلەر مۇئەييەن ماكان ۋە زاماندا پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئۇ بارا بارا كۆچمە سيۇژىتقا ئايلىنىپ، خەلقلەر ئارىسىدا بولىدىغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىلەر ئارقىلىق باشقا خەلقلەر ئارىسىغىمۇ كەڭ تارقىلىپ مىللىي خاسلىققا ئىگە ئاجايىپ گۈزەل داستانلار بولۇپ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، «يۇسۇپ - زىلەيخا» داستانى ئىسلام دىنى ۋە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى شەكىللىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا مىسىر دىيارىدا پاك ۋە چىن سۆيگۈ ئەقىدىسى توغرىسىدا پەيدا بولغان گۈزەل رىۋايەتلەر ئاساسى مەنبە قىلغان. كېيىنچە بۇ رىۋايەت ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن. يۇسۇپ - زىلەيخانىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدىكى بۇ تەسىرلىك قىسسە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئىچىگە تارقىلىپ كىرگەن.

«لەيلى - مەجنۇن» داستانى ئەڭ دەسلەپ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان لەيلى ۋە مەجنۇن ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەرنى سيۇژىت مەنبەيى قىلغان. بەزىلەر لەيلىنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بولغان قەيسنى مىلادى VI ئەسىردە ئۆتكەن رېئال شەخس دەپ قارايدۇ. («ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەجنۇننىڭ ئەسلى ئىسمى قەيس ئىبنى مۇراۋاھ بولۇپ، ئۇ لىرىك قوشاقچىلىقنىڭ داڭلىق ۋەكىلىدۇر. قەيس لەيلى ئىسىملىك قىزغا ئاشىق بولۇپ، مەجنۇنلۇق دەرىجىگە يەتكەنلىكى ئۈچۈن «مەجنۇن لەيلا» لەيلىنىڭ مەجنۇنى» دەپ ئاتالغان.)①

بۇ قىسسە ئەڭ بۇرۇن ئىبنى قوتەيبەنىڭ «شېئىر ۋە شائىر ھەققىدە كىتاب»، ئەبۇل فەراج ئەل ئىسپىھانىنىڭ «مەجنۇن ھەققىدە ھېكايە» ۋە ئەبۇ بەكرى ئەل ۋالىبى تۈزگەن «دىۋانى مەجنۇن» قاتارلىق ئەسەرلەردە خاتىرىگە ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋى، ئەلشىر ناۋايى قاتارلىق شەرق ئەدەبىياتىنىڭ پېشىۋالىرى بۇ قىسسە ئاساسىدا ئىجادىي ھالدا «لەيلى - مەجنۇن» داستانلىرىنى يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ «خەمسە»لىرى ئىچىگە كىرگۈزگەن.

«فەرھاد - شېرىن» ھەققىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەر ئەسلىدە VII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئىران خەلق ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، خەلق ئارىسىدا «خىسراۋ ۋە شېرىن» نامى بىلەن تونۇلغانىدى. X ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ رىۋايەتنى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دېھلىۋىلارمۇ بۇ رىۋايەت ئاساسىدا «خىسراۋ ۋە شېرىن» نامىدا داستان يازدى. ناۋايى دەۋرىگە كەلگەندە، بۇ رىۋايەت تېخىمۇ يېڭى تۈس ئېلىپ ئوبرازلار خاراكتېرىدىمۇ ئۆزگىرىش ھاسىل بولدى. ئەلشىر ناۋايى بۇ رىۋايەتكە تېخىمۇ رېئال تۈس بېرىپ، خىسراۋ شاھ ئورنىغا چىن شاھزادىسى (خوتەن شاھزادىسى) فەرھاد ئوبرازىنى قويۇپ،

① قىلىپ . ك. ھىتتى: «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم، 291 - بەت.

كۆچمە سيۇژېتنى يەرلىك تۈسكە ئىگە قىلدى. ناۋايىدىن كېيىن ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ئىزچىل ھالدا فەرھادنى خوتەن شاھزادىسى، شېرىننى شەھرىيار مەلىكىسى دەپ تەسۋىرلەپ كۆچا مىلك ئۆيلىرىنى فەرھاد قازغان دېگەن سيۇژېتقا راۋاجلاندۇردى ۋە مۇشۇ سيۇژېت ئاساسىدا بۇ داستان خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ھەممىدىن كەڭ بولغان خەلق داستانلىرىنىڭ ئۆلگىسى «غېرىب ـ سەنەم» داستانىدۇر. بۇ داستاننىڭ ئەڭ دەسلەپكى سيۇژېتى توغرىسىدا ئەزەربەيجان ئالىمى جەمەت ئاراسلى بىلەن ئۆزبېك ئالىمى ۋاھىت ئابدۇللايوفلار XVI ئەسىرلەردە ئۆتكەن غېرىب تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ ھىجرانلىق تېمىسىدىكى شېئىرلىرىنى كىرىشتۈرۈش ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

لېكىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «غېرىب ـ سەنەم» داستانىنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرىدا، بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدە شەكىللەنگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ.

«غېرىب ـ سەنەم» داستانىنىڭ ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەر ۋە ئىرانلىقلار ئارىسىدا 40 پارچىدىن ئارتۇق ۋارىيانتلىرى بار.

دېمەك، كۆچمە سيۇژېتلارنى مەنبە قىلغان يۇقىرىقىدەك مۇھەببەت داستانلىرى قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولغان ۋەقەلەر ئىچىدە لىرىكىلىق بايان قىلىش ئارقىلىق فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ جىنايەتلىك خاراكتېرىنى كۈچلۈك ئېچىپ تاشلاپ، ئىنسانىي سۆيگۈنى ئۇلۇغلايدۇ. لېكىن بۇنداق داستانلارمۇ ئەنئەنىۋى فانتازىيىلىك سيۇژېتلاردىن خالىي ئەمەس.

ئۈچىنچى، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا يۈز بەرگەن رېئال تارىخىي ۋەقەلەرنى سيۇژېت مەنبەسى قىلغان تارىخىي داستانلار. بۇخىل داستانلارنىڭ رېئالىستىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشىنى مەنبە قىلغان.

بۇنىڭغا «نۇزۇگۇم»، «ئابدۇراخمان پاشا»، «سىيىت نوچى»، «تۆمۈر خەلپە» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇ خىلدىكى تارىخىي داستانلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانسىنىپلارغا قارشى كۈرەشلىرى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن XIX ئەسىردىكى بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللاردا مەيدانغا كەلگەن.

خۇلاسە قىلغاندا، يازما ياكى ئاغزاكى ھالدا خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سيۇژېت مەنبەلىرىنى ئېنىقلاش بىرقەدەر مۇرەككەپ ئىما ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق مۇرەككەپلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بىز پەقەت قولىمىزدىكى چەكلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ سيۇژېت مەنبەسىنى تۆت تۈركۈمگە ئايرىپ، ئۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. شۈبھىسىزكى، بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

---


پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

① ئابدۇكېرىم راخمان: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى»، 1983 ـ يىل شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى.

② مۇھەممەد زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» 1981 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

③ ئوسمان ئىسمايىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 1998 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

④ ئابدۇكېرىم راخمان: «فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات»، 1989 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.

⑤ ئابدۇكېرىم راخمان: «مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن توغۇلغان ھېسلار» 1989 ـ يىل، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى».

⑥ «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»، I، II، III كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ، 1983 ـ، 1985 ـ يىللار.

⑦ «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» 1985 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

⑧ «يۇسۇپ ئەھمەد» 1983 ـ يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

# ئىئون

## (ئەپلاتونىنىڭ «غايىۋى دۆلەت» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى)

### — شېئىرى ئىلھام توغرىسىدا

پاراڭلاشقۇچىلار: سوقرات
ئىئون

(ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى)

س: ئىئون، سېنى قارشى ئالىمەن، شۇ تاپتا نەدىن كېلىشىڭ؟ يۇرتۇڭ ئېفېستىن[1] كەلدىڭمۇ؟

ئى: ياق سوقرات، مەن ئېبداروستىن[2] كەلدىم، ئۇ يەردە ئىلاھ ئېسكۇلاپىيوسنىڭ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەنىدى، مەن بېرىپ قاتناشتىم.

س: ئېبداروسلۇقلار مۇراسىمدا ھاپىزلىق مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىپ بۇ تىبابەت ئىلاھىنى خاتىرىلىدىمۇ؟

ئى: ھەئە، يەنە ھەرخىل ئەدەبىيات - سەنئەت مۇسابىقىلىرىمۇ بار.

س: مۇسابىقىگە سەنمۇ قاتناشتىڭمۇ؟ نەتىجە قانداقراق؟

ئى: ۋاھ ھەممىدە بىرىنچى بولدۇم سوقرات.

س: ناھايىتى ئوبدان! مەن سېنىڭ ئافىنا ئىلاھلىرىنىڭ مۇراسىمىغا[3] قاتنىشىشىڭنى، ئۇنىڭدىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئى: خۇدا بۇيرىسا چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن.

س: مەن ۋاھىزلىققا ھەۋەس قىلىمەن، ئىئون، چۈنكى سىلەرنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن يۈزۈر كىيىنىشكە توغرا كېلىدۇ. سىلەر ھومېردەك بۈيۈك شائىرلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىسىلەر. ھومېر ھەقىقەتەن ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ مۇقەددەس شائىر. سەن ئۇنىڭ جۈملىلىرىنىلا پىششىق ئوقۇپ قالماستىن يەنە ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى تولۇق چۈشىنىشىڭ كېرەك. بۇ ئىش ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ! چۈنكى ۋاھىزلار شائىرنىڭ ئوي - پىكرىنى نامايان قىلىپ تىڭشىغۇچىلارغا چۈشەندۈرىدۇ. باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزى چۈشىنىش كېرەك. شائىرنىڭ ئوي - پىكرىنى چۈشەنمىگەن ئادەم ۋاھىز بولالمايدۇ. چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇخىل ماھارەتلەر ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ.

ئى: توغرا ئېيتتىڭ سوقرات، مەن ۋاھىزلىق ماھارىتىمنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلدىم. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ھومېرنى چۈشەندۈرۈشكە كەلگەندە ھېچكىم ماڭا يەتمەيدۇ. لانپولۇنكولۇق موتروت، ناسوسلۇق مىتېبورود[4] گىلوكون مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھومېر ھەققىدە مېنىڭدەك ياخشى چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئەمەس.

س: ناھايىتى خۇرسەن بولۇۋاتىمەن، ئىئون ئاشۇ ياخشى قاراشلىرىڭنى ماڭا سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن.

ئى: ئەلۋەتتە سوقرات، سەنمۇ مېنىڭ سەنئەت ئارقىلىق ھومېرنى قانداق گۈزەللەشتۈرىدىغانلىقىمنى ئاڭلىشىڭ كېرەك. كېسىپ ئېيتىمەنكى، ھومېرنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ماڭا زەر تاج بىلەن تەشەككۈر بىلدۈرۈش كېرەك.

س: ھومېرنى ئېيتىشىڭنى كېيىن ئاڭلاي،

ھازىر سەندىن بىر مەسىلىنى سوراپ باققىم بار،
سىنىڭ ئېيتالايدىغىنىڭ ئارانلا ھومېرمۇ ياكى
ھېسئود، ئاكروكوسلارمۇ؟ بارمۇ؟ ئۇلارنى ئوخ-
شاشلا ياخشى ئېيتالامسەن؟

ئى: مەن پەقەت ھومېرنىلا ئېيتالايمەن. مۇ-
شۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك دەپ قارايمەن.

س: بەزى تېمىلار ئۈستىدە ھومېر بىلەن
ھېسئودنىڭ ئېيتقانلىرى ئوخشاشمۇ؟

ئى: توغرا، مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇلارنىڭ
ئېيتقانلىرىدا نۇرغۇن ئوخشاشلىقلار بار.

س: مۇشۇ ئوخشاش تېمىلار ئۈستىدە سەن
قايسى شائىرنى ياخشى چۈشەندۈرەلەيسەن؟ ھو-
مېرنىمۇ ياكى ھېسئودنىمۇ؟

ئى: ئەگەر ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى ئوخشاش
بولسا، مەنمۇ ئۇلارنى ئوخشاشلا ياخشى چۈشەندۈ-
رەلەيمەن.

س: ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى ئوخ-
شاش بولمىسىچۇ؟ مەسىلەن، پال ھەققىدە ھو-
مېرمۇ سۆزلىگەن، ھېسئودمۇ سۆزلىگەن، شۇن-
داقمۇ؟

ئى: شۇنداق.

س: ئەگەر ئۇلارنىڭ پال ھەققىدە ئېيتقانلى-
رىنى بىر پالچى بىلەن ئىككىڭلارنىڭ چۈشەندۈرۈ-
شىگە توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ
ئوخشاش ياكى ئوخشاش بولماسلىقىدىن قەتئىينە-
زەر، قايسىڭلار ياخشىراق چۈشەندۈرىسىلەر؟

ئى: پالچى ياخشىراق چۈشەندۈرىدۇ.

س: ئەگەر سەن بىر پالچى بولساڭ، ئۇلار-
نىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاش بول-
ماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، سەن ئۇلارنىڭ ھەر
ئىككىسىنى ئوخشاشلا ياخشى چۈشەندۈرەلەمسەن؟

ئى: ئەلۋەتتە.

س: سىنىڭ ھومېرنى چۈشەندۈرۈشكە كەل-
گەندە كارامىتىڭ بار. ھېسئودنى چۈشەندۈرۈشكە
كەلگەندە يوق ئىكەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ھومېر
يازغان تېما بىلەن باشقا ئادەتتىكى شائىرلار يازغان
تېمىلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمدۇ؟ ئۇلارنىڭ بايان
قىلغانلىرى ئاساسەن ئۇرۇشقۇ؟ ئۇ كىشىلىك
مۇناسىۋەت ــ ياخشى بىلەن يامان، ياراملىق
بىلەن يارامسىزنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىلاھ بىلەن ئىن-
لاھنىڭ مۇناسىۋىتى، ئىلاھ بىلەن ئادەمنىڭ مۇنا-
سىۋىتى، ئەرش بىلەن پەرىشتە نېمە ئىشلارنىڭ
بولغانلىقى، ئىلاھلار بىلەن قەھرىمانلارنىڭ كې-
لىپ چىقىشى ھەققىدە سۆزلىگەن ئەمەسمۇ؟ ھو-
مېرنىڭ كۈيلىگەنلىرى مۇشۇلارغۇ؟

ئى: ئېيتقانلىرىڭ ناھايىتى توغرا سوقرات.

س: باشقا شائىرلارنىڭ كۈيلىگەنلىرىمۇ دەل
مۇشۇ خىل تېمىلار ئەمەسمۇ؟

ئى: توغرا سوقرات، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇسۇ-
لى ھومېرغا ئوخشىمايدۇ.

س: سىنىڭچە ھومېرنىڭ ئۇسۇلى باشقا شا-
ئىرلارنىڭ ئۇسۇلىدىن ياخشىمۇ؟

ئى: سېلىشتۇرغىسىز ھالدا كۆپ ياخشى.

س: يەنە بىر سوراپ باقاي سۆيۈملۈك ئى-
ئان، ئەگەر نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىلمىي ھېساب
ئۈستىدە سۆزلىدى دېسەك، بىز بۇلارنىڭ ئىچىدە
مەلۇم بىرسىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلا-
لامدۇق؟

ئى: قىلالايمىز.

س: كىمنىڭ ياخشى سۆزلىگەنلىكى ۋە كىم-
نىڭ ياخشى سۆزلىمىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالام-
دۇق؟

ئى: قىلالايسىز.

س: ئاشۇنداق كىشىنى ھېسابچى دېسەك بو-
لامدۇ.

ئى: بولىدۇ.

س: ئەگەر نۇرغۇن ئادەمنى يېمەكلىكلەرنىڭ
ئوزۇقلۇق قىممىتى ئۈستىدە پاراڭلاشتى دېسە،
بۇلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم بىرسى ياخشى سۆزلەيدۇ،
يەنە مەلۇم بىرسى كىمنىڭ سۆزلىگەنلىكى كىم-
نىڭ ناچار سۆزلىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ،
شۇنداقمۇ؟

ئى: توغرا، بۇ ناھايىتى ئېنىق.

س: ياخشى بىلەن ناچارنى ئوخشاشلا پەرقلەن-
دۈرەلەيدىغان بۇ كىشى كىم؟

ئى: دوختۇر.

س: ئۇنداق بولسا ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقان-
دا، تېما ئوخشاش بولسىلا نېمە ھەققىدە سۆزلەشتە
قەتئىينەزەر ۋە پاراڭلاشقۇچىلارنىڭ كۆپ بولۇشى-
دىن قەتئىينەزەر، مەلۇم بىر ئادەم كىمنىڭ ياخ-
شى سۆزلىگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالىغان ئىكەن
ئوخشاشلا كىمنىڭ ناچار سۆزلىگەنلىكىگىمۇ ھۆ-

كوم قىلالايدۇ. كىمنىڭ ناچار سۆزلىگەنلىكىگە هۆكۈم قىلالمىسا، ئۇنداقتا، كىمنىڭ ياخشى سۆزلىگەنلىكىگىمۇ هۆكۈم قىلالمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئى: ئەلۋەتتە.

س: سېنىڭ دېگەنلىرىڭ بويىچە هومېر ۋە باشقا شائىرلار، مەسىلەن، ھېسئود بىلەن ئاكروكوسلارنىڭ يازغان تېمىلىرى ئوخشاش، لېكىن ئۇسۇل جەھەتتە ياخشى يامان پەرقىگە ئىگە، بۇ جەھەتتە هومېر ياخشىراق، باشقا شائىرلار ناچارراقمۇ؟

ئى: مەن شۇنداق دېگەن، دېگەنلىرىم توغرا.

س: ئەگەر سەن كىمنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىگە هۆكۈم قىلالىساڭ، ئۇنداقتا كىمنىڭ ناچارلىقىغا هۆكۈم قىلالايسەن؟

ئى: ئەلۋەتتە، شۇنداق.

س: ئۇنداقتا سۆيۈملۈك ئىئان، ئەگەر مەن ئىئان هومېرنى چۈشەندۈرەلىگەن باشقا شائىرلارنىمۇ چۈشەندۈرەلەيدۇ بەلكى ئوخشاشلا مۇكەممەل چۈشەندۈرەلەيدۇ دېسەم توغرا، چۈنكى ئىئاننىڭ ئۆزى مۇنۇ ئىككى نۇقتىنى ئېتىراپ قىلدى: بىرى، تېما ئوخشاش بولسىلا قايسىنىڭ ياخشى قايسىنىڭ ناچار ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولىدۇ، يەنە بىرى شائىرلار يازغان تېمىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش.

ئى: لېكىن كىشىلەر باشقا شائىرلاردىن گەپ ئاچقاندا كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىيالماي قالىمەن، مېنى مۈگدەك باسىدۇ، ھېچقانداق قاراشمۇ تۇغۇلمايدۇ. بىراق هومېردىن گەپ ئېچىلسا، دەرھال ئويغىنىمەن ـ دە، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايمەن، پەكىرلىرىممۇ ئۇرغۇيدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

س: دوستۇم، بۇنى چۈشەندۈرۈش ناھايىتى ئوڭاي، ناھايىتى روشەنكى، سەن هومېرنى چۈشەندۈرگەندە ماھارەتكە[6] تايانمىدىڭ، ئەگەر سەن هومېرنى ماھارەت ئارقىلىق چۈشەندۈرەلىگەن بولساڭ، باشقا شائىرلارنىمۇ ماھارەتنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە چۈشەندۈرەلىگەن بولاتتىڭ، چۈنكى شېئىردا ئورتاقلىق بولىدۇ.

ئى: ئېيتقانلىرىڭ توغرا.

س: باشقا ماھارەتلەرمۇ ئوخشاش. مەلۇم بىر ئادەم ماھارەتنى ئورتاقلىقا ئىگە نەرسە دەپ قارىسا، ئۇنداقتا ئۇمۇ ياخشى ـ يامانغا هۆكۈم قىلالايدۇ. ئىئان، بۇ سۆزنى شەرھلەشكە توغرا كېلەمدۇ؟

ئى: شەرھى بېرىشىڭنى كۈتىمەن سوقرات، پەيلاسوپلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش مەن ئۈچۈن زور خۇشاللىق.

س: پەيلاسوپ مەن ئەمەس، بەلكى سىلەر ئىئان، سىلەردەك ژاھىزلارنى، تىياتىرچىلارنى، يازغۇچىلارنى پەيلاسوپ دېسە بولىدۇ. مەن بىر ئادەم، پەقەت راست گەپ قىلىشلا قولۇمدىن كېلىدۇ. قارىغىنا بايىقى گەپلىرىم شۇ قەدەر ئاددىيكى، ئاڭلاپلا ھەممە ئادەم چۈشىنىدۇ. ئېيتقانلىرىم شۇكى، ئەگەر ماھارەت بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارالسا، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىگە هۆكۈم قىلىش بىلەن ناچار تەرىپىگە هۆكۈم قىلىش بەرىبىر ئوخشاش. قارا، سۆز نېمە دېگەن ئاددىي! مىسال قىلساق رەسىم سىزىش ئورتاقلىقا ئىگە ماھارەتمۇ؟

ئى: شۇنداق.

س: رەسساملىقمۇ ياخشى ۋە ناچىرى بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئى: شۇنداق.

س: سەن مۇنداق بىر كىشىنى ئۇچراتقانمۇ؟ ئۇ ئاگروفىننىڭ ئوغلى پولوگنود[7]نىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىغا هۆكۈم قىلىشتا ماھىر بولسىمۇ، ئەمما باشقا رەسساملارنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىغا هۆكۈم قىلالمايدۇ، ئۇنىڭغا باشقا رەسساملارنىڭ رەسىمىنى كۆرسەتكەندە مۈگدەپ قالىدۇ، ھېچقانداق پىكىر شەكىللەنمەيدۇ، لېكىن ئۇنى پولوگنەنودنى تەنقىدلە دېسە (ياكى خالىغان بىر رەسسامنى) ئۇ ئويغىنىدۇ، دىققىتى مەركەزلىشىپ پىكىرى قوزغىلىدۇ.

ئى: ئۇنداق ئادەمنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم.

س: ھەيكەلتىراشلىقتىن سۆز ئاچساق سەن بۇ خىل تىپتىكى كىشىنى ئۇچراتقانمۇ ـ يوق؟ ئۇمۇ ئىئاننىڭ ئوغلى دىدالوس، پىتوپوسنىڭ ئوغلى ئېپېپوس، لونموننىڭ ئوغلى تېئودوروس[8] قاتارلىق ھەيكەلتىراشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باھا بېرىشكىلا ئۇستا بولۇپ، باشقا ھەيكەلتىراشلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرسەتكەندە مۈگدەپ قېلىپ گەپ تاپالماي قالىدۇ.

ئى: مەن مۇنداق كىشىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم.

س: مېنىڭچە سەن نەيچىلەر، سازچىلار، چىلتارچىلار ۋە ۋاھىزلارنىڭ ئارىسىدىن مۇنداق بىر كىشىنى ئۇچراتمىغان بولۇشىڭ مۇمكىن. ئۇ ئۇلىمپس تامىرىس ئېلپۇس ياكى ئېتاكولىق ۋاھىز ۋېنمۇسلار[13] غىلا بازا بېرىپ، لېكىن ئېغىسلىق ۋاھىز ئىشان ئەپەندىگە كەلگەندە ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ.

ئى: بۇنى ئېنىكار قىلالمايمەن سوقرات. بەراق مەن ئۆزەمنى ھومېرنى چۈشەندۈرۈشكە كەلگەندە ھەممىدىن كۈچلۈك ھېسابلايمەن، پىكرىمنى باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ، جامائەتمۇ شۇنداق قارايدۇ، باشقا شائىرلارنى ئۇنداق ياخشى چۈشەندۈرەلمەيمەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

س: بۇنىڭ سەۋەبىنى ساڭا دەپ بېرەي ئىئان، سېنىڭ ھومېرنى ياخشى چۈشەندۈرۈشىڭ ماھارەت ئەمەس، بەلكى بىرخىل ئىلھامنىڭ كۈچىدىن كەلگەن.

س: سىلەر ۋاھىزلار شائىرنىڭ ۋاكالەتچىسىمۇ؟

ئى: توغرا، ئۇنداقتا سېنى ۋاكالەتچىنىڭ ۋاكالەتچىسى دېيىشكە بولامدۇ؟

ئى: بۇنىسى ئېنىق.

س: ئۇنداقتا سەن مۇنۇ بىر مەسىلىگە سەمىمىلىك بىلەن جاۋاب بەر: سەن مەشھۇر پارچىلارنى ئېيتىشقا دۈچ كەلسەڭ ـ مەسىلەن، ئودىسانىڭ ئوردىغا كىرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئايالىغا توي قىلىش تەلىپىنى قويغۇچىلارنىڭ ئۇنى تونۇپ قالغانلىقى، ئۇنىڭ ئوقيانى ئايغىرنىڭ ئاستىغا تاشلىغانلىقى[14] ياكى ئاكىللىيوسنىڭ ھېكتورنى قوغلىشى[15] ياكى ئاندىروماخ، ھېكابو، بوراموس قاتارلىقلارنىڭ ھەسرىتى[16] كەبى ـ بۇلارنى ئېيتىش بىلەن ئالقىشقا ئېرىشكىنىڭدە ئەقىل ـ ھوشۇڭ جايىدا تۇرغان بولامدۇ؟ سەن ئۆزۈڭنى يوقىتىپ پەرخۇشلىنىپ گويا شېئىردا تەسۋىرلەنگەن مۇھىتنىڭ ئىچىدە، مەسىلەن، ئېشاكۇر تىرويا[17] ياكى باشقا جايلاردا يۈرگەندەك بولۇپ قالامسەن؟

ئى: ئېيتقانلىرىڭ ناھايىتى توغرا سوقرات، پىغانلىق يەرلەرنى ئوقۇغىنىمدا كۆزلىرىم ياشقا تولىدۇ، ۋەھىمىلىك يەرلەرنى ئوقۇغىنىمدا تۈكلىرىم تەتۈر يېنىپ، يۈرۈكۈم سىلىپ كېتىدۇ.

س: سەندىن سوراپ باقاي ئىئان، بىر ئادەم مۇراسىملارغا ياكى شادلىق بەزمىلەرگە قاتنىشىپ چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئالتۇن تاجلارنى تاقاپ تۇرغاندا، بۇلارغا دەخلى تەرۇز قىلىدىغان ھېچنەرسە بولمىغاندا، ئۇ نەچچە ئون مىڭ دوستانە تىڭشىغۇچىلارغا يىغلىسا، ياكى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋەھىمىلەنسە ئۇنىڭ ئەقىل ھوشى جايىدا بولغان بولامدۇ؟

ئى: ئۇنىڭ ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئەمەس دېيىشىم كېرەك، سوقرات.

ئى: مەن ھەممىگە ماھىر دەپ ئېيتالايمەن.

س: ئەگەر ھومېرنىڭ ئېيتقانلىرىنى ياخشى بىلمىسەڭ، يەنە ئۇنى ياخشى ئېيتالامسەن؟

ئى: ھومېر مەن بىلمەيدىغان نېمىلەرنى دېگەن؟

س: ھومېر ھەممىشە تۈرلۈك ماھارەتلەر ھەققىدە سۆزلەيتتى ئەمەسمۇ؟ مەسىلەن، ھارۋىكەشلىك ماھارىتى قاتارلىق، ئەپسۇسكى بۇ قىسىم ئېسىمدە يوق، بولسا ساڭا يادلاپ بېرەتتىم.

ئى: مېنىڭ ئېسىمدە بار، مەن يادلاپ بېرەي.

س: فېستور[19] ئۆزىنىڭ ئوغلى ئاختىروكىسقا ئېيتىپ بەرگەن پاتروكلوسنى خاتىرىلەش بەيگىسىدە، ئەگىگەندە قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى بۆلەكنى يادلاپ بەرگىن.

ئى: (دېكلاماتسىيە)

شۇ گۈزەل، ياسىداق هارۋا ئىچىدە، [20] سول تەرەپ شوتىغا قىڭغايدى ئاستا.

دۆڭنىتى ئوڭ ياقتا يۈگۈرگەن ئاتنى،
ئۇن سالدى، چۇلۋۇرنى بوشاتتى ھەتتا.
ئاخىرى نىشانغا بارغاندا يېتىپ،
سول تەرەپ ئېتىنى كەلتۈردى تاشقا.
سۈركىلىپ تۇرغاندەك يەتكۈزدى شۇدەم،
ھارۋىنىڭ ئوقىنى نىشانغا ئاستا.
پەخەس بول، ئۆرۈلۈپ كەتمىگىن تاشقا.[21]

س: بولدى بەس، ئىئان سەندىن سوراپ باقاي، بۇ بۆلەكتە مۇۋاپىق ھۆكۈم قىلىشنى كىم ياخشى ئېلىپ بارالايدۇ؟ بىر ھارۋىكەشمۇ؟ ياكى دوختۇرمۇ؟

ئى: ئەلۋەتتە ھارۋىكەش.

س: ھارۋىكەشلىك ئۇنىڭ كەسپى بولغانلىق-

تىنىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ؟

ئى: ئۇنىڭ كەسپى بولغانلىقتىن، باشقا سەۋەب يوق.

س: ھەربىر ھۈنەردە ئۆزىگە لايىق بىلىم بولىدۇ. بىز هارۋىكەشلىكتە ئائىت بىلىملەرنى دوختۇرلۇق ئارقىلىق بىلەلەيمىزمۇ؟

ئى: ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس.

س: ياغاچچىلىق ئارقىلىق دوختۇرلۇقنى بىلەلەيمىزمۇ؟

ئى: بۇمۇ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس.

س: ھۈنەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. بىز بىر ھۈنەرگە تايىنىپ يەنە بىر ھۈنەرنى بىلەلمەيمىز. سەندىن سوراپ باقاي، سەن ھۈنەرلەرنىڭ بىر ــ بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلامسەن؟

ئى: قىلىمەن.

س: قارىشىڭ مېنىڭكى بىلەن ئوخشايدىكەن. بىلىش ماتېرىياللىرى ئوخشاش بولمىسا ھۈنەرمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئى: توغرا.

س: توغرا. ئەگەر تۈرلۈك ھۈنەر ئوخشاش بىلىش ماتېرىياللىرىنى قوللانسا ئۇلارنى ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، بەش بارمىقىمىز، بۇنى ھەر ئىككىمىز بىلىمىز. ئىككىمىز بۇ ئەمەلىيەتنى بىلىشتە ھېسابتىن پايدىلانمىغانمۇ؟

ئى: ھەئە.

س: ئۇنداقتا بايىقى مەسىلىگە جاۋاب بەر: ئوخشاش ھۈنەر ئۈچۈن ئوخشاش بىلىم كېتىدۇ. ھەرخىل ھۈنەر ئۈچۈن ھەرخىل بىلىم كېتىدۇ. بۇ بىر ئومۇمىي ھەقىقەتمۇ ئەمەسمۇ؟

ئى: مەنمۇ ئۇنى ئومۇمىي ھەقىقەت دەپ چۈشىنىمەن، سوقرات.

س: ئۇنداقتا بىر ئادەمنىڭ مەلۇم بىر ھۈنەرگە كەلگەندە بىلىمى بولمىسا، ئۇ شۇخىل ھۈنەرگە ئائىت سۆز ــ ھەرىكەتلەرگە توغرا ھۆكۈم قىلالمايدۇ.

ئى: ئەلۋەتتە، قىلالمايدۇ.

س: بايا سەن ئېيتقان شېئىرنى ئالساق: ئۇنىڭغا سەن بىلەن بىر هارۋىكەش بىر ۋاقىتتا باھالاش ئېلىپ بارسا، بىرقەدەر توغرا بولغان باھانى كىم ئوتتۇرىغا قويالايدۇ؟

ئى: هارۋىكەش.

س: توغرا، سەن بولساڭ ۋاھىز، ھەرگىز هارۋىكەش ئەمەس. بۇ ئىككى ھۈنەر بىر ــ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. شۇنداقمۇ؟

ئى: شۇنداق.

س: ئەگەر ئۇ ئىككى خىل ھۈنەر ئوخشىمىسا، ئۇلارنىڭ بىلىش ماتېرىياللىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.

ئى: توغرا.

س: نېستورنىڭ كىچىك خوتۇنى ھېكامودىنىڭ يارىلانغان ماكاۋنىغا شاراب ۋە ئېرىمچىك بەرگەنلىكى ھەققىدە ھومېرنىڭ تەسۋىرلىگەنلىرى ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

پىرانو هارىقى مۇھەييا بۇندا؛
كەستى پارقىراق پىچىقى بىلەن،
ئېرىمچىكلەرنى نېپىز ھەم ئۇششاق.
تەييارلاپ يەنە بىر باش سوغپىياز،
ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى بىراق.[21]

بۇ شېئىرنى باھالاشتا ۋاھىزنىڭ ھۈنىرىگە تايانساق ياخشىمۇ ۋە دوختۇرنىڭ ھۈنىرىگە تايانساق ياخشىمۇ؟

ئى: دوختۇرنىڭ ھۈنىرىگە تايىنىش ياخشىراق.

س: ھومېرنىڭ يەنە مۇنداق بايانلىرى بار:
قوغۇشۇن قۇيۇلغان كالا مۈڭگۈزىدەك،
چۆكۈپ كەتتى ئۇ دېڭىز تەكتىگە.
ئاچكۆز بېلىقلارغا كەتتى يەم بولۇپ.[22]

بۇنىڭغا باھا بېرىشتە بېلىقچىنىڭ ھۈنىرى كېرەكمۇ؟ ياكى ۋاھىزنىڭ ماھارىتى كېرەكمۇ؟

ئى: بېلىقچىنىڭ ھۈنىرى كېرەك.

س: ئەگەر سەن مەندىن، سوراق، ھومېرنىڭ ھەربىر بۆلەك شېئىرىنى ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھۈنەر بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئىكەنسەن ئۇنداقتا، قايسى بۆلەك شېئىرغا بېشارەتچىنىڭ ھۈنىرى بىلەن باھا بېرىش كېرەكلىكىنى دەپ بېرەلەمسەن، دەپ سورساڭ، مەن دەرھاللا جاۋاب بېرىمەن: ــ بۇنداق شېئىر باھايىتى تولا. بولۇپمۇ «ئودېسا» دا شۇنداق، مەسىلەن: ــ مىرانپوسلۇق بېشارەتچى تېئىسېكلومونوسنىڭ توي تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارغا قىلغان سۆزلىرى:

سىلەر نە قىسمەتتە ئەي بىچارىلەر؟
كېپەن بوپ چۈمكەپتۇ جىسمىڭلارنى كۈن.
توساتتىن، بىرەرسى ئۇن سالدى يىغلاپ،

يېشىگىلاردىن يۈيۈندى يۇزۇگىلار پۈتۈن.
سارايدا ئەرۋاھلار، ھويلىدا ئەرۋاھ،
ئۇ دۇنيا قوينىغا كەتكەندۇر بارى.
سامانلىق چىھرىدە كۆرۈنمەس قۇياش،
مۇدھىش تۇماندىدۇر دۇنيا جامالى.®

«ئىلئىيادا» دىمۇ ئەنە شۇنداق پارچىلار بار. مەسىلەن، قەلئە ئەتراپىدىكى ئۇرۇش مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

خەندەكتىن ئۆتۈشكە ئىنتىزار ئۇلار،
توساتتىن ياڭرىدى بىشارەت ـ سادا:
قوشۇننىڭ سولىدىن ئۆتتى بىر قىران،
تۇرار تىرنىقىدا قانلىق بىر يىلان.
بۇ يىلان يەنىلا تىرەجەپ تۇرار،
نەشتىرىنى قىران بويىنىغا ئۇرار.
ئاغرىقنىڭ دەستىدىن بولغانىدەك قۇش،
يىلاننى تاشلىدى بولغانىدەك بىھوش.
قوشۇن مەركىزىگە چۈشتى ئۇ يىلان،
قۇشمۇ غايىپ بولدى سىلىپ بىر چۇقان.®

ئېيتالايمەنكى، بۇنداق تېمىلارغا پەقەت بىشارەتچىلەرلا باھا بىرەلەيدۇ.

ئى: ئېيتقانلىرىڭىز توغرا سوقرات.

س: توغرا، ئىئان سەنمۇ توغرا دېدىڭ. مەن ساڭا «ئىلئىيادا»، «ئودىسا» لاردىكى بىشارەت، بىلىق تۇتۇش ۋە تىبابەتكە دائىر تەسۋىرلەرنى كەلتۈردۈم. سەن ھومېرنى ماڭا قارىغاندا خېلىلا پىششىق بىلىسەن. ئەمدى سەن ماڭا ۋاھىز بىلەن ۋاھىزلىققا ئائىت پارچىلارنى كەلتۈرگىن. يەنى ۋاھىزلار باشقىلارغا نىسبەتەن ياخشىراق باھا بىرەلەيدىغان پارچىلارنى.

ئى: ئېيتىمسىم كېرەككى، ھومېرنىڭ شېئىرلىرىدا يۇقىرىقىلارغا ئائىت ماھارەتلەر سۆزلەنگەن.

س: ئەلۋەتتە ھەممىسى ئەمەس. ئىئان سەن ئۆزەڭنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ھېلىقى بىر ئېغىز گېپىڭنى شائىرنىڭ خاتىرىسى بىلرقەدەر ياخشى بولۇشى كېرەك.

ئى: مەن نېمىنى ئۇنتۇپ قالدىم؟

س: سەن ۋاھىزنىڭ ھونىرى بىلەن ھارۋىكەشنىڭ ھونىرى ئوخشىمايدۇ دېگەن. بۇنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

ئى: ئۇنتۇپ قالمىدىم.

س: سەن ئۇلار ئوخشىمىغان ئىكەن، دېمەك، ئۇلارنىڭ بىلىش ماتېرىياللىرىمۇ ئوخشىمىغان بولىدۇ دەپ ئېتىراپ قىلغانىدىڭ.

ئى: توغرا.

س: ئۇنداقتا سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ بويىچە، ۋاھىز ھەممە ئىشلارنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ. ۋاھىزلىق ھونىرىمۇ بارلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ.

ئى: تاسادىپىي ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئېيتالايمەن، سوقرات.

س: سەن دېمەكچىسەنكى، ۋاھىز باشقا ھونەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى تولۇق بىلىپ كېتەلمەيدۇ. تولۇق بىلىپ كېتەلمىدى دېگەندە، زادى قايسى تەرەپلەرنى بىلىدۇ؟

ئى: ئۇ ئەر بىلەن ئايال، ھۆر بىلەن قول، ھۆكۈمران بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىنى ۋە قانداق سالاھىيەتتە نېمىلەرنى دېيىشنى بىلىدۇ.

س: سەن بىر رولچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كاپىتاننىڭ دولقۇن ئۇرۇپ تورغان چاغدا نېملەرنى دېيىشنى ئوبدان بىلىدۇ دەمسەن؟

ئى: ياق، رولچى ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

س: دوختۇرغا قارىغاندا ۋاھىز كېسەل تەكشۈرگەندە قىلىشقا تېگىشلىك سۆزلەرنى تېخىمۇ ئوبدان بىلەمدۇ؟

ئى: ياق.

س: لېكىن، ئۇ قۇللارنىڭ نېمە دېيىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇغۇ؟

ئى: بىلىدۇ.

س: ئەگەر ئۇ قۇل بىر پادىچىدىن ئىبارەت بولسا، تەلۋە بىر كالىنى بويسۇندۇرۇشتا، قايسى گەپلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنى ۋاھىزغا نىسبەتەن ياخشىراق بىلەمدۇ؟

ئى: پادىچىدىن ئېنىقراق بىلىشى ناتايىن.

س: ئۇ بىر توقۇمىچى ئايالنىڭ قوي يۇڭىدىن بىر نەرسە توقۇشقا ئائىت نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلەمدۇ؟

ئى: بىلمەيدۇ.

س: لېكىن ئۇ بىر ئوفىتسېرنىڭ بىر ئەسكەرگە تەربىيە بەرگەندە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنداقمۇ؟

ئى: توغرا، ۋاھىز ئۇلارنى بىلىدۇ.

س: ئۇنداقتا ۋاھىزنىڭ ھونىرى ئوفىتسېرنىڭ ھونىرىدىن ئىبارەت دېسەك بولامدۇ؟

ئى: ئوفىتسېرنىڭ نېمە دېيىشى كېرەكلىكىنى بىلىمەن. بۇنىڭغا كەلگەندە مېنىڭ ئىشەنچىم بار.

س: دۇرۇس، ئىئان، بەلكىم ئوفىتسېرنىڭ ھۈنىرىنى بىلىشىڭ مۇمكىن، بەلكىم چىلتارچىنىڭ ماھارىتىنى بىلىشتىن باشقا يەنە چەۋەندازلىق ھۈنىرىنىمۇ بىلىشىڭ مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، سەن باشقا چەۋەندازلارنىڭ ياخشى - يامانلىقىنىمۇ بىلىسەن. لېكىن، سەندىن سوراپ باقاي، ئىئان سېنىڭ چەۋەندازلىق ھۈنىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشىڭ چەۋەندازلىق ھۈنىرىڭنىڭ ئۆزىدىن كەلگەنمۇ ياكى چىلتار چېلىش ماھارىتىڭدىن كەلگەنمۇ؟

ئى: چەۋەندازلىق ھۈنىرىدىن كەلگەن دەپ ئېيتىشىم كېرەك.

س: ئەگەر سېنى چىلتار چالغۇچىغا باھا بەردى دېسەك، سەن چەۋەندازلىق سالاھىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى سازچى سالاھىتى بىلەن باھا بەرگەن بولىسەن. شۇنداقمۇ؟

ئى: شۇنداق.

س: ئوفىتسېرنىڭ ھۈنىرىگە باھا بەرگەندە سەن ئوفىتسېرلىق سالاھىيىتى بىلەن باھا بېرەمسەن ياكى ۋاھىز سالاھىيىتى بىلەن بېرەمسەن؟

ئى: مېنىڭچە ئۇلارنىڭ پەرقى يوق.

س: بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ سەن ئوفىتسېرنىڭ ھۈنىرى بىلەن ۋاھىزنىڭ ھۈنىرى ئوخشاش دېمەكچىمۇسەن؟

ئى: توغرا، پۈتۈنلەي ئوخشاش.

س: ئۇنداقتا، ئىقتىدارلىق ۋاھىزنى ئىقتىدارلىق ئوفىتسېر دېسەك بولامدۇ؟

ئى: ئەلۋەتتە، شۇنداق سوقرات.

س: ئىقتىدارلىق بىر ئوفىتسېرنى ئىقتىدارلىق ۋاھىز دېسەك بولامدۇ؟

ئى: ياق ئۇنداق دېگىنىم يوق.

س: لېكىن سەن ئىقتىدارلىق ۋاھىز ئىقتىدارلىق ئوفىتسېردۇر دېگەن ئىدىڭ ئەمەسمۇ؟

ئى: توغرا.

س: سەن يۇناننىڭ ئەڭ ئىقتىدارلىق ۋاھىزىمۇ؟

ئى: سانىسا، بارماقتا توختايمەن، سوقرات.

س: سەن يەنە يۇناننىڭ ئەڭ ئىقتىدارلىق ئوفىتسېرىمۇ؟

ئى: ئەلۋەتتە، سوقرات. ھومېر مېنىڭ ئۇستازىم.

س: ئۇنداق بولسا، ئىئان، سەن يۇناننىڭ ئەڭ ياخشى ۋاھىزى بولۇپلا قالماي يەنە ئەڭ ياخشى ئوفىتسېرى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، سەن يۇناندا ۋاھىزلىق قىلىپ يۈرىدىكەنسەنۇ، ئوفىتسېرلىك قىلمايدىكەنسەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ يۇناننىڭ تاجىدار ۋاھىزغا موھتاج بولۇپ، ئوفىتسېرگە موھتاج بولمىغانلىقىدىنمۇ؟

ئى: قائىدە ناھايىتى ئاددى. سوقرات بىز ئىفسولۇقلار، سىلەر ئافىنالىقلارنىڭ چاكىرى ۋە لەشكىرى. شۇڭا ئوفىتسېرنىڭ كېرىكى يوق. سىلەر ئافىنالىقلار ۋە سپارتالىقلارمۇ مېنى ئوفىتسېر بولۇشقا تەكلىپ قىلمايسىلەر. چۈنكى سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ ئوفىتسېرىنى يېتەرلىك دەپ چۈشىنىسىلەر.

س: سۆيۈملۈك ئىئان سەن كىيوزكۇ* ئافرودورو ھەققىدە ئاڭلىمىغانمۇ؟

ئى: سەن كىمنى دېمەكچى؟

س: گەرچە ئۇ بىر چەت ئەللىك بولسىمۇ، لېكىن ئافىنا تەرەپتىن كۆپ قېتىم ئوفىتسېرلىككە تاللانغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەنجوتولۇق فانوكېنىس، كېزولامىنلىق ھېمراكلىد . . . لارمۇ بار. ئۇلار گەرچە چەت ئەللىك بولسىمۇ، ئىقتىدارى ئالاھىدە بولغاچقا، ئافىنا تەرەپتىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ سەركەردە بولغان. باشقا ۋەزىپىلەرنىمۇ ئۆتىگەن*. ئەگەر ئىفوسولۇق ئىئان ئەپەندىنىڭمۇ ئىقتىدارى بولغان بولسا، ئافىنالىقلار ئۇنىمۇ ئوفىتسېرلىققا تاللاپ، ئەتىۋارلىق ئورۇننى بەرگەن بولاتتىغۇ؟ ئىفوسولۇقلار ئەسلىدە ئافىنالىقلاردۇر. ئۇلارنىڭ جەمئىيىتى ئاددىي ئەمەسقۇ؟ سەن ھومېرنى ھۈنەرلەرگە ئائىت بىلىملەرگە ئاساسەن تەشۋىق قىلىۋاتىمەن دېگەنىدىڭ. ئەگەر بۇ گېپىڭ راست بولسا، مېنى ئالدىغان بولىسەن، سەن مېنىڭ ئالدىمدا ھومېر ھەققىدە نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى بىلىمەن دەپ ماختاندىڭ. ھەمدە ماڭا كارامەت كۆرسەتمەكچى بولدۇڭ. مەن سەندىن تەكرار - تەكرار ئۆتۈنگەندە سەن ئۆز قابىلىيىتىڭنى كۆرسىتەلمەك تۈگۈل، ئۆزۈڭنىڭ قايسى تەرەپتە ماھىر ئىكەنلىكىڭنىمۇ كۆرسەتمىدىڭ. بۇ مېنى ئەخمەق قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ سەن پولوتوس* كەبى ھەرخىل ئۆزگىرىسەن. ئۇ ياقتا

بۇرۇلۇپ، بۇ ياقتا بۇرۇلۇپ دېگەندەك تۈرلۈك ئادەم بولۇپ چىقتىڭ. ئاخىرى ئوفىتسېرمۇ بولدۇڭ. سەن ھومېرنى دېكلاماتسىيە قىلىش ھۈنەرىڭنى كۆرسەتمەيلا مەندىن قۇتۇلماقچى بولدۇڭ! خۇددى مەن بايا دېگەندەك، ئەگەر سېنىڭ ھومېرغا ئائىت ماھارىتىڭ بولسا ھەمدە ئۇنى ماڭا كۆرسەتمەكچى بولساڭ، ئۇنى ئاغزىڭدا دەپ قويۇپ، ئەمەلگە ئاشۇرمىساڭ، بۇ ھەقىقەتەن مېنى ئەخمەق قىلغىنىڭدۇر. لېكىن سەندە ئۇنداق ماھارەتلەر يوق بولۇپ ھومېر ھەققىدىكى ئاشۇنداق گۈزەل ئىبارىلەرنى ئېيتىشىڭ، ئاڭلىق تۈردە بولماستىن بەلكى ھومېرنىڭ ئىلھامىغا ئېرىشكەنلىكتىن بولسا (دەل مەن ئويلىغاندەك)، ئۇ چاغدا سېنى سەممىيەتسىز دېگىلى بولمايدۇ. بۇ زادى سەممىيەتسىزلىكمۇ ياكى ئىلھامنىڭ كونترول قىلىشىمۇ، سەن قايسىسىغا تۇرىسەن؟

ئى: بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى بەك چوڭ. ئىلھامنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچراش سەممىيەتسىزلىكتىن كۆپ ياخشى.

س: ئۇنداقتا، ئىئان مەنمۇ ياخشى تەرەپتىن ئويلاپ، سېنىڭ ھومېرنى دېكلاماتسىيە قىلىشتىكى ئىقتىدارىڭ ماھارەتكە تايانغان بولماستىن، ئىلھامغا تايانغان دېسەم بولىدىكەن.

---

خەنزۇچە «غەرب ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىگە دائىر مەشھۇر ئەسەرلەردىن تاللانما» (بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتى) دېگەن كىتابتىن ئېلىندى.

ئىزاھلار:

① ئېفىس كىچىك ئاسىيادىكى بىر شەھەر بولۇپ ئەپلاتون دەۋرىدە ئافىناغا قارايتتى.

② ئېداروس يۇناننىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز قولتۇقىغا جايلاشقان شەھەر بولۇپ، تېبابەت ئىلاھى ئېسكولاپيۇسنىڭ ئىبادەتخانىسى بار. ئۇنىڭ تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان داغدۇغىلىق مۇراسىمى بار مەۋسۇمدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

③ ئىلاھىيە ئافىنا — ئافىنا شەھىرىنىڭ قوغداش ئىلاھى، ئۇ رىۋايەتلەردە ئىلاھ زېۋسنىڭ قىزى. ئەقىل ۋە باتۇرلۇقتا كامىل. ئۇنىڭ مۇراسىمى ئافىنالىقلار ئۈچۈن چوڭ ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا بارلىق پۇقرا قاتنىشىدۇ. ھەرخىل ئويۇنلار ۋە سەنئەت نومۇرلىرى ئوينىلىدۇ.

④ بۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ۋاھىزلىرى. قەدىمكى يۇنانلىقلار كىشىلەرنىڭ نام شەرىپىنى ئاتىغاندا ئۇلارنىڭ يۇرتى ۋە ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتايدۇ.

⑤ يۇناننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرى ھومېر بولسىمۇ، ھېسئودنىڭ نامى ئۇنىڭغا يانداش تىلغا ئېلىناتتى. ئافروكوس لېرىك ۋە ساتىرىك شائىر.

⑥ بۇ يەردە سەنئەت مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ مەنداش ھالدىكى تېخنىكا (Tekhne) دېگەن سۆزمۇ بار.

⑦ مىلادىدىن بەش ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن رەسسام.

⑧ دېداروس دېگەن ئىسىمنىڭ يۇنانچىدىكى مەنىسى «چېۋەر سەنئەتكار» دېگەن بولىدۇ. ئۇ رىۋايەتتىكى ھەيكەلتىراشلارنىڭ پىرى. قالغان ئىككىسىمۇ ھەيكەلتىراش.

⑨ رىۋايەتتە گرېك مۇزىكانتلىرى ۋە شائىرلىرى.

⑩ ھېراكلىس تېشى — ماگنىتنى كۆزدە تۇتىدۇ.

⑪ شاراب ئىلاھىنىڭ مۇراسىمىنى باشقۇرىدۇ. مۇراسىمدا ئەسەبىيلىك بىلەن دۇمباق چېلىپ ئۇسۇل ئوينايدۇ.

⑫ يۇنان شېئىرلىرىدىكى ژانىرلار

⑬ ئېنىق ئەمەس.

⑭ بۇ ھېكايە «ئودىسا» نىڭ 22 ـ بابىدا.

⑮ «ئىلىئادا» نىڭ 22 ـ بابىغا قارالسۇن.

⑯ ھېكتورنىڭ ئايالى بولسا ئاندىروماخ بولۇپ، ھېكابو ھېكتورنىڭ ئانىسى، پۇلىيامۇس بولسا دادىسىدۇر. ھېكتور ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار ئىنتايىن قايغۇغا چۆمىدۇ.

«ئىلىئادا» غا قارالسۇن.

⑰ ئىتاكو يۇنانغا قارايدىغان كىچىك بىر دۆلەت. ئۇنىڭغا ئودىسا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئودىسا ئۆزىنىڭ ئايالىغا نىكاھ تەلىپىنى قويغۇچىلارنى مۇشۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋەتكەن. تىرويا كىچىك ئاسىيا، ھومېر كۈيلىگەن تىرويا ئۇرۇشى مۇشۇ يەردە بولغان.

⑱ ھۇلئېرس — رىۋايەتتە قەدىمكى يۇنان شائىرى بولۇپ، ئولپۇسنىڭ شاگىرتى.

⑲ «ئىلىئادا» داستانىدا تەسۋىرلىنىشىچە يۇنان تەرەپنىڭ مۇشاۋىرى.

⑳ «ئىلىئادا» داستانىنىڭ 23 ـ بابىغا قارالسۇن.

㉑ «ئىلىئادا» نىڭ 11 ـ بابىغا قارالسۇن.

㉒ «ئىلىئادا» نىڭ 24 ـ بابىغا قارالسۇن.

㉓ «ئىلىئادا» نىڭ 20 ـ بابىغا قارالسۇن.

㉔ «ئىلىئادا» نىڭ 12 ـ بابىغا قارالسۇن.

㉕ كىچىك ئاسىيادىكى بىر ئارال، ئافىنانىڭ ئىشغالىيىتى.

㉖ ئەنجونو كىرىت ئارىلىدىكى چوڭ بىر ئارال. كىلازومىنى كىچىك ئاسىيادا، ئافرودورو، فانوتېنىس، ھېرىكلىت قاتارلىق بۇ ئۈچ چەت ئەل كىشىسىنىڭ ئافىنادا مەنسەپتە تۇرغانلىقى ھەققىدە ئېنىق خاتىرە يوق.

㉗ «دېڭىزدىكى چال» بولۇپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە بېشارەت بېرىشكە ئۇستا.

# مۇقام پىرى قىدىرخان يەركەندى

ئابدۇراخمان تۇرسۇن، مۇنىرە ياقۇپ

قىدىرخان يەركەندى (؟ — 1571) سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر، مۇزىكانت، مۇقامشۇناس ۋە ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە باش ۋەزىر بولغان دۆلەت ئەربابى.

قىدىرخان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي بۆشۈكى ۋە ھازىرمۇ ئۆز نامىدىكى دەرياداك ئۆركەشلەپ تۇرغان مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بولغان يەكەندە دۇنياغا كەلدى. باللىق چاغلىرىنى يەكەننىڭ مەدرىس ۋە داستانخانلىرىدا ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا خۇش پېئىل، ئەقىللىق بولۇپ، ناخشا ۋە مۇزىكا خۇمار ئىدى. ئۇ ياش تۇرۇپلا ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىملار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن تىلداش خەلقلەرنىڭ كلاسسىكلىرى بىلەنمۇ تونۇشتى. بولۇپمۇ ناۋايى ئەسەرلىرى ئۇنىڭ نەزەرىدە ھەرقاچان ئۈستۈن ئورۇن ئىگىلىدى. شۇڭا ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپلا، ئۇنىڭدىكى شېئىرىيەت، مۇزىكا، ناخشىغا بولغان تالانت ۋە ئىشتىياق گويا بۇلاقتەك بولدۇقلاپ تۇرىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىمۇ شېئىرىيەتتىن تارتىپ دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ سىستېمىسىغىچە راۋاجلاندى. ئاخىر-دا «دىۋان قىدىرى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك شېئىرلار توپلىمىنى ئىجاد قىلىشتىن تارتىپ مۇقاملارنى رەتلەش، مۇزىكا ئىجاد قىلىشقىچە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تالانتلىق نامايەندىسى بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارىخى ھۆججەتلەردە قەيت قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، قولىمىزغا چۈشكەن ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاراپ بىز ئۇنى مەشھۇر شەخس دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز.

قىدىرخان يەركەندىنىڭ سەنئەت بابىدا شېئىر يازىدىغان، نوتا تۈزىدىغان، ناخشا ئوقۇيدىغان كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجادكار بولۇشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەكەننى مەركەز قىلغان قايتا گۈللىنىش دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا IX ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىككى مەدەنىيەت جەھەتتە دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقان ۋە بىر ـ بىرى بىلەن زەنجىرسىمان ئۇلاشقان مەدەنىيەت گۈللىنىشى XII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى چىڭگىز ئىستېلاسى بىلەن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، چاغاتايىنىڭ ئاخىرقى دەۋردىن باشلاپ مەدەنىيەتتە بىرقەدەر تۆۋەن بولغان موڭغۇللارنىڭ تۈركلىشىپ كېتىشى، تۇغلۇق تۆمۈرخانلار دەۋرىدىن باشلاپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇپ كېتىشى ئارقىسىدا تۈركىي مەدەنىيەت گۈللىرى قايتىدىن ئەسلىگە خاس شەكىللەر بىلەن پورەكلەپ ئېچىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بوستانىنى چىمەنزارلىققا ئايلاندۇردى. بۇ ھال قىدىرخان ياشىغان يەكەن خانلىقى دەۋرىدە تازا ئەۋجىگە چىقتى. بۇ چاغدا، چۈۋەر سۇلتان سەئىدخان 27 يىللىق پادىشاھلىق ھاياتىدا دۆلەتنى ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئۇيغۇر يوسۇنى بويىچە ئادىل سوراپ، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈپ، خەلق ئۈستىدىكى باج ـ سېلىقنى 10 يىللىق بىكار قىلىپ مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرگەندىن كېيىن، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئاتا ئىزىدىن مېڭىپ، قاراخانىيلاردىن كېيىنكى بۇ مەدەنى-يەت گۈللىنىشىنى بىرقاتار يېڭى تەدبىرلەر بىلەن تېخىمۇ ئۈستۈرۈشكە باشلىغانىدى. شەرقتە قۇمۇل، غەربتە پەرغانە، بەدەخشان، شىمالدا ئىسسىقكۆل، جەنۇبتا چەرچەن، لوپقىچە بولغان بۇ خاندانلىقتا شەرق ۋە غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئۇيغۇر خاراكتېرى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ، گۈللەۋاتقان قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپانلاردىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدا ھەرخىل تالانتلىق ئالىملار يېتىشمەكتە ئىدى. ئابدۇرېشىتخان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئىلىم بىلەن يۇرت سوراش، ناداتلىقتىن ساقلىنىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئاشۇنداق ئالىملارنى ئۆز ئەتراپىغا جۇغلىغانىدى. قىدىرخان يەركەندى ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى تالانتلىق سەنئەتكار ئىدى. ئۇنىڭ سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئوردىسىغا كېلىشى

ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ زور يۆنىلىشكە سەۋەبچى بولدى.

ئوردىغا كەلگەندىن باشلاپ قىدىرخان يەركەندى ئۆزى بىلەن زاماندىش بولغان مەۋلانە خۇلقى، ئايازى، مەلىكە ئامانىسا، مىرزا مىرەك چالىش قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تۈرلۈك سەنئەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ھەسسىلەپ كۆپ مەزمۇنلۇق ئىشلارغا كىرىشتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ چوڭ ھەجىملىك «دىۋان قىدىرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى شۇ چاغدا كۆپ مەزمۇنلۇق ئىشلارنى پۈتتۈردى. بۇ دىۋاندىن باشقا يەنە «روھنى ئارتتۇرۇچىلىرى» ، «تاللانغان ۋە زىننەتلىكلىرى» ، «شاھانە بېيىت ۋە پايدىلىقلىرى» ، «لەتافەت ئارىلاش ۋە پىتنىشكەنلىرى» ، «ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان كۆڭۈلگە ياقارلىرى» ، «مىسلىسىز تاق بېيىتلىرى» ، «لەتىپ ۋە راۋانلىقى مۇقەررەر مۇئەممالار» ، «تەبىئىيلىكى ئاشكارا ۋە تۇتاش غەزەللىرى» ، «رىغبەتلىنەرلىك ۋە مۆتىدىللىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ پۈتتۈردى. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتىكى مۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنىڭ نامىنى پۈتۈن يەكەن خانلىقىدا شۆھرەتكە ئىگە قىلدى. قىدىرخانغا چىن دىلىدىن قايىل بولغان سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئۇنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ يۈرىدىغان بولدى. قىدىرخان سۇلتان ئابدۇرېشىتخانغا ھەمىيان بولۇپ، پۈتكۈل خانلىق تەۋەسىدە بېيىۋاتقان خاقان مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى.

قىدىرخان ئامانىساخان بىلەن بىللە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا داڭلىق بولغان كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام» نى تۈنجى قېتىم رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ چىقىشقا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرى، داستانلىرى، مەشرەپلىرىنى تۈنجى قېتىم رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ ۋە نوتىغا ئېلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ سەھىپە ئاچتى. بولۇپمۇ 12 مۇقام تېكىستلىرىنى قايتىدىن ئىسلاھ قىلىشتا ئاساسلىق خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇ كۆپلىگەن مۇقام تېكىستلىرىگە ناۋايى لىرىكىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئەڭ نەپىس قىسىملىرىنى تاللاپ كىرگۈزدى. ھەمدە يېڭىدىن چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە يېڭى مۇقاملارنى ئىجاد قىلىپ، ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مۆتىۋەر شائىرى بولۇپلا قالماستىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇلۇغ مۇزىكا ئۇستازلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

«تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكىچىلار تارىخى) دا قىدىرخان ھەققىدە بېرىلگەن مەلۇمات بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

«بۇ پەننىڭ ئون ئۈچىنچى پىرى قىدىرخان يەركەندىدۇر. بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر ناۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى، ئالەم ئۆتۈپ ئۇنىڭدەك خوش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خارازىم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىستامبۇل، كەشمىر، بەلىخ، شىرازغا ئوخشاش يىراق شەھەرلەردىن يەكەنگە مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. راۋابنى ۋە خۇشتارنى بۇ ئەزىز كەشىپ قىلدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى. «دىۋان قىدىرى» دېگەن ئەسەردىن باشقا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جەندە كۇلاھ كىيىپ يۈرەتتى. داڭلىق سۇلتان ئابدۇرېشىتخان غىزادىمۇ، يېتىپ - قوپۇشتىمۇ قىدىرخاندىن ئايرىلمايتتى. قىدىرخان ‹ۋىسال› ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ شاگىرتلىرىغا ئۆگەتتى. ئۇ ئابدۇرېشىتخان پادىشاھتىن ئىككى يىل كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى.»

قىدىرخان يەركەندى پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىگە بېغىشلاپ 1572 - يىلى يەكەندە ئالەمدىن ئۆتتى ۋە كاتتا ماتەم مۇراسىمىدىن كېيىن ھازىرقى يەكەن شەھىرىدىكى خانلىق مازىرىغا دەپنە قىلىندى.

تازا تەرەققىي تاپقان زامانىمىزغا قارىساقمۇ ھەم شېئىر يازىدىغان ھەم ناخشا تېكىستلىرىنى نوتىغا سالالىدىغان، ھەم ئۆزى ئوقۇيدىغان، ھەم چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئىجاد قىلالىدىغان مۇنداق ئۇستازلار ئازدۇر. شۇڭا، ئۇ زامان ئېتىبارى بىلەنلا ئەمەس، ھازىرقى كىشىلەر بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىدىمۇ چوڭ تارىخىي شەخستۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆت چوڭ تۆھپىسى ئىچىدە ئۇنىڭ باشچىلىقىدا رەتلەنگەن «12 مۇقام» ۋە ئۇنىڭ نامى ئىنسانىيەتكە مەڭگۈلۈك يادىكارلىقتۇر.

# ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى مائارىپ ئىستراتېگىيىسى

ياقۇپجان، رىسالەت ئابدۇۋايىت

كېلەچەك رىقابەت مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچىيىدىغان دەۋر بولۇپ، قايسى دۆلەت ياكى مىللەت
مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى ئاچالايدىكەن، ئۇ باي،
كۈچلۈك بولىدۇ، ھەر ئىشتا تەشەببۇسكارلىق ئورنىدا تۇرۇپ ھوسۇل ئالالايدۇ. بۇ ھازىرقى ئارقىدا
قالغانلار ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا رىقابەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ئامېرىكا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھازىر ئىشنى ئومۇمىي خەلق
مائارىپىدىن باشلىدى، ھەمدە پۈتۈن قوشما شتاتنىڭ مائارىپ ئىستراتېگىيىسىنى ئېلان قىلدى. ھازىر
دۇنيادىكى كۈچلۈك رىقابەتچى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى مائارىپ ئىستراتېگىيە، پىلانلىرىنى
تۈزۈش ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىستراتېگىيىسىنى تەتقىق قىلماقتا. بىزنىڭ تەتقىق قىلىپ ئۆگىنىشـ
مىزچە، بۇ ئىستراتېگىيىنىڭ ئاساسى مەقسىتى: ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇراـ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ
ئەندىزىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىسلاھ قىلىپ، كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ يەر شارى بويىچە
ئەڭ ئىلغار ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇپ چىقىپ، ئامېرىكا خەلقىنىڭ بىلىم ۋە تېخنىكا
سەۋىيىسىنى تۆپتىن يۇقىرى كۆتۈرۈش، بۇ ئارقىلىق XXI ئەسىردىمۇ ئامېرىكىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ
كۈچلۈك دۆلەتلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. «ئامېرىكىنىڭ 2000 ـ يىلدىكى مائارىپ
ئىستراتېگىيىسى» ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ مائارىپ نىشانى ۋە مائارىپ ئىستراتېگىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى
تەرەپتىن تەركىب تاپقان. دۆلەتنىڭ مائارىپ نىشانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئامېرىكا تارىخىدا تېخى
تۇنجى قېتىملىق ئىش. شۇنداقلا مۇشۇلار ئارقىلىق خەلقئارا مائارىپ رىقابىتىگە قاتنىشىشىنىڭ تۇنجى
قەدىمى. مەزكۇر نىشان 6 جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى 2000ـ يىلغا بارغاندا (1)
بارلىق ئامېرىكا بالىلىرىنى مەكتەپكە كىرىپ نورمال تەلىم ـ تەربىيىدىن بەھرىمەن بولىدىغان ئىمكانىـ
يەتكە ئىگە قىلىش (جىسمانىي، ئەقلى شۇنىڭدەك ئاتا ـ ئانىلار تەرىپىدىن ھازىرلىنىدىغان باشقا
شەرتلەر)؛ (2) تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش نىسبىتىنى ھېچ بولمىغاندا 90% گە يەتكۈزۈش؛ (3)
ئامېرىكا ئوقۇغۇچىلىرى 4 ـ، 8 ـ، 12 ـ يىللىقلارنى پۈتتۈرگەندە ئىنگلىز تىلى، ماتېماتىكا، تەبىئىي
پەنلەر، تارىخ ۋە جۇغراپىيە پەنلىرىدە رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدىغان
بولۇش. ھەربىر مەكتەپ بارلىق بالىلارنىڭ ئەقلىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ۋە تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىـ
ۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە يۇقىرا سۈپەتتە يەنىمۇ
ئىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي تۈرمۇشىدا يېڭىملىق يارىتىش روھىغا ئىگە كەسىپـ
لەرگە ئېرىشەلەيدىغان ئىمكانىيەتنى يارىتىش ئۈچۈن تەييارلىقنى پۇختا ئىشلەش؛ (4) ئامېرىكا
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەبىئىي پەن ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىدىكى نەتىجىسىنى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇنغا
ئىگە قىلىش ئۈچۈن ماتېماتىكا، پەن ـ تېخنىكا ھەم قۇرۇلۇش پەنلىرىنى ئاساس قىلىپ ئوقۇيدىغان
تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئاسپىرانتلارنى زور مىقداردا كۆپەيتىش، بولۇپمۇ قىز ئوقۇغۇچىلار
ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى كۆپەيتىش؛ (5) ياش ـ قورامىغا يەتكەن ھەربىر ئامېرىكىلىقنى
كىتاب ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان قىلىش، شۇ ئارقىلىق يەر شارى خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي رىقابەتكە
قاتنىشىشتا ۋە ھەرخىل پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى يۈرگۈزۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان بىلىم
ۋە قابىلىيەتكە ئىگە قىلىش؛ (6) ئامېرىكا مەكتەپلىرىدىكى زەھەرلىك چېكىملىك ۋە زوراۋانلىق
قىلمىشلىرىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تازىلاپ، تەرتىپ ـ ئىنتىزامغا ئىگە، ئۆگىنىشكە پايدىلىق مەكتەپ
مۇھىتى بىلەن تەمىنلەش. يۇقىرىقى 6 تۈرلۈك نىشاننى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن

ئامېرىكا 4 تۈرلۈك دۆلەت مائارىپ ئىستراتېگىيىسىنى بىرلا ۋاقىتتا يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ئامېرىكا قوشما شتات ھۆكۈمىتى مائارىپ مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان ھۆججەتتە 4 تۈرلۈك دۆلەت مائارىپ ئىستراتېگىيىسىنى غايەت زور 4 چوڭ «پاراۋوز» غا ئوخشاتقان بولۇپ، بۇ 4 چوڭ «پاراۋوز» بىرلا ۋاقىتتا 4 لىنىيەدىن يولغا چىقىپ ئۇزاق مۇساپىلىق ساياھەت سەپىرىنى باشلايدۇ ھەم ئامېرىكىنى ئاجايىپ ئېسىل مائارىپ ئۇنۇمىگە ئىگە نىشانغا باشلاپ بارىدۇ. بۇ «پاراۋوز» لارنىڭ چوڭلۇقىدىن ھەربىر ئامېرىكا پۇقراسى «پاراۋوز» دا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ.

بىرىنچى، دۆلەت مائارىپ ئىستراتېگىيىسى ھازىر ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان مەكتەپلەرنى قۇرۇپ بېرىدۇ، بۇ «پاراۋوز» ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى 110 مىڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇشنى قانداق ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىگە قارىتا 15 ماددىلىق كونكرېت چارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ چارىدە ئائىلە باشلىقى، ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ ھەم ئىجتىمائىي رايونلارنىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى مۆلچەرلەپ ۋە سېلىشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقى سېزىلسە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن. ئىستراتېگىيىنىڭ مەزمۇنىنى نۇقتىلىق ئىگىلەپ ئېلىش ئۈچۈن، 15 ماددىلىق كونكرېت چارىنى تۆۋەندىكى 5 جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1) دەرس ئۆلچىمىنى بېكىتىش: ئامېرىكا ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىنگلىز تىلى، ماتېماتىكا، ئىلىم-پەن، تارىخ ۋە جۇغراپىيە قاتارلىق 5 تۈرلۈك نۇقتىلىق پەنلەردىكى نەتىجىسىنى چوقۇم دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش، بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك دەرس ئۆلچىمىنى بېكىتىپ چىقىش (ئەمما پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن دەرس تەسىس قىلماسلىق يەنى ئامېرىكا مائارىپىنىمۇ قوشما شتاتلاشتۇرۇش) ، دۆلەت مائارىپ نىشانى كومىتېتى ئۆلچەمگە يەتكەن ـ يەتمىگەنلىك ئەھۋالىغا قارىتا يىلمۇ ـ يىل دوكلات قىلىپ تۇرۇش.

2) ئىختىيارىي قاتنىشىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىمتىھان سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش: دۆلەت مائارىپ نىشانى كومىتېتى 4 ـ، 8 ـ، 12 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 5 تۈرلۈك نۇقتىلىق پەنلەرنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانىنى بېكىتىش، ھەم ھەرقايسى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىمتىھانغا ئۆز ئىختىيارىي بويىچە قاتناشتۇرۇش. بۇخىل ئىمتىھاندا ھەممىنى تاللاپ جاۋاب بېرىدىغان سوئال ئۇسۇلى قوللىنىلماي بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۆگىنىش ماھارىتىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىمتىھاندا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچىلار زۇڭتۇڭنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئىقتىسادىي كىرىمى تۆۋەن ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارغا «زۇڭتۇڭ مۇكاپاتى» بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا، ئالىي مائارىپنى تاماملىشىغا ياردەم بېرىلىدۇ.

3) مەكتەپنى ئاساس قىلىپ مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش: ھەرقايسى شتاتلار، ئىلىم ـ مەرىپەت رايونلىرى ۋە ھەرقايسى مەكتەپلەر مائارىپ سىياسىتىنى بەلگىلەش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتلەردە تېخىمۇ زور ھوقۇققا ئىگە بولۇش. «دۆلەت دوكلاتى كارتوچكىسى» ۋە باشقا شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەرقايسى شتات، ئىلىم ـ مەرىپەت رايونلىرى ۋە ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ دۆلەتنىڭ مائارىپ نىشانىغا يەتكەن ـ يەتمىگەنلىك ئەھۋالىنى دائىم ئېلان قىلىپ تۇرۇش، قانۇن تۇرغۇزۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ شتاتنىڭ مائارىپ بايلىقىنى ئەڭ جانلىق ئىشلىتىش، قوشما شتات ھۆكۈمىتى تارقىتىدىغان مەخسۇس ئىشلىتىدىغان پۇلنىڭ مىقدارىنى كۆپەيتىپ، ماتېماتىكا ۋە ئىلىم ـ پەن مائارىپى جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە سەرپ قىلىش. ھەرقايسى شتات ھۆكۈمەتلىرىمۇ مەخسۇس ئىشلىتىدىغان پۇلنى كۆپەيتىپ دۆلەت مائارىپ نىشانىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىگەن ۋە زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن ئىلغار مەكتەپلەرنى مۇكاپاتلاش.

4) ئوقۇشقا كىرىشنى تاللاش پۇرسىتىنى كېڭەيتىش: بۆلۈنگەن رايونلار بويىچە ئوقۇشقا كىرىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ مەكتەپلەرنى ئەركىن تاللىشىغا يول قويۇش، ئەسلىدە

ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن بەرگەن ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ خىراجەت پۇلىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچى ئۆزى تاللىغان مەكتەپكە، مەيلى ئۇ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بولسۇن، مەيلى خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بولسۇن، ياكى چىركاۋ مەكتەپلىرى بولسۇن ئۆزى ئېلىپ بېرىپ ئىشلىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمەت مەخسۇس ئىشلىتىدىغان پۇلنى كۆپەيتىپ رىقابەت كۈچى كۈچلۈك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىش. يەرلىك ئىلىم - مەرىپەت رايونلىرى ئۈچۈن مەخسۇس سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەت تارقىتىپ ئۇنى «مائارىپ سۈپىتى گۆۋاھنامە پىلانى» ۋە «پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەكتەپلەرنى تاللاش كۆرسەتكۈچ پىلانى» نى كەڭ قانات يايدۇرۇشقا ئىشلىتىپ، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ مەكتەپلەرنى تاللىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىش.

5) ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى: مەكتەپنىڭ باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن «مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى زۆرۈرلۈك مۇكاپاتلاش» نى تەسىس قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 5 تۈرلۈك نۇقتىلىق پەن ئوقۇشىدا كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان ئوقۇتقۇچىلارنى مۇكاپاتلاش، بىر قېتىمدىلا پۇل ئاجرىتىش ئارقىلىق كۆپ خىل ئوقۇتقۇچىلىق لاياقەتنامىلىرىنى ئىسپاتلاش يوللىرىنى ئېچىش، ھەرقايسى شتاتلاردا شىتلت باشلىقى مەسئۇللۇقىدىكى مەكتەپ رەھبەرلىرى ئىنستىتۇتى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئىنستىتۇتى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مەكتەپ رەھبەرلىرى ۋە 5 تۈرلۈك نۇقتىلىق دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەشكە مەخسۇس مەسئۇل بولۇش، ئوقۇتۇشتا ئالاھىدە ياخشى ئوقۇتقۇچىلار، 5 تۈرلۈك نۇقتىلىق دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى، يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلار ۋە خەتەرلىك مۇھىتتا خىزمەت قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارغا قارىتا يۇقىرى ئىش ھەققى بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش.

ئىككىنچى، دۆلەت مائارىپ ئىستراتېگىيىسى كەلگۈسىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يېڭى بىر ئەۋلاد ئامېرىكىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ «پاراۋوز» 90 - يىللاردا XXI ئەسىردىكى ئامېرىكا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى مەكتەپنى قانداق قۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىدە 7 ماددىلىق كونكرېت چارىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇلار «يېڭى تىپتىكى ئامېرىكا مەكتەپلىرى تەتقىقاتى ۋە پايدىلىنىش شىركىتى» نى قۇرۇپ، ئەنئەنىۋى ئەندىزىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى تىپتىكى ئامېرىكىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇش، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مائارىپ ئېلېكترون تورىنى قۇرۇپ چىقىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ «پاراۋوز» نىڭ تەكىتلەيدىغىنى: ئامېرىكىنىڭ مول ئىجات قىلىش كۈچىگە ئىگە تالانت ئىگىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ «يېڭى بىر ئەۋلاد ئامېرىكىچە مەكتەپلەر» نى لايىھىلەش ۋە قۇرۇپ چىقىش، ئەنئەنىۋى ئەندىزىنى ئۈزۈل - كېسىل يىمىرىپ تاشلاپ، كۆپ خىل ئەندىزىلەرنى قوللىنىش. بەزى مەكتەپلەر كومپيۇتېر، يىراق ئارىلىقتا ئوقۇتۇش، سىنئالغۇ ئەسۋابلىرى قاتارلىق زامانىۋى ۋاسىتىلەرنى كەڭ تۈردە ئىشلىتىش مۇمكىن. بەزى مەكتەپلەر ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ مەكتەپنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىنى ۋە تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى يېڭىدىن لايىھىلەش مۇمكىن. ئومۇمەن قايسى خىل مەكتەپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانمىسۇن بارلىق يېڭى تىپتىكى ئامېرىكىچە مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ئوقۇتۇشتا ئالاھىدە مول نەتىجىنى يارىتىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى، دۆلەت مائارىپ ئىستراتېگىيىسى ئامېرىكىنى «پۈتۈن خەلق ئوقۇغۇچى بولغان» دۆلەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئامېرىكىدا ھازىر خىزمىتى بارلار ئىچىدە 85% كىشى 2000 - يىلىغىچە خىزمەت قىلالايدۇ. شۇڭا مەيلى ھازىرقى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن مەكتەپلەرنى ئىسلاھ قىلىش بولسۇن ياكى كەلگۈسىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يېڭى بىر ئەۋلاد ئامېرىكىچە مەكتەپلەرنى قۇرۇپ بېرىش بولسۇن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئامېرىكىنىڭ كېلەچەكتىكى رىقابەت ئىقتىدارىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇ. شۇڭا ئامېرىكىدىكى ياش - قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى «مەكتەپكە قايتىپ كېلىش» نى تەلەپ قىلىش يەنى بارلىق ئامېرىكىلىقلاردىن ئۆمۈر بويى ئىلىم - مەرىپەت ۋە ماھارەت ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىش

كېرەك. بۇ «پاراۋۇز» ئامېرىكىنى «كرىزىس ئىچىدىكى ھالەت» تىن «پۈتۈن خەلقى ئوقۇغۇچى بولغان» دۆلەتكە قانداق ئايلاندۇرۇشنىڭ 5 ماددىلىق كونكرېت چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار: ئەمگەكچىلەرگە بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىش، خىزمەت ماھارىتى ۋە بىلىم ئۆلچىمىنى بېكىتىش، كارخانا ۋە ئىجتىمائىي رايونلاردا ماھارەتنى تەكشۈرىدىغان ئورۇنلارنى تەسىس قىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش تەربىيەسى پۈرسىتىنى كېڭەيتىش ۋە «پۈتۈن خەلق ئوقۇغۇچى بولغان» دۆلەتنى شەكىللەندۈرۈش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تۆتىنچى، دۆلەت مائارىپ ئىستراتېگىيىسى ئىجتىمائىي رايونلارنى قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتىغا تولغان رايونلارغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ «پاراۋۇز» ئالدىنقى ئۈچ «پاراۋۇز» زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىلەر تولۇق ئورۇنلانغان تەقدىردىمۇ دۆلەتنىڭ 6 چوڭ مائارىپ نىشانىنىڭ يەنىلا ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ 6 چوڭ مائارىپ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويسا ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ئامېرىكىچە بىرىيۈرۈش قىممەت قاراشلىرىنى يەنى ئائىلىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى، ئائىلە باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق روھى، قوشنىلار ئارا ئۆزئارا ياردەملىشىش ھەم ئىجتىمائىي رايونلار چېركاۋلىرى، پۇقرالار تەشكىلاتلىرى قاتارلىق قىممەت قاراشلىرىنى باشقىدىن ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلۈكىنى، مۇشۇ ئىجتىمائىي رايونلارنىڭ كۈچى مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا بۇ «پاراۋۇز» (1) پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەربىر شەھەر، بازار ۋە رايونلارنى «ئامېرىكىنىڭ 2000 ـ يىلدىكى ئىجتىمائىي رايونلىرى» غا ئۆزگەرتىپ دۆلەتنىڭ 6 چوڭ مائارىپ نىشانىغا يېتىش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، (2) ھەرقايسى شتاتلار شتات باشلىقىنىڭ مەسئۇللۇقىدا «ئامېرىكىنىڭ 2000 ـ يىلدىكى ئىجتىمائىي رايونلىرى» نى بېكىتىش، (3) قوشما شتاتلار ھۆكۈمىتى «ئامېرىكىنىڭ 2000 ـ يىلدىكى ئىجتىمائىي رايونلىرى» نىڭ تەجرىبىلىرى ۋە ئىش پائالىيەتلىرىنى پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇملاشتۇرۇش ھەم ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بىلەن بىرلىكتە ھەرخىل جانلىق ۋە ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ـ چارىلەرنى تېپىپ چىقىپ ئىجتىمائىي رايونلار، مەكتەپلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە ئېشىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، (4) ياش ـ قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ بالىلارغا بولغان تەسىرى ۋە رولىنى، ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي رايونلارنىڭ مەكتەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم رولىنى تەكىتلەش، (5) ئائىلە باشلىقىنى بالىنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچىسى ۋە مەكتەپنىڭ ھەمكارلاشقۇچىسى بولۇشنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت 5 ماددىلىق كونكرېت چارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئامېرىكىنىڭ مائارىپ ئىستراتېگىيىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جامائەتچىلىكنىڭ ئىنكاسى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. ئامېرىكا ئوقۇتقۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى سانكېر بۇ ئامېرىكىنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىدا ئىنتايىن مۇھىم دەپ ھېسابلىدى. ئامېرىكىدا خېلى زور تەسىرگە ئىگە «نيۇ-يورك ۋاقتى گېزىتى»، «ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى» ۋە باشقا گېزىت ژۇرناللار ماقالە ئېلان قىلىپ بۇ ئىستراتېگىيە ئامېرىكىدا بىر مەيدان «مائارىپنىڭ گۈللىنىش ھەرىكىتى» نى قوزغايدۇ. بۇ ھەرىكەت بىر قېتىملىق مائارىپ ئىنقىلابىدۇر دەپ قارىدى.

ئامېرىكا بايلىق يەردىن قېزىپ ئېلىنىدىغان دەۋردىكى باي، كۈچلۈك دۆلەت ئىدى. ھازىر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئامېرىكىدىكى بۇ ئۈستۈنلۈك مەڭگۈ ئامېرىكىغا مەنسۇپ بولىدىغان مۇقەررەرلىك مەۋجۇت بولمىغاچقا، ئامېرىكا ئەنە شۇ ئىستراتېگىيىنى تۈزۈپ، مائارىپ ئارقىلىق پۈتكۈل ئامېرىكا خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزۈش كويىدا بولماقتا. كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ناۋادا ئامېرىكىدىن باشقا بىر مەملىكەت XXI ئەسىردە ئۈنۈملۈك مائارىپچى مىللەت بولۇپ كەتسە ياكى خەلقىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئېچىشتا ئۈنۈملۈك چاپسان ماڭىدىغان يولنى تاپسا ئامېرىكىغا ئوخشاش باي بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئېلىمىزدە ئادەم كۆپ، بىلىم ئىگىلىكىدە ئادەم ئەقلىي بىرىنچى ئورۇندا تۇرغانىكەن، بىز مېڭە بايلىقىنى ئېچىش ئۈچۈن مائارىپ ساھەسىدە ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيەسىدىن تېخىمۇ ئۈستۈن ئىستراتېگىيە ۋە چارىلەرگە ئىگە بولساق، ئامېرىكىدەك باي، دېموكراتىك دۆلەت بولۇپ قېلىشىمىزدىمۇ ئۈمىد يوق ئەمەس. بۇ ماقالە ئارقىلىق ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى مائارىپ ئىستراتېگىيىسىنى تونۇشتۇرۇشتىكى مەقسىتىمىز ئەنە شۇ يولدا ئىزدىنىش ئۈچۈندۇر.

# ياپونلۇقلارنىڭ كەسىپ ۋە باتۇرلۇقنى قەدىرلەش مەدەنىيىتى

لوجىيۇ

ياپونلۇقلار «خىزمەت مەستانىسى» بولغانلىقى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. بۇيىل يازدا مەن ياپونىيىدە بولغانىدىم، ياپونلۇقلارنىڭ ئۆز كەسپىنى قەدىرلەش ۋە خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەش روھى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ياپونلۇقلار ھەركۈنى ئون نەچچە سائەت ئىشلەيدىكەن، بۇ ئۇلارغا ئادەت بولۇپ قالغان؛ ياپونىيىنىڭ ماغزاپ ئىقتىسادى ۋەيران بولۇپ، خوجايىنلار ئىش ۋاقتىدىن تاشقىرى ئىشلەنگەن ئىشقا تۆلىنىدىغان ھەقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن ئەھۋالدا، ئىشچىلارنىڭ يەنىلا بوشاشماي بۇرۇنقىدەك ئىشلەۋېرىشكە ئادەمنىڭ پەقەتلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ؛ ئالدىراش چاغلاردا، شىركەت خىزمەتچىلىرى ھەر كۈنى 3 ـ 4 سائەتلا ئۇخلايدىكەن، گەرچە كۆزلىرى قانسىراپ كەتكەن بولسىمۇ، روھى يەنىلا ئۇستۇن، جەڭگىۋار بولۇپ، خىزمەتكە ئۆزىنى ئاتىۋېتىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا خىزمەت ئىشلەش روھى ئادەمنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرىدۇ. مەن مەلۇم بىر شىركەتكە بارغانىدىم، شىركەت خادىملىرى ئانكىتىدىكى «سىز نېمىگە قىزىقىسىز؟» دېگەن يەرگە بەزىلەرنىڭ: «مېنىڭ ئەڭ چوڭ قىزىقىشىم شۇكى، ئۇ بولسىمۇ ئىشلەش، توختىماي ئىشلەش» دەپ يازغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ياپونلۇقلار دائىم ئالدىراشلا يۈرىدىكەن، ئۆزئارا پاراڭلاشقاندا گەپنىڭ پوسكاللىسىنىلا ئېيتىپ، قۇرۇق گەپكە ئىمكان قالدۇرمايدىكەن. كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرگەن ئادەملەرنى ئەسلا ئۇچرىتىش تەس ئىكەن. مەن گاھىدا: «ياپونىيىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك ھەم بايلىقى كەمچىل دۆلەتنىڭ ئازلا ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ باي دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى، ياپونىيە خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالىمەن.

ياپونلۇقلارنىڭ كەسىپنى قەدىرلەيدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئىشچانلىقى ۋە تىرىشچانلىقىدا ئىپادىلىنىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ خىزمەتكە تۇتقان ئەستايىدىل پوزىتسىيىسى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق روھىدىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ. بەزىبىر شەھەرلەردە قاتناش يەر تەۋرىگەندە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى بەزى خىزمەتچىلەر خەلقنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش جەريانىدا چارچاپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى توغرۇلۇق گېزىتكە تۇزۇك خەۋەر بېرىلمىگەن، شەھەر خەلقىمۇ بۇ ئىشقا ئېتىبارسىز قارىغان. ئۇلار ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى دېگەن مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك، بۇنىڭ ھەيران بولغۇچىلىكى يوق، بۇ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ بۇرچى دەپ قارىغان. ئوغلۇم ياپونىيىگە يېڭى كەلگەندە، ئاران دېگەندە خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ۋە ئىشقا چۈشە ـ چۈشمەيلا باجگىر ئۆيىگە كېلىپ كىرىمىنى سۈرۈشتە قىلغان. جۇڭگودا بولسا ئىش پۈتۈنلەي باشقىچە، ئادەتتىكى خىزمەتچىلەرگۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ناخشا چولپانلىرىنىڭ كىرىمىمۇ ۋاقتىدا سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. ياپونىيىدە بولسا باج ئوغرىلىماق بەسى مۇشكۇلدۇر. مەن ياپونىيىدە ئۈچ ئاي تۇردۇم، كۆپ جايلارغا باردىم، كۆپ سورۇنلارغا داخىل بولدۇم، لېكىن بىرەر جېدەل ـ ماجىرانى ئۇچرىتالمىدىم. ھەممە ئادەملەر ئىززەت ـ ئىكراملىق كۆرۈندى. ئادەتتە كوچىلاردا ساقچىلار كۆپ بولمىغىنى بىلەن، ۋەقە سادىر بولغان ھامان ساقچىلار يۈگۈرۈپ

بولىدىكەن. مەن بىر جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچى بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ ياپونىيە ساقچىلىرىنى «سىناپ بېقىش» مەقسىتىدە كەچقۇرۇنلۇقى موتسىكلىت مىنىپ چەكلەنگەن يولدىن ئۇدا ئۈچ قېتىم ماڭغانلىقىنى، ئۈچىلا قېتىم ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھەمدە ساقچىلارنىڭ بىر مىنۇت ئىچىدىلا ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ناھايىتى ئەدەب بىلەن: «كېلەر قېتىم دىققەت قىلىڭ، ئەمدى ۋەقە چىقسا بىز مەسئۇل ئەمەس» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ ياپونىيە ساقچىلىرىغا بەك قايىل ئىكەن. توكيودا «تېپىۋالغان» ۋېلسىپىتنى ساقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماي ئۈچ كۈن مىنىپ يۈرۈش — مۆجىزە ئىكەن. بېيجىڭنىڭ نوپۇسىمۇ توكيو بىلەن قېلىشمايدۇ، ئاقما نوپۇس توكيودا كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بېيجىڭدا: «ۋېلسىپىت يۈتتۈرۈپ باقمىغان بولسا، ئۇنى بېيجىڭلىق دېگىلى بولماس» دېگەن سۆز تارقىلىپ يۈرگىلى خېلى بولدى. ياپونىيە ساقچىلاردىن يول سورىسىڭىز، ساقچىلار خۇشال ھالدا سىزگە دەپ بېرىدۇ. ياپونىيە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ كەسپىنى قەدىرلىشى ۋە جاندىل بىلەن بېرىلىپ ئىشلىشىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرى بولغانلىقىدىنمۇ؟ ياق. مەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋىدىم، ياپونىيە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلەرىنىڭ مۇئاشىنى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى دەپ كەتكىلى بولمايدىكەن. بەزى زاۋۇت - كارخانىلاردا ئىشلەيدىغانلارنىڭ مۇئاشى ئۇلاردىن كۆپ ئارتۇق ئىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ناھايىتى تىرىشچان، كەسپچان بولۇپ، خىزمەتتە ناھايىتى ئەستايىدىل ئىكەن. بۇ جەھەتتە بىز ئۇلارغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

بۇخىل كەسپچانلىق روھى ۋە خىزمەت پوزىتسىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن مېخانىزىم ۋە سەۋەب نېمە؟ بۇ بىزنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئويلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مەسىلە. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئامىللارنىڭ مەھسۇلى. ئالايلۇق، ياپونىيىنىڭ مەمۇرىي ئاپپاراتلىرى ۋە كارخانىلىرىدا بىر يۈرۈش بىرقەدەر ئىلمىي ھەم ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى يولغا قويۇلغان؛ يەنە ئالايلۇق، ياپونىيىنىڭ يۇكسەك تەرەققىي قىلغان بازار ئىگىلىكى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى كۈچەيتكەن؛ ياپونلۇقلارنىڭ كوللېكتىۋىزىملىق ئېڭى ئۇلارنى قىلچە ئىككىلەنمەيلا باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىپ، باشقىلارغا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ ئېلان قىلىش روھىنى شەكىللەندۈرگەن. بىراق مەن بۇ قېتىم ياپونىيىدە تەكشۈرۈش - تەتقىق ئېلىپ بارغان چېغىمدا ماڭا ئەڭ كۆپ تەسىر قىلغان ۋە مېنى ئەڭ كۆپ ئويغا سالغان نەرسە ياپونىيىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئامىلى بولدى. مەن ئۇنى ياپونىيە ئەنئەنىسىدە ئەزەلدىنلا بار بولغان، شۇنداقلا ھازىرغىچە ساقلاپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن ياپونلۇقلارنىڭ «باتۇرلۇق مەدەنىيىتى» ئېڭىغا يىغىنچاقلىدىم.

«باتۇرلۇق مەدەنىيىتى» ئېڭى ئالدى بىلەن ياپونىيىنىڭ ھەربىر ئائىلىلىرىگىچە سىڭىپ كىرگەن. ئائىلە بولسا جەمئىيەتنىڭ ئاساسى ۋە ھۆجەيرىسى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ياپونىيىدە، ئەگەر ئەر كىشى ھەركۈنى بۇرۇنلا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتسا، ئۇنى ئەڭ بۇرۇن خوتۇنى ئەيىبكە بۇيرۇيدۇ. ياپون ئاياللىرى كەچكىچە ئۆيگە تېقىلىۋېلىپ خوتۇنىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان ئەرلەرنى ياقتۇرمايدۇ. ئېرى قانچە تىرىشچان بولسا ۋە كەچكىچە سىرتتا ئالدىراش يۈرسە ئۇنى شۇنچە ھۆرمەتلەيدۇ، ئۆزىمۇ شەرەپ ھېس قىلىدۇ. ياپونىيىدە، ئالدىراشلا يۈرگەن ئادەملەر قابىلىيەتلىك كىشىلەر ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار. ئەر خەق دېگەن

سىرتتا كۆپرەك ئىشلىشى، جىق پۇل تېپىشى ھەتتا ھاراق ئىچىپ، مۇناسىۋەت باغلاپ، يېرىم كېچە بولغاندا ئۆيگە قايتىپ كېلىشى كېرەك، بولمىسا ئۇنداق ئەرنى ئەر دېگىلى بولمايدۇ دېگەن قاراش چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شۇڭا، ياپونلۇقلارنى جېنىنى تىكىپ ئىشلەشكە ئۈندەيدىغان ھەم ئۇنىڭ ئەمگىكىدىن ئەڭ ئاۋۋال پەخىرلىنىدىغان ۋە سۆيۈنىدىغان جاي ئۇنىڭ ئائىلىسىدۇر.

باتۇرلۇق مەدەنىيىتىنىڭ ئەسەبىي يېرى شۇكى، ئۇ بولسىمۇ «كۈچلۈكتىن قورقۇش، ئاجىزنى بوزەك ئېتىش» دىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بولسا «ئاجىزلار-غا ھېسداشلىق قىلىش» نى تەرغىب ئېتىدۇ، شۇڭا جۇڭگولۇقلار كەڭ قورساق، مەرد ۋە مۇلايىم بولۇشتەك پسىخىكىنى يېتىلدۈرگەن. بەزىلەر: «ياپون ئەرلىرىنىڭ ئەپتىدىن «بويسۇندۇرۇش ئىستىكى» نىڭ خاراكتېرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ دېيىشىدۇ. ئۇلار يولۋاس ئالدىدا مۈشۈك، مۈشۈك ئالدىدا يولۋاستۇر. ئەگەر بىر ئادەم بىر ئادەمنى بوزەك قىلسا مەيلىكى، ئەمما بىرسى بىرتوپ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ يەنە بىرسىنى بوزەك قىلىمەن دەيدىكەن، بۇنىڭغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. ياپونىيە ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدىمۇ ياماندىن قورقۇپ، يۇۋاشنى بوزەك ئېتىدىغان ئەھۋاللار ئومۇميۈزلۈك سادىر. ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇنداق ئىللەتنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۈزىتىپ كېتىش ناھايىتى تەس. ياپونلۇقلارنىڭ بۇخىل «باتۇرلۇق مەدەنىيىتى» ئېڭى، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ساختى-پەزلىكتىن خالىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئۇ مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا ياپونىيە جەمئىيىتى-نىڭ «باتۇر بولساڭ غالىب بولىسەن، قورقۇنچاق بولسا يوقۇلىسەن» مېخانىزمىنى شەكىل-لەندۈرگەن مەدەنىيەت «گىمن» نگە ئايلىنىپ، كىشىلەرنى رىقابەتلىشىشكە، ئارقىدا قالماس-لىق ئۈچۈن تىرىشىشقا، كەسىپنى قەدىرلەپ ئالغا ئىنتىلىشقا ئۈندىگەن.

ياپونلۇقلار باتۇر ئادەم بولۇش ئېڭىنى سىڭدۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ياپونىيىنىڭ بالىلار باغچىلىرىدا، قىش كۈنلىرى بالىلارنىڭ پائالىيەتلىرى ئاساسەن تالادا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. بۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا ناچار تاشقى مۇھىتقا ماسلىشىش، قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىقتىدارى ۋە ئىرادىسىنى يېتىلدۈرۈپ، بالىلارنى لەقۋا بولۇپ قالماي، باتۇرلاردىن بولۇشقا يېتەكلەيدىكەن. جۇڭگودا قىش بولا - بولمايلا ئىشىك - دېرىزىلەرنى دۈملەپ، بالىلارنى تالاغا چىقارتمايمىز، تالاغا چىقارتساقمۇ ناھايىتى قېلىن كىيگۈزۈپ چىقارتىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ۋە تەبىئىي شارا-ئىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىسىزدۇر. ياپونىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر جۇڭگولۇق ئانا ماڭا مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى. بىر قېتىم ئۇ يەسلىگە بالىسىنى ئالغىلى بېرىپتۇ ھەمدە بالىسىنى يېتىلەپ يەسلىنىڭ ئىشىكىدىن چىقاي دېگەندە، بالىسىنىڭ ئايىغىنىڭ بوغقۇچى يېشىلىپ كېتىپتۇ، ئۇ دۈگىيىپ بالىسىنىڭ ئاياغ بوغقۇچىنى چىگىۋاتسا، تەربىيىچى ئۈشتۈمتۈت يېتىپ كېلىپ:

— ئاياغ بوغقۇچىنى بالا ئۆزى چەگسۇن، كېيىن مەكتەپكە كىرگەندىمۇ بالىنىڭ كەينىدىن بوغقۇچىنى چىگىمەن دەپ يۈرەمسىز؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ ئانا ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا:

— باتۇر ئادەم بولۇش ئېڭى ياپونلۇقلارنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كېتىپتۇ، — دېدى.

«ئادەمگەرچىلىك ۋە جاھاندارچىلىق» نىڭ 1999 - يىل 1 - سانىدىن

قەيسەر قەييۇم تەرجىمىسى

# ئالىي نېرۋا پسىخولوگىيىسى ۋە قۇربانجان كارامىتى

ئۆمەر ئوسمان

(1)



ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمى ئىنسانلارنىڭ بارلىق پسىخىكىلىق پائالىيەتلىرى (روھى ھادىسىلىرى) نىڭ ئورگىنى — ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ماددا — ئادەم مېڭىسىدۇر دەپ مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ. ئادەم مېڭىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئۇنىڭدا 1 مىليون 80 مىڭدىن ئارتۇق نېرۋا ھۇجەيرىسى بولىدۇ. (ئەمما، قۇربانجان 3 مىليوندىن ئارتۇق نېرۋا ھۇجەيرىسى بولىدۇ دەپ قارايدۇ) قۇرامىغا يەتكەن ئادەملەرنىڭ مېڭە ئېغىرلىقى 1400 گرام ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ چوڭ مېڭە، چىكىلىك مېڭە، ئارقا مېڭە قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ. چوڭ مېڭە داۋاملىق ئويغاق ھالەتتە بولۇپ، چىكىلىك مېڭە يەتكۈزۈپ بەرگەن خەۋەر (ئۇچۇر) لەرنى ساقلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ھالىتىدە تۇرىدۇ. مانا بۇخىل پسىخىكىلىق پائالىيەت ئالىي نېرۋا پائالىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنى پسىخولوگىيىلىك تەتقىقاتتا ئالىي نېرۋا پسىخولوگىيىسى دەيمىز. ئادەملەرنىڭ بارلىق پسىخىكىلىق پائالىيىتى ئەنە شۇ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

ئادەم پسىخىكىسىنى پەيدا قىلىدىغان ئالىي نېرۋا پائالىيىتى دۇنيادىكى ئەڭ مۇرەككەپ ھادىسىدۇر. لېكىن بەزىلەر ھازىرقى زامان ئالىي يېڭى پەن - تېخنىكىسىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى بىلىشنى ئەڭ مۇرەككەپ دەپمۇ قارايدۇ. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ يەنىلا ئادەم پسىخىكىسىنىڭ يەنى ئادەملەرنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا، دۇنيادا ئالىي نېرۋىنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتىنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان يەنە بىرخىل مۇرەككەپ ھادىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىمىز. ھازىرقى زامان ئالىي نېرۋا پسىخولوگىيىسى بۇ بىر سىرنى تېخى تولۇق ئېچىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىلمىي نۇقتىدىن شەرھلەپ بېرىشكە تىرىشتى.

ئۇنداقتا، جامائەتچىلىك تەرىپىدىن «رېئاللىقتىكى ئەۋلىيا» دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان قۇربانجاننىڭ «كارامەت» لىرى قانداق ھادىسە؟ ئۇنىڭدىكى سىر زادى قەيەردە؟ بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرەيلى.

خۇددى يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئىنسانلاردا بولىدىغان پسىخىكىلىق ھادىسىلەر خىلمۇ - خىل بولىدىغانلىقى، ئۇچۇن، بۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان نەتىجىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. يەنى دۇنيادا چىراي شەكلى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەملەر بولمىغىنىدەك، پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەملەرمۇ بولمايدۇ. بۇ خۇددى «بىر پەلەكتە مىڭ خەمەك،

ھەر خەمەكنىڭ تەمى بۆلەك» بولغىنىغا ئوخشاش. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ، قۇربانجاندىكى ئالاھىدە ئىقتىدار زادى قانداق ھادىسە؟ بىز بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ ئىرسىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىتايلى.

## (2)

ئىرسىيەت (ئۇدۇم) — ئادەملەرنىڭ ئالدىنقى ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىدىغان فىزىئولوگىيىلىك ۋە ئاناتومىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئالدى بىلەن ئالىي نېرۋا سىستېمىسىدىكى ئالاھىدىلىك، سەزگۈ ئەزالار، مۇسكۇللارنىڭ تۈزۈلۈش ۋە ھالىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇلار پسىخىكىلىق پائالىيەتلەرنىڭ تەبىئىي ئالدىنقى شەرتىدۇر. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزممۇ بۇ ھەقتە «تەن بولسا روھ بولىدۇ، روھ پەقەت تەندە ساقلىنىدۇ، تەننىڭ بولۇشى روھنىڭ بولۇشى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت» دەپ ھېسابلايدۇ. بولۇپمۇ ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى ۋە ئالىي نېرۋا سىستېمىسى پسىخىكىلىق پائالىيەتنى ماددىي ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالدىنقى شەرت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. كىشىلەر پەقەت شۇ ئاساستىلا كېيىنكى مۇھىت ۋە تەلىم ـ تەربىيىنىڭ تەسىرىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئومۇمىي ئىقتىدار ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئالىي نېرۋا ۋە ئىرسىيەت ئىلمى تەتقىقاتى كىشىلەردە ئىرسىيەت جەھەتتە پەرق بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرمەكتە. مەسىلەن، بەزى كىشىلەرنىڭ نېرۋا سىستېمىسى تۇغۇلۇشىدىنلا جانلىق، زېرەك ۋە قوزغىلىشچان تىپقا مەنسۇپ بولۇشتىن سىرت، نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ سانىمۇ بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ زېھنى كۈچى، بولۇپمۇ ئالاھىدە ئىقتىدارى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىگە قارىغاندا ياخشىراق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار كېيىنكى مەزگىلدە مۇۋاپىق تەربىيىلەنسە، بولۇپمۇ ئۆزى تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدار جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىگە قارىغاندا تېز ۋە ئۈستۈن بولىدىغانلىقى تەبىئىي. باللار پسىخولوگىيىسى تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرىمۇ باللارنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىكى نېرۋا ھۈجەيرىلىرى سانىنىڭ كۆپ ياكى ئاز، كۈچلۈك (جانلىق) ياكى ئاجىز بولۇشى ئۇلارنىڭ تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتىغا خېلى زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئىرسىيەت تەتقىقاتىدا، نەسلىدىن ـ نەسلىگە ئۆتىدىغان نورغۇنلىغان ئاغرىقلارنىڭ، بولۇپمۇ نېرۋا ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ بىر ئىككى ئەۋلادنى تاشلاپ، ھەتتا ئۈچىنچىسىگىمۇ ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. مانا بۇ پاكىتقا ئاساسەن، بىز نېرۋا قابىلىيەتلىرىنىڭمۇ نەسلىدىن ـ نەسلىگە ئۆتۈشتەك بەزى تەرەپلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرىمىز. گەرچە ئالىملىق ۋە تەجرىبىلىككە ئوخشاش ئۇلۇغ ئەقىل ياكى ئىقتىدار نەسلىدىن ـ نەسلىگە بىۋاسىتە ئۆتمىسىمۇ، لېكىن كىشىلەر بۇنداق ئۇلۇغ ئەقىل ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ پەيدا بولۇشىغا قۇدرەتلىك ياردەم قىلالايدىغان كۈچلۈك نېرۋا قۇرۇلمىسىنى مىراس قىلىپ ئالالايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىش ياكى پايدىلانماسلىق ئۇنىڭ كېيىنكى سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

دېمەك، بۇ يەردە شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، قۇربانجاننىڭ ئىرسىيىتىدە، بولۇپمۇ ئىرسىيەتنىڭ ئالىي نېرۋا سىستېمىسىدا ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈشكە كۈچلۈك ياردىمى بولىدىغان بىرخىل ئالاھىدە نېرۋا تىپى مەۋجۇت. قۇربانجاننىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يۇرتىدىكى پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، قۇربانجاندىن ئىلگىرىكى يەتتىنچى ئەۋلاد ۋە ئۈچىنچى ئەۋلادتا قۇربانجاندىكى ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەن ئىكەن. ئەمما، قۇربانجاندىكىسىدە ئالدىنقىلارغا قارىغاندا زور تەرەققىياتلار بولغان. يەنە بىر جەھەتتىن، قۇربانجان ئۆزىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدارنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن ھەم تېخىمۇ يېڭى كاراMETلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

(3)

بىزگە مەلۇمكى، ئىنسانلاردىكى پسىخىكىلىق پائالىيەت ئالدى بىلەن سەزگۈدىن باشلىنىدۇ. بۇخىل سەزگۈ تاشقى سەزگۈ ۋە ئىچكى سەزگۈ دەپ ئايرىلىدۇ. تاشقى سەزگۈنى ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى ھەرخىل ھادىسىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىچكى سەزگۈ دېگەندە بولسا ئاساسەن، چوڭ مېڭىدىكى ئالىي نېرۋا پائالىيىتىدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئىجادى پائالىيەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىچكى سەزگۈنىڭ بۇخىل ئالاھىدىلىكلىرى ھەممىلا كىشىدە ئازدۇر ـ كۆپتۇر بولىدۇ. لېكىن ئالاھىدە تەرەققىي تاپقانلىرى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئىچكى سەزگۈ ئالاھىدە تەرەققىي تاپقانلارنىڭ مېڭىسىدە سەزگۈچى ئاپپارات بولۇپ، بۇ ـ سەزگۈ ئورگىنى، ئۆتكۈزگۈچى نېرۋا يولى ۋە چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ تېگىشلىك رايونىدىكى مەركەزدىن تەركىب تاپىدۇ. ئىچكى تەسىر چوڭ مېڭە پوستلىقىدىكى مەركىزى رايونغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، سەزگۈ ھاسىل بولىدۇ. قۇربانجان كارامەتلىرىدە ھەربىر سەزگۈنىڭ قوزغاتقۇچىغا بولغان مەخسۇس جاۋابى ئەنە شۇ سەزگۈ ئەزاسىنىڭ مەلۇم قوزغاتقۇچىغا ماسلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. چۈنكى ئانالىز تورىدىكى تەسىرات سەزگۈ ئەزالارنىڭ قوزغاتقۇچى بىلەن بولغان ماسلىشىشىنىڭ تەسىرىدىن ماس ھالدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسى سەزگۈنى كۆرۈش سەزگۈسى، ئاڭلاش سەزگۈسى، پۇراش سەزگۈسى، تېتىش سەزگۈسى، بەدەن سەزگۈسى قاتارلىق بەش سەزگۈ ئەزادىن باشقا يەنە ئالاھىدە بىرخىل سەزگۈمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ «يوشۇرۇن سەزگۈ» دۇر، دەپ قارايدۇ.

كۆرۈش سەزگۈسى كۆزدىكى يورۇقلۇق ئورگىنىنىڭ كۆرۈش قىسمىدىكى ئېلېكتروماگنىتلىق تەۋرىنىش بىلەن ماسلىشىپ، كۆزنىڭ نۇر سېزىش توگۈنىگە تەسىر قىلغانلىقىدىن پەيدا بولىدۇ. كۆز گۆھىرى ئورگىنى تەرەققىي قىلىپ، نۇرنىڭ كۆرۈش ئەزاسى ئىچىدىكى يورۇقلۇق سېزىش ھۈجەيرىلىرىنى كۆپەيتىپ، يورۇقلۇق سېزىق قاتلىمىدا جىسىم سۈرىتىنى تەشكىل قىلغان بولىدۇ، كىشىلەر كۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى ـــ نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش بىلەن مۇكەممەل يورۇقلۇق سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. كۆرۈش سېزىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى يىراق شەيئىلەرنى ياكى شەيئىلەرنىڭ ئەڭ كىچىك زەررىچە قىسىملىرىنى پەرق قىلىش ئىقتىدارىغا قارىتىلغان. كۆرۈش سېزىمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ھالىتىدىكى بىئو فىزىئولوگىيىلىك نۇرمۇ زور تەسىر قىلىدۇ. ئەمما بۇنداق كۈچلۈك نۇر ھەممىلا ئادەمدە بولىۋەرمەيدۇ. دېمەك، بۇنداق نۇر پەقەت قۇربانجاندەك ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرىدىلا بولىدۇ. شۇڭلاشقا، قۇربانجان قارتا كارامىتى كۆرسەتكەندە ياكى ئىچكى كېسەللەرنى داۋالاش جەريانىدا قارتادىكى پۈتكۈل ئۆزگىرىشلەر ياكى كىشىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىنچىكە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى خۇددى بىز شەيئىلەرنى سىرتتىكى بوشلۇقتا ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەكلا كۆرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ نېمە كېسەللىك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ. دېمەك، بۇنى قۇربانجاننىڭ كۆرۈش سېزىمىدىكى بىئو فىزىئولوگىيىلىك نۇرنىڭ ئالاھىدە ئۆتكۈرلۈكىدىن بولغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئاڭلاش سەزگۈسىنىڭ قوزغاتقۇچىسى ئاۋاز دولقۇنىدۇر. ئاڭلاش سېزىمى ھاۋا دولقۇنىنىڭ قۇلاقنىڭ دۇمباق پەردىسىگە تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئاڭلاپ سېزىش توگۈنى بولغان ئۇلتىكا ئەزاسى قۇلاقنىڭ ئاستىنقى پەردە قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان توغرا تالالاردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ئاڭلاش نېرۋىسى ئۇلتىكا ئەزاسىنىڭ ھۈجەيرىلىرىدىن باشلانغان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى ھەر سېكۇنتتا 16000 قېتىمدىن يىگىرمە مىڭ قېتىمغىچە ئاڭلاش ھاسىل قىلالىغان ئاۋازدىلا ئاڭلاش ئىنكاسىنى پەيدا قىلالايدۇ. ئاڭلاش سېزىمىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى سادا دەرىجىسى بولۇپ، بۇخىل ئەھۋال كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش سەزگۈ ئەزالىرىدا زور پەرقلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. قۇربانجاننىڭ ئاڭلاش سەزگۈسى، بولۇپمۇ ھەرخىل سادالارنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى پەرقلەندۈرۈش دەرىجىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. ھەتتا ئۇ ئون نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئارىلىقتىكى سادا ئىنكاسىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ئانالىز قىلالايدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە. ئۇ بۇخىل ئىقتىدارى ئارقىلىق ھەر كۈنى دېگۈدەك يېرىم كېچىلەردە تۇرۇپ، ھاۋارايى ۋە ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىپ، بۇ ھەقتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئالدىن پەرەز قىلالايدۇ ۋە ئۇ ھەقتە بىرقەدەر توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

تېرە سەزگۈسى (تېمپېراتۇرا سەزگۈسى ۋە ئاغرىق سەزگۈسى) ھەرخىل شەيئىلەرنىڭ سېزىش

نېرۋا تۇگۈنلىرىگە تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. قۇربانجاننىڭ تېمپېراتۇرا سەزگۈسى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ بۇخىل سەزگۈنىڭ ياردىمى بىلەن كېسەل كىشىلەرنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش ئارقىلىق نېمە كېسەل ئىكەنلىكى ۋە ئۇنى قانداق داۋالاشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە دىئاگنوز خاراكتېرلىك ھۆكۈملەرنى چىقىرالايدۇ. ئاغرىق سېزىمى ئادەتتە ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ھەمدە ئورگانىزمنى بۇزۇش ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان ھەرخىل شەكىلدىكى قوزغاتقۇچىنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ تېرىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئەركىن نېرۋىنىڭ ئىنتايىن كىچىك بولغان ئالاھىدە سېزىش تۇگۈنىدىكى غىدىقلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەمما ئاغرىق سېزىش تۇگۈنىدە بەلگىلىك ماسلىشىش بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پەيدا قىلغان ئىنكاسى قوغدىنىش رېفلېكسىنى ئاساس قىلغاچقا، ئاغرىق تەسىرىنىڭ داۋاملىشىش رولى ئاغرىق سېزىمىنى ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ. بىز ئادەتتە ئاغرىق سېزىمىنىڭ پەيدا بولغان ھەقىقىي ئورنىنى روشەن پەرق قىلالمايمىز. چۈنكى ئاغرىق سېزىمى مەخسۇس تۇگۈنلىرىنىڭ تالالىرى ئارقىلىق نېرۋىغا يېتىپ بېرىپ، شۇ جايدا ئويغىتىش ھاسىل قىلىدۇ ھەمدە بۇخىل ئاغرىق سېزىمى چوڭ مېڭە پوستلىقى رولىنىڭ تەڭشىشىدە بولىدۇ. پوستلىقىنىڭ بۇخىل رولىنى شەرتلىك رېفلېكس ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىدىن بولغان ئاغرىق سېزىمى ئارقىلىق ئىسپاتلاش مۇمكىن. قۇربانجان مانا بۇ جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنى نامايان قىلدى.

پۇراش سەزگۈسى ماددىنىڭ خىمىيىلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ پۇراپ سېزىش ئەزاسىنىڭ قوبۇل قىلىش ھۇجەيرىلىرىگە تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ. پۇراش سەزگۈسى مەلۇم ماددىلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ھىدلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ ئۈستى قىسمىغا تارالغان پۇراق سەزگۈ كىلېتكىسى بولسا، پۇراق سەزگۈ ئانالىزاتورىسىنىڭ سىرتقى قىسمىدىكى ئەزاسىدۇر. پۇراش ھۇجەيرىلىرىنىڭ ئىچىدە ئورغۇنلىغان نېرۋا تالالىرى بولىدۇ. پۇراش ئانالىزاتورىنىڭ مېڭە پوستلىقىدىكى قىسمى چىكىلىككە جايلاشقان بولىدۇ. غىدىقلىغۇچى ماددا پۇراش سېزىمىغا تەسىر قىلغاندا بەدەن بېسىمى سېزىمى، تەڭپۇڭلۇق سېزىمى، ھەرىكەت سېزىمى، بوشلۇق ئارىلىقى سېزىمى شەيئىلەرنىڭ ھالىتىگە بولغان سېزىملارنى پەيدا قىلىدۇ. لېكىن ئادەتتىكى كىشىلەر بۇخىل سېزىملارنى پەرق قىلالمايدۇ. قۇربانجاندا بولسا، بۇخىل سېزىم ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇخىل سېزىمىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ھەرخىل شەيئىلەرنىڭ ھالىتى ۋە ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارغا توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ.

قۇربانجاندا باشقا كىشىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىرخىل سەزگۈمۇ بار بولۇپ، ئۇنى ئورگانىك سەزگۈ دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇخىل سەزگۈ بەدەندىكى ئىچكى قىسىم ھالىتى بىلەن ھەرخىل ئەزالارنىڭ ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمەلىي پائالىيەتلەرنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، قۇربانجاننىڭ ئۆسۈملۈك خاراكتېرلىك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ نېرۋا تارماقلىرىنىمۇ ئىچكى سېزىش تۇگۈنى بار دېيىشكە بولىدۇ. بىز ئىچكى سېزىش تۇگۈنىدىن تەبىئىي كەلگەن سىگنالنى ئادەتتە بىلىپ كېتەلمەيمىز. چۈنكى ئادەتتىكى شارائىتتا ئىچكى سېزىش تۇگۈنىدىكى سىگنالنى تاشقى سىزىش تۇگۈنىنىڭ خىزمىتى بېسىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇخىل ھالەتنى پەقەت قۇربانجاندەك ئالاھىدە سېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرلا بىلەلەيدۇ.

يېقىندىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان پسىخولوگىيىلىك تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانلاردا بۇرۇنقى تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلانغان بەش خىل سەزگۈدىن باشقا يەنە ئالتىنچى بىرخىل سەزگۈمۇ بار بولۇپ، ئۇ پسىخولوگىيە ئىلمىدا «يوشۇرۇن سەزگۈ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇخىل سەزگۈنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەر تەسىرىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرىمايدۇ. بۇخىل سەزگۈ پەقەت چوڭ مېڭە پائالىيىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەندىن كېيىنكى مەھسۇلىدۇر. چۈنكى ئادەم مېڭىسى ھەرگىزمۇ سۈرەت تارتىش ئاپپاراتىدەك ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا نېمە بولسا شۇنى ئۆز ئەينى كۆچۈرىدىغان نەرسە بولماستىن، ئۇ رېئاللىقتىكى ھەرخىل ئۇچۇرلارنى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يېڭىدىن ئىجاد قىلىش خاراكتېرىگە ئىگە. ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ بۇخىل ئالاھىدىلىكى بەزى كىشىلەردە ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. قۇربانجان ئەنە شۇ تىپتىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ قارتا ئارقىلىق ئېلىپ بارغان كارامەتلىرىنى، قارتىنى پۇلغا، چوڭ پۇلنى كىچىك پۇلغا، پۇلنى قەغەزگە، خەلق پۇلىنى ئامېرىكا دوللىرىغا، ئۈچمىكنى تاشقا، تاشنى تاشپاقىغا، تاشپاقىنى ئالتۇن ئۈزۈككە ئايلاندۇرۇۋېتىشتەك كارامەتلىرىنى ئۇنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق يوشۇرۇن سەزگۈنىڭ ياردىمىدە ئۆز بەدىنىدە بىئو فىزىئولوگىيىد-

لىك ۋە بىئوخىمىيىلىك ھادىسە پەيدا قىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يوشۇرۇن سېزىم ئالىملار ۋە ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا مەلۇم سەكرەشنىڭ بولۇشىنى تېزلىتىدۇ. ئۇلار ئوي ـ خىيالنىڭ ھېچبىر ئۇچىغا چىقالماي قالغان چاغلىرىدا توساتتىن مەلۇم بىر توپ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ ـ دە، تۇيغۇن يېشىلىپ، كۆڭلى يورۇپ كېتىدۇ ھەم چوڭقۇر ھاياجانلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ماتېرىياللىرى گويا پۇتى چىققاندەك جانلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، تەرتىپلىك ھالدا رېئاللىققا ئايلىنىشقا باشلايدۇ. لېكىن بۇنداق تاسادىپىيلىق ئىچىگە ھامان مۇقەررەرلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئالىي نېرۋا پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قۇربانجاندا ئاجايىپ سىرلىق كارامەتلەرنى كۆرسىتىشكە ياردەم بېرەلەيدىغان كۈچلۈك نېرۋا تىپى ۋە جۇغلاشلارنى ھەتتا جاپالىق مەشىق ۋە چېنىقىشلارنىمۇ بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ۋە شەيئىلەرنىڭ ئوبرازلىرى ئۇنىڭ چوڭ مېڭىسىدە ساقلىنىپ قالغان. بۇلار بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي تۇرغان، ئۇ كارامەت كۆرسىتىشكە تۇتۇش قىلغاندا، دىققىتى كۈچلۈك مەركەزلىشىپ، قەلبى ھاياجانغا تولۇپ، ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ كۈچلۈك غىدىقلىنىشى بىلەن ئەسلى ئىجاد قىلماقچى، كەسىپ قىلماقچى بولغان نەرسىسى رېئاللىققا ئايلانغان. چۈنكى، قۇربانجاننىڭ يوشۇرۇن سېزىمى كارامەت كۆرسىتىش جەريانىدا خاسلىق بىلەن ئومۇملۇقنىڭ باغلىنىشى ئۈستىدە توختاۋسىز جىددىي پائالىيەتتە تۇرغان بولىدۇ. بۇ چاغدا ئوبراز خۇددى تۇغۇلۇش كۈنى يېقىن قالغان بالىدەك جىددى ھەرىكەتلىنىدۇ ـ دە، يوشۇرۇن سېزىم جەۋھىرى بىردىنلا پارتلاپ چىقىپ، پۈتۈن لىنىيە مەلۇم بىر توپ خاراكتېرلىك باشلىنىشقا ئىگە بولغان تاسادىپىي ۋەقە تەسىرىدىن خۇددى توك مەنبەسىگە ئۇلانغاندەك توساتتىن يورۇپ، قۇربانجاننىڭ چوڭ مېڭىسىدىكى غۇۋا بولغان ئوبراز تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى باغلىنىشى يېتەرسىز بولغان ئوبيېكتلار بىر يىپ بىلەن ئۇلىنىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئەسلى تېپىلماي كېلىۋاتقان نەرسىلەر تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئالدىغا سەكرەپ كېلىشىپ، رېئاللىققا ئايلىنىش ئېھتىمالىنى پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ قۇربانجاندىكى يوشۇرۇن سېزىمنىڭ كارامىتىدۇر.

ئالىي نېرۋا پسىخولوگىيىسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يوشۇرۇن سېزىم چوڭ مېڭىنىڭ ئالاھىدە بولغان ئىجادى خاراكتېرلىك خىزمىتىدۇر. ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسى تاشقى شەيئىلەر تەرىپىدىنلا ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان پاسسىپ قوبۇل قىلغۇچى بولماستىن، ئۇ بىرخىل پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدۇر. كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيادىن خىلمۇ ـ خىل تەسىراتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن چوڭ مېڭىنىڭ ئابستراكتلاشتۇرۇش كۈچىگە تايىنىپ، ئۇنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. سېزىم ۋە تەسىراتلار ئۈستىدىكى كونا باغلىنىشلار ۋە مۇناسىۋەتلەرنى يوشۇرۇن سېزىم كۈچىگە تايىنىپ بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى يېڭى تەرتىپلەر بويىچە ئېلىپ بارىدۇ. بۇخىل تەسىراتلار گەرچە ئەسلىدىكى ئوبيېكتىپ دۇنيادىن كەلسىمۇ، بىراق ئۇ ئەسلىدىكى نەرسىگە تۈپتىن ئوخشاش بولمايدۇ. مانا بۇ يوشۇرۇن سېزىمنىڭ ئىجادىي ھالدىكى سۈپەت ئۆزگەرتىش جەريانىدۇر. دېمەك، قۇربانجان مانا مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، ھەرخىل پەرەز ۋە خىياللىرىنى ئوتتۇرىغا قويالىغان ھەمدە بۇ ئارقىلىق ھەرخىل سىرلىق كارامەتلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە ئۆزىدىكى بۇخىل يوشۇرۇن سەزگۈنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئاسماندىن زېمىنگىچە، ھازىرقىدىن كەلگۈسىگىچە نەزەر سالالىغان، ئۆتمۈشكە قاراپ بۈگۈننى چۈشەنگەن، تامچە سۇدىن قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگەن ياكى ئاسمانۇ ـ زېمىننى مەزمۇن قىلىپ، بارلىق كائىناتنى ئۆز كاللىسىغا مەركەزلەشتۈرەلىگەن. بۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىلمى قىممەتكە ئىگە بولغان نۇرغۇنلىغان سىرلىق كارامەتلەرنى كۆرسىتەلىگەن. دېمەك، بىز پەقەت چوڭ مېڭىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە قايتا ئىجاد قىلىشتەك جەريانىنى چۈشەنسەكلا، يوشۇرۇن سەزگۈنىڭ دائىم دېگۈدەك چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشكە ۋە رېئاللىقنى كۆزىتىشكە ماھىر بولغان ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرىگىلا يېقىنلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز.

يوشۇرۇن سېزىم پسىخولوگىيىلىك بىلىش جەريانىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە تەرەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ سەزگۈنى تەتقىق قىلىشتىكى تالاش ـ تارتىشنىڭمۇ تۈگۈنى بولۇپ كەلمەكتە. بىز بىۋاسىتە سېزىم نەزەرىيىسىنى ئىنكار قىلمايمىز ھەمدە يوشۇرۇن سېزىمنىڭ چوڭ مېڭىنىڭ ئىجادى ھەرىكىتى جەريانىدىكى پائالىيەتچانلىق رولىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز. چۈنكى بىزگە دائىم دېگۈدەك مۇنداق ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ: كىشىلەر ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ مەلۇم مەسىلىگە جاۋاب

تاپالماي يۈرگىنىدە كۆتۈلمىگەن مەيداندا تاسادىپىي ھالدا چوڭ مېڭىدە توساتتىن بۇرۇن ئويلىنىپمۇ
كۆرۈلمىگەن سېزىم پەيدا بولۇپ، مەسىلە بىردەمدىلا ئايدىڭلىشىدۇ ـ دە، كىشىدە چوڭقۇر خۇشاللىنار-
لىق ھالەت شەكىللىنىدۇ. مانا مۇنداق ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان سېزىم تەبىئىيكى چوڭ مېڭىنىڭ
ئىختىيارسىز ھەرىكىتىدىن پەيدا بولىدۇ. يوشۇرۇن سېزىمدىن ئىبارەت بۇ ھادىسىنى قانداق چۈشىنىش
كېرەك؟ ھازىرقى زامان ئالىي نېرۋا پسىخولوگىيىسى ۋە بىئو خىمىيىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى
ئىسپاتلىدىكى: ئادەم مېڭىسى ئەسلىدە ئېلېكتىرونلۇق ھېسابلىغۇچ بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ئەڭ زور
خەۋەر ساقلاش ماشىنىسىدۇر. خەۋەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئېلېكتىرونلۇق مودىلارغا ئوخشاش قىسقا ۋاقىتتىلا
ئەستە قالىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ مېڭىدىكى ساقلىنىش ۋاقتى بىرقانچە سېكۇنتتىن بىرقانچە سائەتكىچە بولىدۇ
ـ دە، كېيىن ئۇنتۇپ كېتىلىدۇ. يەنە بەزىلىرى بولسا، ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ جەريانى ۋە نېرۋا
ئاناتومىيىسى ئۆزگىرىشىنىڭ ياردىمىدە ئەسلىمە بولۇپ، ئادەم مېڭىسىدە ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىدۇ.
قۇربانجانغا ئوخشاش ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرى سىرتقى دۇنيا خەۋەرلىرىنى ھەرۋاقىت ئاكتىپ ۋە
ئىجادى ھالدا قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ خەۋەرلەرنىڭ بىر قىسمى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار
ئۆزىمۇ بىلىپ كېتەلمەيدىغان يوشۇرۇن سېزىمغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ خۇددى ئېلېكتىرونلۇق ھېسابلى-
غۇچنىڭ كونۇپكىسىنى باسمىغاندا، جىم تۇرغىنىغا ئوخشايدۇ. بۇخىل ئىقتىدار ئىگىلىرى مەلۇم سەۋەب
بىلەن سىرتقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا ياكى مەلۇم بىر مەسىلىنى ئۇزاق مۇددەت ئويلاۋەرگەندە،
چوڭ مېڭە پوستلىقىدىكى ئالاھىدە كۈچلۈك بولغان مەلۇم ھاياجانلىنىش سىستېمىسى ھەرىكەتكە كېلىدۇ
ـ دە، بۇ يوشۇرۇن خەۋەر سېزىم ۋە ئوي پىكىرلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزلۈكىدىن جانلىنىپ كېتىدۇ.
ئۇ قۇربانجاندەك ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ئاڭلىق ئوي ـ پىكىرىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، تەپەككۇر-
نىڭ ئىجادى يولىنى بىردىنلا چاقماقتەك يورىتىۋېتىدۇ ـ دە، ئۆز كارامەتلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش
ئىمكانىيىتى ھازىرلىنىدۇ. مانا بۇخىل سىرلىق ھادىسە يوشۇرۇن سېزىمنىڭ ئىجادى پائالىيىتىدۇر.

(4)

قۇربانجاننىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىدىن نامايان بولۇۋاتقان كارامەتلەر يالغۇز ئۇنىڭ سەزگۈ پائالىيەتلە-
رىدىكى ئۆزىگە خاس بولغان دەرىجىدىن تاشقىرى ھادىسىلەرنىڭ نامايەندىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
ئۇ ھىسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە كۆتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا بىز
قۇربانجاندىكى كارامەتلەرنى ئىدراك، تەسەۋۋۇر، خىيال، تەپەككۇر قاتارلىق پسىخولوگىيىلىك بىلىش
نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئوبيېكتىپ شەيئىلەر كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا بىۋاستە تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە
بۇخىل شەيئىلەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە نىسبەتەن بىر پۈتۈن ئىنكاس پەيدا
قىلىدۇ. مانا بۇ ئىدراكتۇر. گەرچە سەزگۈ بىلەن ئىدراكنىڭ ھەر ئىككىسىلا كۆز ئالدىمىزدىكى
شەيئىلەرنىڭ ئىنكاسى بولسىمۇ، بىراق بۇلارنىڭ يەنىلا مۇئەييەن پەرقلىرى بار. يەنى سەزگۈ تاشقى
دۇنيادىكى شەيئىلەر ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرسە، ئىدراك ھەرخىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋە
ھەرخىل بۆلەكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. چۈنكى، ئىدراك قىلىنغاندىلا، كاللىمىزدا
پەيدا بولىدىغىنى شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى ۋە بۆلەكلىرىنىڭ يەككە ئىنكاسى بولماستىن،
بەلكى ھەرخىل سەزگۈ ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن كونكرېت شەيئىنىڭ ئىنكاسى بولىدۇ. كىشىلەر
سەزگەن شەيئىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى ۋە بۆلەكلىرى قانچە مول بولسا، ئۇلارنىڭ شەيئىلەرگە
بولغان ئىدراكى شۇنچە مۇكەممەل بولىدۇ. پائالىيەت مەزمۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى كىشىلەرنىڭ
ئىدراك ئوبيېكتىنى قانداق تاللاش ۋە قانداق يول بىلەن ئىدراك قىلىشلىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئىدراك
قىلغۇچى كىشى ئەمەلىي پائالىيەتلەر جەريانىدا بەلگىلىك ئوبيېكتىغا نىسبەتەن مەلۇم بىلىم ۋە تەجرىبە-
لەرنى توپلىغان بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنىڭ ياردىمىگە ئاساسەن كۆز ئالدىدىكى
ئىدىقلىغۇچى شەيئىنى بىلىپ، ئۇنىڭ رېئال دۇنيادىكى شەيئى بىلەن بولغان باغلىنىشنى مۇقىملاشتۇرى-
دۇ. دېمەك، قۇربانجاننىڭ قارتا ئارقىلىق ئېلىپ بارغان كارامەتلىرى ۋە جانسىز نەرسىلەرنى جانلىق
نەرسىلەرگە، جانلىق نەرسىلەرنى جانسىز نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىشلىرى ئۇنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيە-
تىدىكى سەزگۈ ئىقتىدارى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى سەزگۈدىن بىر دەرىجە يۇقىرى

كۆتۈرۈلگەن ھەم بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ ئىپادىلەيدىغان ئىدراك قابىلىيىتىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزگەرتمەكچى بولغان ۋە يېڭىدىن ئىجاد قىلماقچى بولغان نەرسىسى ھامان ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئالدى بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. بۇنى باشقا كىشىلەر كۆرەلمەيدۇ ھەم بىلەلمەيدۇ.

قۇربانجان ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنى قاتتىق مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق پۈتكۈل جەريانىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ ھەم بىلەلەيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئىدراكىدىكى ئالاھىدە ئىقتىداردۇر. كىشىلەر ئىدراكىنىڭ شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئالاھىدىلىكى ماكان ئىدراكى، ۋاقىت ئىدراكى ۋە ھەرىكەت ئىدراكىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ماكان ئىدراكى شەيئىلەرنىڭ ماكاندىكى ئالاھىدىلىكىنى، يەنى ئارىلىقى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى ۋە ئورنى قاتارلىقلارنى كۆرسەتسە، ۋاقىت ئىدراكى شەيئىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، تەرتىپى ۋە ئۇنىڭ ماكاندىكى ھەرىكەت ئورنى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھەرىكەت ئىدراكى سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. قۇربانجاننىڭ ماكان ئىدراكى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەتتا 10 نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئارىلىقتىكى شەيئىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ئۆزىنىڭ ئىدراك ئىقتىدارىغا تايىنىپ بىلەلەيدۇ. ھەتتا نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئارىلىقتىكى شەيئىلەرنى ماكان ئىدراكىغا تايىنىپ يۆتكىيەلەيدۇ. قۇربانجاندىكى ۋاقىت ئىدراكىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ بىرەر شەيئى ياكى ۋەقەنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قاراپ، نەچچە يۈز يىل ھەتتا نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى ھالەتلىرىگە ھەم كەلگۈسى ھالەتلىرى ۋە ئەھۋاللىرىغىمۇ بىرقەدەر توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ. بۇنداق ئىقتىدار ھازىرقى دۇنيادا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. دېمەك، قۇربانجان شۇخىل ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ. بۇ نۇقتا 1998ـ يىل 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر» قامۇسىدىمۇ ئېنىق ئېتىراپ قىلىنغان.

ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «قۇربانجاننىڭ تېنىدە ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس خاراكتېرىدە قالغان ئالاھىدە ئىقتىدار مەۋجۇت. كېيىن ئۇ بۇخىل ئالاھىدىلىكنى بايقىغاندىن كېيىن، يەنىمۇ تىرىشىپ ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇخىل ئالاھىدىلىكنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان، تەرەققىي قىلدۇرغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشقان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەتتا كائىناتتىكى ئالەم ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرالايدىغان، كەلگۈسى ھادىسىلەر توغرىسىدا ئۇچۇر يەتكۈزەلەيدىغان، ئۆز بەدىنىدىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ئارقىلىق جانسىز شەيئىلەرنى جانلىق شەيئىلەرگە ۋە جانلىق شەيئىلەرنى جانسىز شەيئىلەرگە ئالماشتۇرالايدىغان ۋە يۆتكىيەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ھەرخىل «ساقايماس» مۇرەككەپ كېسەللەرنىمۇ ئۆز بەدىنىدىكى خىسلەتلىك ئالاھىدىلىك ئارقىلىق ساقايتالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. بۇنداق ئالاھىدە خىسلەتلىك ئىقتىدارنى ھازىرقى ئىلىم ـ پەن تولۇق ئېچىپ بېرىشكە ئامالسىز ھالەتتە تۇرماقتا. . .» دېيىلگەن.

دېمەك، قۇربانجاندىكى بۇخىل سىرلىق كارامەتلىك ئالاھىدە ئىقتىدار ئىنسانلارنىڭ چوڭ مېڭە تەرەققىيات تارىخىدىكى بىرخىل ئىجادى خاراكتېرلىك يوشۇرۇن بىلىش پائالىيىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ بىلىم بايلىقىنىڭ ناھايىتى سىرلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ نامايان قىلىپ، دۇنيادىكى ئىلىم ـ پەن ئەھلىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش ئىستىكىنى تېخىمۇ قوزغىماقتا.

كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئاڭنىڭ بىر نۇقتىغا مەركەزلىشىشى ياكى مەلۇم بىر ئوبيېكتقا قارىتىلىشى بولۇپ، ئۇ بارلىق پسىخىكىلىق جەريانلىرىغا ئورتاق بولغان خۇسۇسىيەتتۇر. كىشىلەر بىرەر نەرسىگە دىققەت قىلغاندا، ئاڭ بىر نۇقتىغا مەركەزلىشىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر پەقەت مۇشۇنداق يۈزلىنىش ياكى مەركەزلىشىش ئارقىلىقلا ئاندىن ئەتراپتىكى رېئاللىق ئىچىدىن مەلۇم شەيئىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، باشقا شەيئىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلالايدۇ. دىققەت پسىخىكىلىق پائالىيەتتىكى ناھايىتى ئاكتىپ بولغان ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىدراك ۋە تەپەككۇر جەريانلىرىغىمۇ سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. دىققەت بەزىدە ئوبيېكتىپ شەيئىلەر تەرىپىدىن قوزغىتىلسا، يەنە بەزىدە ئىچكى غىدىقلىغۇچى تەرىپىدىنمۇ قوزغىتىلىدۇ. قۇربانجان كارامەت كۆرسەتكەندە بولسا، ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز دىققىتىنى كۆرسەتمەكچى بولغان كارامەتكە ناھايىتى قاتتىق مەركەزلەشتۈرىدۇ. قۇربانجاننىڭ دىققىتىنىڭ بۇخىل مەركەزلىشىشىنى ئىچكى غىدىقلىغۇچى تەرىپىدىن قوزغىتىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

دىققەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئاساسىدىن تەھلىل قىلساق، ئۇ ئورگانىزمنىڭ بىرخىل يۆنىلىش رېفلېكسى بولۇپ، بۇخىل رېفلېكس ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. دىققەتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىنى چوڭ مېڭە پوستلىقى قىسمىدىكى «ئوپتىمال قوزغىلىش نۇقتىسى» تەشكىل قىلىدۇ. دىققەتنىڭ ئالىي نېرۋا سىستېمىسى

جەريانىدىكى يېتەكلەش قانۇنىيىتىدىن قارىغاندا، چوڭ مېڭە پوستلىقىدا پەيدا بولغان ھەربىر غىدىقلىنىنىش مەركىزى ئەتراپىدىكى تورمۇزلىنىشنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غىدىقلىنىنىش پۈتكۈل پوسلاققا تەكشى تارقىلالمايدۇ. ھەرقانداق پوستلىق كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئەڭ ئۈستۈن غىدىقلىنىنىش ئورنىغا ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا، ئۇ ئېنىق ئاڭ ھالىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ بەلگىلىك ئورنىدا ئۈستۈن غىدىقلىنىنىش مەركىزىنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى ئورگانىزمدا ھەرخىل رېفلېكسلىق پائالىيەتلەرنى ھاسىل قىلدۇرۇپ، شەيئىلەرگە قارىتا روشەن ئىنكاسىنى قوزغايدۇ. ئۈستۈن غىدىقلىنىنىش مەركىزى پوستلىقىنىڭ مەلۇم قىسمىدا ھەرگىز ئۆزۈنغىچە ساقلىنىپ تۇرالمايدۇ. ئۈستۈن غىدىقلىنىنىش مەركىزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ يېتەكلەش قانۇنىيىتى كىشىلەرنىڭ يولۇقتۇرغان ھەرخىل ئوبيېكتى ۋە ھادىسىلىرى ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان قوزغاتقۇچىلارنىڭ تورمۇزلىنىشىغا ئۇچراپ دىققەت قىلىنمايدىغانلىقى، يەنە بەزى قوزغاتقۇچىلارنىڭ كۈچىيىپ، دىققەتنىڭ مەركىزىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرەر كىشىنىڭ دىققىتى بىرەر ئوبيېكتقا قانچە مەركەزلەشكەنسېرى ئۇنىڭ باشقا ئوبيېكتلارنى كۆزىتىشى شۇنچە خىرەلىشىدۇ. دىققەت مەركەزلەشكەندە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز بولغان نۇرغۇنلىغان ھەرىكەتلەر توختىتىلىدۇ. دىققەت كۈچەيگەنسېرى نەپەس ئاستىلاپ، يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى تېزلىتىپ، چىشنى چىشلەتكۈزۈپ، مۇشتىنى چىڭ تۈگدۈرىدۇ. بىز بۇنداق ھادىسىنى قۇربانجان كارامەت كۆرسىتىۋاتقان نەق مەيداندا دائىم دېگۈدەك ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. دېمەك، قۇربانجان كارامەت كۆرسەتكەندە، ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئۆز دىققىتىنى مەركىزى نېرۋا سىستېمىسىغا يىغىپ، چوڭ مېڭە پوستلىقىدا ئۈستۈن غىدىقلىنىش مەركىزى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق ئۆز كارامەتلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭدىكى بۇخىل ئىقتىدارنى ئالىي نېرۋا تىپىدىكى ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا كېيىنكى جاپالىق ئىزدەنگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق ئالاھىدە ئىقتىدار ھەممىلا كىشىدە بولىۋەرمەيدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا يەنىلا قۇربانجاننىڭ ئالىي نېرۋا تىپىدىكى ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

قۇربانجاننىڭ ئاجايىپ سىرلىق كارامەتلىرىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر بۇنى ئاڭدىن تاشقىرى بولغان ئالاھىدە ھادىسە دەپمۇ قارايدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا ئاڭنى، يەنى ئاڭنىڭ مۇھىم مەركىزى ھالقىسى بولغان تەپەككۇرنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان. ھازىرقى زامان ئىلمى پسىخولوگىيىسى تەپەككۇرغا: «تەپەككۇر — ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى ئىنكاسى» دەپ تەبىر بېرىدۇ. تەپەككۇر مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ئوبيېكتىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى؛ تەپەككۇر مەنبەسىدىن ئېيتقاندا، سۇبيېكتىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ماددا — ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تەپەككۇر ئىنسان پسىخىكىسى پائالىيىتىنىڭ يۇكسەك شەكلىدۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ بىلىشى پەقەت سەزگۈ ۋە ئىدراك بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ كىشىلەر ئەتراپتىكى ئوبيېكت ۋە شەكىللەردىن بىۋاسىتە ئىدراك قىلىنغان ھادىسىلەر ئارقىلىق ھېچقانداق ۋەزىپىنى ئۇنۇملۇك ئورۇنلىيالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە ۋاستىلىك ئىزلىنىش بىلەن جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مانا مۇنداق جاۋابقا ئىزلىنىش تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر.

تەپەككۇرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئاساسىدىن ئېيتقاندا، تەپەككۇر جەريانى چوڭ مېڭىنىڭ ئايرىم رايونلىرىنىڭ پائالىيىتى ئاساسىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ ماس ھالدىكى پائالىيىتى ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ. تەپەككۇر پائالىيىتى ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال ئانالىزاتورنىڭ مېڭىدىكى ئىزنالىرى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولىدىغان مۇرەككەپ ۋاقىتلىق باغلىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسىدىكى ۋاقىتلىق باغلىنىشلارنىڭ پەيدا بولۇشى تەپەككۇرنىڭ مەخسۇس نېرۋا فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمىدۇر. ئەمما ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسىدىكى باغلىنىشلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىرىنچى سىگنال سىستېمىسىدىكى باغلىنىشلارغا تايانغان بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسىنىڭ رولى ھامان بىرىنچى سىگنال سىستېمىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. تەپەككۇر بارلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن ئورتاق قانۇنىيەتلىك نەرسە بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ ئاساسى جەريانى بولغان تەھلىل قىلىش، يىغىنچاقلاش، ئومۇملاشتۇرۇش، ئابستراكتلاشتۇرۇش ۋە سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىدە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىجادى خاراكتېرلىك تەپەككۇر قابىلىيەتلىرىدە ئالاھىدە پەرقلەر كۆرۈلىدۇ. بۇخىل پەرق ئاساسەن ئالىي نېرۋا

پائالىيىتىدىكى ئىرۋا تېپىنىڭ قوزغىلىش ۋە تورمۇزلىنىش ھالىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشى ۋە ئۇنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ھەم ئۇنىڭ ئوبرازلىقلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇخىل پەرق بەزى كىشىلەردە يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن، قۇربانجان ھەرخىل كارامەتلەرنى كۆرسىتىش جەريانىدا، ئالىي ئىرۋا پائالىيىتىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىجاد قىلماقچى بولغان نەرسىنى چوڭ مېڭىسىدە پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا ئالدى بىلەن ئۇنى تەپەككۇردىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز كاللىسىدا ئۇقۇم شەكلىگە ئايلاندۇرۇۋالغان. ئاندىن شۇخىل ئۇقۇمنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆزى ئالدىن كۆزلىگەن شەيئى بىلەن كاللىسىدا باغلىنىش رېفلېكسى پەيدا قىلىپ، چوڭ مېڭىسىدە قايتا پىششىقلاپ ئىشلەشتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق رېئاللىقتا ئايلاندۇرغان دېيىشكە بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۇرۇشى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىدە ئىدراك قىلىنغان نەرسە ياكى بۇرۇن تەسىر قىلغان نەرسىلەرنىڭ شەكلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلاردىن يېڭى تەسەۋۋۇرلارنى يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىشىلەر ئەنە شۇنىڭغا تايىنىپ ئۆزلىرى بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلمىغان ياكى ئۇچراتمىغان شەيئىلەرنىڭ شەكلىنى بىلەلەيدۇ. ھەتتا ئۇلار بۇ ئارقىلىق رېئاللىقتا مەۋجۇت بولمىغان نەرسىلەرنىمۇ بىلەلىشى مۇمكىن. يېڭى نەرسىلەر ئادەتتە ئۇقۇم شەكلى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. بۇنداق ئۇقۇم ئادەتتە كەلگۈسىدە ئىجاد قىلىنماقچى بولغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەسەۋۋۇر ـ بۇرۇن ئىدراك قىلىپ ئۆتكەن، ئەمما ھازىر سەزگۈ ۋە ئىدراك قىلىنمىغان ئوبيېكت ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە ئوبرازلىنىشىدۇر. چۈنكى تەسەۋۋۇر ئىدراكقا ئوخشاش ئۇنداق روشەن، مۇكەممەل ۋە تۇراقلىق بولماي، ئوبرازلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئوبرازدىن قانداق پايدىلىنىش كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيەتلىرىگە باغلىق بولىدۇ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇنلىغان ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتلارمۇ ئەنە شۇخىل تەسەۋۋۇرنىڭ ئەمەلىي ئىپادىلىنىشىدۇر. قۇربانجاننىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ئادەتتىكى نورمال كىشىلەرنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا تايىنىپ، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى ۋە شەكلىنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدىكى ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغان ھالەتتىكى ئەھۋاللارغىمۇ توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ.

كەلگۈسى شەيئىلەرگە بولغان سىستېمىلىق تەسەۋۋۇر غايىۋى تەسەۋۋۇر ۋە خام خىيال دەپ ئايرىلىدۇ. غايىۋى تەسەۋۋۇرنىڭ قىممىتى ئاساسەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىگە باغلىق بولىدۇ. ئاكتىپ ۋە ساغلام بولغان تەسەۋۋۇر كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى ئۇرغىتىپ، ئىشەنچىسىگە ئىلھام بېرىپ، ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئەمما كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىد ۋە ئىستەك كۆپىنچە خام ـ خىيال شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىجادىي ۋە ئاكتىپ بولغان خام ـ خىيال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئىلمىي پەرەزگە يېقىن بولغان خام ـ خىيال كۆپىنچە ئىجادىي خاراكتېرلىك تەسەۋۋۇرنىڭ قوزغاتقۇچىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇ تۈپەيلى بۈگۈن كىشىلەر ئۈچۈن خام ـ خىيال بولغان نەرسە، ئەتە رېئاللىق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. قەدىمكى كىشىلەرنىڭ رىۋايەت خاراكتېرىدىكى ئاسماندا ئۇچۇش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان خام ـ خىياللىرىنىڭ بۈگۈندە پەن ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلانغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. قۇربانجاندىكى مول تەسەۋۋۇرغا تولغان خىيال ھازىرقى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىشىدىن كەم دېگەندىمۇ بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىلەپ كەتكەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىرى كەلگۈسىدە رېئاللىققا ئايلىنىشى تۇرغان گەپ. بۇ خۇددى دۇنيادا ئالدىن كۆرەرلىكىنىڭ پادىشاھى دەپ ئاتالغان فرانسىيىلىك دوماس (NOSTRADAMUS) نىڭ بۇنىڭدىن 400 يىل بۇرۇن، بۇنىڭدىن كېيىن تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا قىياسىنىڭ ھازىرغىچە 99% تى رېئاللىققا ئايلانغانلىقىغا ئوخشاش بىر گەپ.

قۇربانجاندا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھەمدە باشقا كىشىلەردە كەم ئۇچرايدىغان يەنە بىرخىل تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى بولۇپ، ئۇنى پسىخولوگىيە ئىلمىدا بىرلەشمە تەسەۋۋۇر دەپ ئاتىلىدۇ. قۇربانجان بۇخىل بىرلەشمە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا تايىنىپ چاقماق تېزلىكىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇرلارنىمۇ قىلىشقا ئۈلگۈرەلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئالگە ـ سېزىمىغا قانداقتۇر بىر قىزىلگۈلنىڭ تەسەۋۋۇرى ئۇرناشتى دەپ پەرەز قىلايلۇق. بۇ تەسەۋۋۇر ئۇنىڭ خىياللىرىنى ھەر تۈرلۈك بىرلەشمە تەسەۋۋۇر يوللىرىغا دەرھال ئېلىپ كېتەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ قىزىلگۈلنىڭ رەڭگىگە دىققەت قىلغان بولسا، ئەنە شۇ قىزىلگۈلنىڭ رەڭگىگە ئوخشىتىپ قىزىل كۆينەكنىڭ

رەڭگىنى دەرھال تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ، ھەممە ئۇ كۆينەكتىن ئۇنى كىيگەن ئادەمنىڭ چىراي شەكلى قاتارلىقلارنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ دىققىتىنى قىزىلگۈلنىڭ شەكلىگە ئاغدۇرسا ياكى ئۇنىڭ ئاق ـ سىزىمىدا شۇخىل قىزىلگۈلنىڭ رەڭگى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ شەكلى كۈچلۈكرەك ئەكس ئەتسە، ئۇ چاغدا ئۇ يۇملاق شارنى، شاردىن يەر شارىنى دەرھال تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۈلگۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ گۈلنىڭ تىكىنىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان بولسا، بۇنىڭ نەتىجىسىدە قۇربانجاننىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇنىڭ باشقا بەلگىلىرى ئەمەس، بەلكى مۇشۇ تىكەنلىرىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئاڭ ـ سىزىمىدا ئالاھىدە ئەكس ئېتىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلاننىڭ زەھىرى ياكى ۋىجدان ئازابى قاتارلىقلارنى دەرھال تەسەۋۋۇر قىلىپ ئېسىگە ئالالايدۇ. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنىڭ دىققىتى نەرسىگە ئەمەس، بەلكى شۇ نەرسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزگە ئاغدۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئالىي نېرۋا سىستېمىسىدا «تىكىنى يوق گۈل بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىك تەمسىل پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر دىققىتىنى گۈلنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ نامىغا كۆپرەك قاراتقان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قانداقتۇر گۈلباھار ياكى گۈلەندەم ئىسىملىك قىزلار كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. قىسقىسى، قۇربانجاندا بىرخىل نەرسىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق يەنە بىرخىل شەيئىنى ئۇلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئىبارەت ئالاھىدە بولغان بىرلەشمە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، قۇربانجان ئۆزىدىكى ئەنە شۇخىل بىرلەشمە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتكۈل كائىنات (ئالەم) دىكى ھەرخىل شەيئى ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدا، ھەتتا پانى ئالەمدىن باقى ئالەمگىچە بولغان ۋەقەلەر توغرىسىدا رېئاللىقتا ئۇيغۇن بولغان ياكى كەلگۈسىدە رېئاللىقتا ئايلىنىش ئېھتىمالى بولغان پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. مەسىلەن، ئۇ بىرەر پاكىت ياكى ۋەقەنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ قاچان، قايسى دەۋردە بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ پاكىتقا ئاساسەن، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات يۈزلىنىشىمۇ توغرا تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ.

ئۇ يەنە ھازىرقى رېئاللىقتا يېقىن بولغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى، ئاسمان جىسىملىرى، يەر قاتلىمى (يەر بايلىقى ۋە يەر تەۋرەش) ۋە ھاۋارايى توغرىسىدىمۇ بىرقەدەر توغرا تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. بۇنىڭ ئەمەلىي مىساللىرى بىزگە دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى بەزى ئىلىم ـ پەن ئالىملىرى يېقىندىن بۇيان قۇربانجاننى كۆپلەپ زىيارەت قىلىشقا باشلىدى. ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مەشھۇر ئالىملارمۇ قۇربانجاننى بىرقانچە قېتىم تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ سىرلىق بولغان ئالاھىدە ئىقتىدار بىلەن ئورۇنلىغان كارامەتلىرىنى كۆرۈپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى ھەممە ئۇلار قۇربانجاننى ھازىرقى دۇنيادىكى مۇشۇ خىل ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا تىزدى.

(5)

قۇربانجان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلىم ـ پەن ئالىملىرى تەرىپىدىن «ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەممە قۇربانجان 1998 ـ يىل 8 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر» قامۇسىغا كىرگۈزۈلۈپ، پۈتۈن دۇنيا ئالىملىرى ۋە جامائەتچىلىكىنىڭ ئېنىق ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنداق ئىقتىدار دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئاساسى قانداق؟ قۇربانجاندىكى ئىقتىدار قايسى تىپقا مەنسۇپ؟ بىز تۆۋەندە بۇ ھەقتە پسىخولوگىيىلىك باش نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتەيلى.

ئىقتىدار ــــ كىشىلەر پائالىيەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىندىۋىدۇئال پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكىدۇر. كىشىلەر كۆپ ئىقتىدارلىرى ناھايىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن، سەزگۈ ئىقتىدارى، ئىدراك ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى، تەپەككۇر ئىقتىدارى، ھەرىكەت ئىقتىدارى قاتارلىقلار. كىشىلەر ئىقتىدارلىرىنى ئومۇمىي ئىقتىدار ۋە ئالاھىدە ئىقتىدار دەپ ئايرىلىدۇ. ئومۇمىي ئىقتىدار ھەممە كىشىگە ئورتاق بولغان ئىقتىدارغا قارىتىلغان. ئالاھىدە ئىقتىدار بولسا، ئايرىم

كىشىلەرنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس بولغان پەرقلىق ئىقتىدار ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتىلغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قۇربانجاندىكى ئىقتىدار تەبىئىيكى ئالاھىدە ئىقتىدار تىپىگە مەنسۇپ. ئومۇمىي ئىقتىدار بىلەن ئالاھىدە ئىقتىدار ئوتتۇرىسىدا دىئالېكتىك مۇناسىۋەت مەۋجۇت. چۈنكى ھەرقانداق ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي ئىقتىدار ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. ئالاھىدە ئىقتىدار يەنە ئومۇمىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ تەرەققىياتى مەلۇم تۇغمىلىق (ئىرسىيەت) نى ئۆزىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىدۇ. بۇخىل ئۇدۇملۇق خۇسۇسىيەت كىشىلەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا ئۆزىدە بار بولغان ئاناتومىيىلىك، فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىتىلغان. بۇ — كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى، ھەرىكەت ئەزالىرى، ئەڭ مۇھىمى ئالىي نېرۋا سىستېمىسى ۋە چوڭ مېڭىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بولۇپمۇ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى تىپىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ تەرەققىياتىغا قارىتا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، نېرۋا سىستېمىسى تىپىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى دىققەتنىڭ مەركەزلىشىش ۋە ئۇنىڭ ئۇزۇنغا داۋاملىشىشىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. شۇنىڭدەك چوڭ مېڭە پوستلىقىدىكى ۋاقىتلىق باغلىنىشنىڭ كۈچلۈك ۋە تۇراقلىق بولۇشىمۇ ئالاھىدە ئىقتىدار تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئامىل. ئالىي نېرۋا پائالىيىتىدىكى مۇنداق ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى شەرتلىك رېفلېكسنىڭ شەكىللىنىش سۈرئىتى ۋە ئۇنىڭ تۇراقلىقلىقى ھەم تورمۇزلىنىشنىڭ شەكىللىنىش سۈرئىتى قاتارلىقلاردا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. دېمەك، ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ تىپى تەبىئىي ياخشى بولسا، ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قۇربانجاننىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارىنىڭ نامايان بولۇشىدا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئالىي نېرۋا تىپىدا تەبىئىي ياخشى سۈپەتلىك ۋە ئىجادى خاراكتېرلىك ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى مەۋجۇت.

ئىقتىداردىكى پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەر يىراق قەدىمدىن باشلاپلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈن، پسىخولوگلار ئۇنى تەتقىق قىلىشقا خېلى بۇرۇنلا كىرىشكەنىدى. كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارلىرى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى بالدۇر ـ كېيىنلىك جەھەتتىنمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. مەسىلەن، مەملىكىتىمىز تارىخىدا ساۋجىڭ يەتتە يېشىدا شېئىر يازغان. ۋاڭبو ئون يېشىدا ھېكايە يازغان، ئاۋىستىرالىيىلىك كلاسسىك كومپوزىتورى موزات ئۈچ ياشقا كىرگەن چېغىدىلا ئۈچ گرادۇسلۇق ئاھاڭ ئارىلىقىنى تاپقان، تېخى قەلەمنى ئوڭشاپ تۇتۇشنى بىلمەي تۇرۇپلا ئاددىي ئۇسسۇل مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن. ھازىرقى زامان تىزگىنلەش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان نوبىت، ۋىنا تۆت يېشىدىلا نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان. توققۇز يېشىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى 14 يېشىدا ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ بالدۇر ئىپادىلىنىشىنىڭ ئەكسىچە، بەزىلەرنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارلىرى كېيىنرەك ئىپادىلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. پسىخولوگىيىلىك تەتقىقاتلار ۋە ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، كېيىن ئىپادىلەنگەن ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ يېڭى ئىجادىيەت ۋە كارامەتلەرنى كۆرسىتىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق رەسسامى چى بەيشىنىڭ رەسساملىق ئىقتىدارى 40 يېشىدا ئاندىن ئىپادىلەنگەن. دارۋىنمۇ «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى 50 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن يېزىپ چىققان. قۇربانجاننىڭ ئالاھىدە سىرلىق كارامەتلىرىمۇ 40 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن ئاندىن راسا كامالەتكە يېتىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ سەۋەبى ھەرخىل بولىدۇ. ئالدى بىلەن بەزىلەرنىڭ ئالىي نېرۋا تىپىدىكى غىدىقلىنىش بۇرۇنراق تەرەققىي قىلغاندىن سىرت، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمۇ شۇخىل ئالاھىدە ئىقتىدارنىڭ راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن بولىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ ئالىي نېرۋا تىپىدىكى غىدىقلىنىش بىر مەزگىل يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرغاندىن سىرت، ئۇنىڭ شۇغۇللانغان پائالىيەت دائىرىسىمۇ مۇرەككەپ بولۇش بىلەن بىرگە، ئۇزاق مۇددەت تىرىشىپ تۇرۇپ، نەتىجە قازانغىلى بولمايدىغان خاراكتېرنى ئالغان بولىدۇ. دېمەك، قۇربانجان كېيىنكى تىپقا مەنسۇپ بولغان دەرىجىدىن تاشقىرى ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسىدۇر.

# «خەلقىمىزنىڭ ساپاسى ئۈستىدە قايغۇلۇق خاتىرە» دىن مىللىي روھنى ئۇرغىتىش ھەققىدە

جى سىجۇڭ

(ئالىي ئىنژېنېر، گوۋۇيۈەن تەتقىقات ئىشخانىسى پەن مائارىپ، سەھىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى)

مىللىي روھ مىللىي ئاڭنىڭ ئاساسى ئېقىمى، مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، تەرەققىي قىلىشىدىكى تۈۋرۈك ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

مىللىي روھ مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش رىقابىتىدە، دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆرلەش، ئىجاد قىلىشىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

دۇنيادىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزگىچە مىللىي روھ بولىدۇ. مەن يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي روھىغا ئالاھىدە قول قويىمەن.

يەھۇدىيلار ئەڭ بۇرۇن پەلەستىنگە توپلانغان بولۇپ، ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىي پادىشاھلىقلىرىنى قۇرغان. كېيىنچە رىم تەرىپىدىن ھالاك قىلىنىپ مىللەت بويىچە پۈتكۈل ئاھالە چەتكە كۆچۈپ ياۋروپا-ئامېرىكا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، دۇنيانىڭ ئۆي - چوڭقۇرلىرىنىڭ ھەممىسىگە كىرىپ، يەتكۈچە ئازابلانغان، خورلانغان. ئەمما ئۇلار دۇنيانىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىگە تارقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاتا مىراس ماكانى سىئان تېغىغا ئىنچىل تەلپۈنۈپ، ھېيت - ئايەملەردە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى ھەربىر يەھۇدىي قولىغا «ئىنجىل» نى ئېلىپ ئاشۇ نىشانىغا قاراپ «خۇداسىبات سىئانىغا قايتىپ كېتىشكە نېسىپ قىلغايسەن؟» دەپ دۇئا - تەكبىر قىلىش بىلەن ئېتىقادىدىن زادىلا يانمىغان. بۇنداق ئېتىقاد يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، دۆلىتىنى يوقىتىپ قويغىلى 2 مىڭ يىل بولغان بۇ مىللەت ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا يەر دېڭىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىرغىقىدا يېڭىۋاشتىن ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئەڭ ئاساسلىق مۇشۇ مىللەتنىڭ گويا ئەپسانىلاردىكىدەك سىرلىق ئۇيۇشۇش كۈچى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

يەھۇدىيلار ياراتقان يەنە بىر مۆجىزە يوقالغىلى 2 مىڭ يىلدىن ئاشقان «ئىنجىل تىلى» ئىبرايلار تىلىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇلار مىڭ يىللاپ بېسىلىپ كەتكەن كىتاب خەزىنىلىرىنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تىلىنى تاپتى. شۇنىڭ بىلەن 5 قىتئەدە تۈرلۈك تىللاردا سۆزلەپ كەلگەن يەھۇدىيلار ھەرىپ (فونېما) دىن باشلاپ ئىبرايلار (يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادى) تىلىنى ئۆگىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا يىمىرىلىپ كەتكەن بۇ تىلنى، جاراڭلاپ تۇرىدىغان جانلىق، شوخ، مەزمۇنلۇق تىلغا ئايلاندۇرۇپ، «بىر مىللەت، بىر تىل» بولۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي روھى يەنە ئۇلارنىڭ يېرىم ئەسىر ۋاقىتتا، تۇپرىقى ئۇنۇمسىز، بايلىقى كەمچىل بولغان بىر پارچە زېمىندا، سانائىتى تەرەققىي قىلغان، يېزا ئىگىلىكى ئىلغار، پەن - تېخنىكىسى راۋاجلانغان بىر دۆلەتنى قۇرۇپ چىققانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرەققىيات پىلان مەھكىمىسىنىڭ «1995 - يىللىق ئىنسانلار مەدەنىيەت - تەرەققىيات دوكلاتى» دا 174 دۆلەتنىڭ ئاھالىلەر مەدەنىيەت تەرەققىيات كۆرسەتمىسىنى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى، چوڭلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي

قىممىتىدىن ئىبارەت ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ئۆلچىمى بولغان بۇ ئۈچ چوڭ ئامىلنىڭ كۆرسەتمىسىنى قوشۇپ، قوشۇلما كۆرسەتكۈچ بويىچە رەتكە تىزغاندا، ئىسرائىلىيە 2 ـ ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئالدىنقى رەتتە تۇرغان 63 دۆلەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات كۆرسەتكۈچى ئەڭ يۇقىرى بولغان دۆلەت بولۇپ قالغان. پەلەستىن دۇنيادىكى سۇ ئەڭ قىس رايونلارنىڭ بىرى، ئىسرائىلىيە سۇ قىس رايونلاردا تامچىلىتىپ سۇغىرىش، سۇ بار رايونلاردا پۈركۈپ سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگەن ھالدا 90% كە يەتكۈزدى. ئىلگىرىكى ئۈنۈمسىز، قۇرغاق ئىسرائىلىيە ھازىر «ياۋروپانىڭ مېۋە ـ چېۋە ئامبىرى»، «ياۋروپانىڭ قىشلىق ئاشخانىسى» گە ئايلىنىپ، «قۇملۇقتا گۈل ئېچىلدۇرۇش» غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىسرائىلىيە ھەريىلى پەقەت گۈل ئېكسپورت قىلىشتىن ئىبارەت بىر تۈردىلا نەچچە يۈز مىليون دوللاردىن ئارتۇق تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىدىغان بولدى. دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ زېمىنى قۇملىشىپ كېتىشكە يۈزلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، يالغۇز ئىسرائىلىيىلا قۇملۇقنى تىزگىنلەش جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. خەلقنى يېتەكلەپ قۇملۇقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن «ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ ئاتىسى» ب. گورىئان 1953 ـ يىل زۇڭلىلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىپ، سىياسىي مۇنبەردىن ئايرىلىپ، نېگىف قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى سادخوكجېبوستا ماكانلىشىپ، ئۆمرىنى قۇملۇقنى ئۆزگەرتىشكە بېغىشلاپ، ئاخىرى شۇ جايدا ۋاپات بولدى. ھەمدە شۇ جايغا دەپنە قىلىندى.

ئىسرائىلىيىكلەرنىڭ مىللىي روھى ئۇلارنىڭ خەلق ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. يەھۇدىيلار تارىختىن بۇيان مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولۇپ، دۇنيانىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىزچىل ھالدا مائارىپ ۋە ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. ئىسرائىلىيىدە ھەر ئۈچ كىشىنىڭ بىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. چوڭلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.4 يىل مائارىپ تەربىيىسى ئالىدۇ. پەن ـ تەتقىقات خىراجىتى سېلىنمىسىنىڭ نىسبىتى بارلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھەر مىڭ كىشى ئىچىدە 2.5 پەن ـ تەتقىقات خادىمى بار. 4% پەن ـ تەتقىقات نەتىجىسى شۇ يىلىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇلۇپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن تەرەپلەردە دۇنيانىڭ ئالدىنقى ئورۇنىدا تۇرىدۇ.

بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆزىمىزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ھايات رىقابىتىدە، قەيسەر ئىرادىلىك، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان مىللىي روھنى شەكىللەندۈرگەن. ئەمما مىڭ سۇلالىسىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد پادىشاھى جۇ جەنجى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دۆلەت دەرۋازىسىنى تاقىغاندىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىغىچە، بۇخىل روھ چۈشكۈنلىشىشكە باشلاپ تاكى 1840 ـ يىلى ئەپيۇن ئۇرۇشىنىڭ توپ ئوقلىرى دۆلەت دەرۋازىسىنى ئاچقاندىن كېيىن 100 يىلغا سوزۇلغان ۋاقىت ئىچىدە مەيلى جەڭ مەيدانىدا بولسۇن، ياكى سۆھبەت ئۈستىلىرى بولسۇن، ھەممىسىدىلا ھەر قەدەمدە مەغلۇپ بولۇپ، مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى بىر مەيدان ئاز كۆرۈلىدىغان تراگېدىيە ئوينالدى.

ياپون مىلىتارىزمى بۇ زېمىنىمىزغا كۆز تىكىۋاتقان ۋاقىتتا، بىزنىڭ مىللىي روھىمىزدىكى ئاجىزلىق تەرەپلەرنى كۆرۈپ يېتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى قۇرۇتىدىغان بىر مەيدان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغاشقا جۈرئەت قىلغانىدى. بىر مەيدان مىسلىسىز پاجىئەلىك چوڭ قىرغىنچىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئويغاتتى، قاتتىق غەزەپلەندۈردى. خۇددى بىر قورقۇنچاق ئەركەك يار لىۋىگە قىستاپ قويۇلغاندەك بولدى. ئاڭلاڭ —

قوزغال،
قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار!
گۆش ھەم قېنىمىز بىلەن،

مەھكەم ئىستىھكام قۇرايلى.
جۇڭخۇا مىللەتلىرى، ئەڭ خەتەرلىك ھالدا،
ھەر كىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەزىپى تاشماقتا.
. . . . . . . . . . .

ئەينى يىللاردا جۇڭخۇا زېمىنىدا كەڭ تارقالغان بۇ «پىدائىيلار مارشى» دەل جۇڭخۇا ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ يۈرەك ساداسى ئىدى. ئۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي روھىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق ۋە مىللىي ئىتتىپاقنى ئۇرغۇتۇپ، «ھەممە بىر نىيەتتە، دۈشمەندىن ھېچ قورقماي» 8 يىل قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن دۇنيادىكى ئادالەتپەرۋەر كۈچلەر بىلەن بىرلىكتە، تاجاۋۇزچىلارنى دۆلەت زېمىنىدىن قوغلاپ چىقاردى.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي روھىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىقنى ئۇرغۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خىل روھنى يەنە قايتىدىن يۈكسەلدۈردى. بۇنىڭ ئەھمىيىتىدىن قارىغاندا، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مىللىي روھنى قايتىدىن ياراتتى. جۇڭخۇا مىللەتلىرى دەل مۇشۇنداق قايتا يارىتىلغان مىللىي روھقا تايىنىپ، كۆپلىگەن ھەقىقانىيەت ئۇرۇشلىرىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن قېتىملىق ئىقتىسادىي قامالنى بۇزۇپ تاشلاپ، دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا قەد كۆتۈردى. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرىدىغان، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان مىللىي روھ بىرقانچە قېتىملىق ھايات رىقابىتىدە، ئۈزلۈكسىز قايتا يۈكسىلىشكە ئېرىشتى.

دۇنيا فاشىزىمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىغا ئاللىقاچان يېرىم ئەسىر بولدى، بۇ ئۇرۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ھەم بىر دۆلەتنىڭ مىللىي روھىغا نىسبەتەن بىر سىناق، بىز بۇ سىناق ئالدىدا قانداق ئىپادىدە بولدۇق؟

يېقىندا يۈز بەرگەن ياپونىيە باش ۋەزىرى چياۋبېن لۇڭتەيلاڭنىڭ دۆلەت قەھرىمانلىرى خاتىرە سۇپىسىنى زىيارەت قىلىش ئىشى، ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئامما ئارقا - ئارقىدىن ياپونىيە باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ قارشىلىق بىلدۈردى. ئەمما دۆلىتىمىز خەلقىدە ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى — بۇ ئەجەبا تاسادىپىيلىقمۇ؟ تېخى يېقىندا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەن. فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شيامېن شەھىرىدە تۇساتتىنلا «پادىشاھ ئارمىيىسى شەپكىسى» مودا بولۇپ، كۆپلىگەن ياشلار كىيىشىۋالغان. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە «خان ئارمىيىسى شەپكىسى» ئەينى يىللاردىكى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بىر خىل بەلگىسى بولۇپ، بەزى ياشلار بىز بۇ شەپكىنى كىيگەندە «ئانچە بەك چوڭقۇر ئويلاپ كەتمىدۇق» دېگەن. بەزى ياشلار گۈزەللىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا «ھەر ئادەمنىڭ تاللاش ئەركىنلىكى بولىدۇ. » دېگەن. بەزى ياشلار «بۇ شەپكىنى كىيىش ناھايىتى قىزىقارلىق ئىكەن» دېگەن. يەنە بەزى ياشلار «ھەممىسى باشقا - باشقا دەۋر، يەنە نېمانچە كۆپ ئويلانغۇلۇق. . . » دېگەن. جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈپ قىرىش، تالان - تاراج قىلىپ، دەپسەندە قىلىشتەك ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە دۇچار بولغان. ئەينى يىللاردىكى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى مەيلى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ياكى كىنو - تېلېۋىزور، سۈرەتلىك ماتېرىياللاردىن كۆرگەن بولسۇن، ھەرقانداق بىر ئادەم بىر قاراپلا «خان ئارمىيىسى شەپكىسى» نى پەرق ئېتىپلا قالماستىن، بەلكى بۇنىڭ بىلەن ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە ئېلىپ كەلگەن زور بالايىئاپەتنى ئويلىماي تۇرالمايدۇ. ئەمما بىزنىڭ ياشلىرىمىز «خان ئارمىيىسى شەپكىسى» نى كىيىپ كوچىلاردا كۆز - كۆز قىلغان، يەنە تېخى ئۆزلىرىچە بۇنى «گۈزەللىك» ، «ناھايىتى قىزىقارلىق» دەپ قارىغان. بىزدە نادانلىق، ئاڭسىزلىق قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن — ھە! ئەمەلىيەتتە

بىر مەزگىلدىن بېرى يالغۇز «خان ئارمىيىسى شەپكىسى» لا ئەمەس، بەزى جايلاردىكى سودا ـ سارايلىرىدا يەنە ئەينى يىللاردىكى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان «رافې» ناملىق پاراخوتىنىڭ مودېلى، شۇنداقلا گىتلېر فاشىزمىنىڭ بەلگىسى ۋە شەمشىرىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان بۇيۇملار ھەشەمەتلىك ھالدا پوكەيلەرگە تىزىپ قويۇلۇپ، «ئويۇنچۇق بۇيۇمى» سۈپىتىدە بالىلارغا سېتىلمىدىمۇ؟

ياپونغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىر رېژىسسورى زور ئىشتىياق بىلەن سانسىزلىغان ياپونغا قارشى ئۇرۇش قەھرىمانلىرىنىڭ بۆشۈكى بولغان پىڭيۈڭگە بېرىپ زىيارەت قىلغان. ئۇ، ئۇ جايدىكى ياش دېھقانلاردىن «‹7 ـ ئىيۇل›، قانداق كۈن؟» دەپ سورىغاندا، قارشى تەرەپ دەرھال كۈلۈپ تۇرۇپ «پادىچى يىگىت بىلەن توقۇمىچى قىزنىڭ ئۇچراشقان كۈنىغۇ!» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەنە «‹18 ـ سېنتەبىر›، قانداق كۈن؟» دەپ سورىغاندا، قارشى تەرەپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ «‹18 ـ سېنتەبىر›. . . شۇ ‹بېيىپ كېتىسەن›، دېگەنلىكقۇ!» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، جۇڭگو مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر نەپەر غەربلىك ئالىم مۇنداق دېگەن: «ھازىر جۇڭگودىكى بىرقىسىم كىشىلەرگە ئەڭ كەم بولۇۋاتقىنى پۇلمۇ ئەمەس، رەڭلىك تېلېۋىزورمۇ ئەمەس، تۆمۈرمۇ ئەمەس، ئاشلىقمۇ ئەمەس، بەلكى قىممەتلىك مىللىي روھتۇر!»

ئاشۇ يېرىم ئەسىرلىك دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۈستىدە توختالغاندا، مەن ئىختىيارسىز ھالدا رۇس مىللىتىنى ئويلاپ قالىمەن. ــــ سانىت ـ پېتىربورگتا، تاكى ھازىرغىچىلىك 900 دانە پەنەر يېنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بۇ شەھەر گېرمانىيە تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىنغان 900 كېچە ـ كۈندۈزدە، قەھرىمان روسلارنىڭ قانلىق جەڭ قىلىپ، ئاخىرى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنىڭ تارىخى خاتىرىلىنىدۇ. ۋولگا گرادتىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار مېيىت زالىدا مۇڭلۇق مۇزىكا كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ياڭراپ، قۇربانلارنىڭ روھىغا تەسەللى بېرىدۇ.

روسىيىدە ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن بولۇپ، ھەر دائىم قېرىلار، ياشلار ۋە بالىلارنىڭ، مەيلى ئۇ جايدىكى كىشىلەر يەنىلا ئىنتايىن نامرات بولسۇن، ئۆزلۈكىدىن بىر دەستە گۈل سېتىۋېلىپ قەبرە ئۈستىگە قويۇپ قويىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەردە ئەينى يىللاردىكى ياشاش رىقابىتى ئاساسلىق تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشتا گەۋدىلىك دېيىلسە، ئۇنداقتا دۇنيا ۋەزىيىتى تىنچلىققا يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە، خەلقئارادىكى ياشاش رىقابىتى ئاساسلىق ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ سېلىشتۇرمىسىدا ــــ خۇددى بىر توپ كىشىلەرنىڭ تار يوغۇرۇش يولىدا قىستىلىشىپ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئاجىزلىرىنىڭ ئارقىدا سەنتۈرۈلۈپ قېلىشىدا گەۋدىلىنىدۇ. بۇ بىر مەيدان خەلقئارا ھايات رىقابىتىدە غەلىبە قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئەزەلدىن بار بولغان مىللىي روھىمىزنى ئۆزلۈكسىز ئۇرغۇتۇپلا قالماستىن، يەنە يېقىنقى زاماندىكى مىللىي مۇتەررىزچىلىك گىرداۋىدا، بىر تۈركۈم ئىرادىلىك ئەزىمەتلەر ياراتقان قۇدرەت تېپىپ گۈللىنىشكە ئىنتىلىدىغان، كونىلىقنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىقنى ئىزدەيدىغان مىللىي روھنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم.

ئويلاشقا، ئىشلەشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا، تەۋەككۈلچىلىككە جۈرئەت قىلىدىغان مىللىي روھنى قايتا يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

جى سىجۈننىڭ «خەلقىمىزنىڭ ساپاسى ئۈستىدە قايغۇلۇق خاتىرە» دېگەن كىتابىدىن

گۈلشەن نىياز، ئازادگۈل مەمتىمىن تەرجىمىسى

# تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنىڭ ئومۇمىي بايانى

ئىسلامجان شېرىپ

پۈتۈن يەر - زېمىن دانىشمەن ئادەمگە ئۆز ئىشىكىنى ئاچقان، چۈنكى كائىنات يۈكسەك قەلبنىڭ ۋەتىنىدۇر.
— دېموكرىت

تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە بەھىرلىك مۆجىزىلەرنى ياراتقۇچى ئىجادىيەت ياكى سەنئەتكارلىق ئىنسانلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئىنسان ھاياتىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچتۇر. ئىجادىي قابىلىيەت دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىنتىلۇچان پىكىر ۋە ئىجادىي خاسلىق سەنئەتكارلىقنى بارغانسېرى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان ئۆرلىگۈچى مۇنار بولۇپ، ئۇ نورمال ئۆسكەن ئادەملەرگە ئورتاقتۇر. بىراق، كىشىلەر مۇنداق ئورتاقلىقنى خاتا پەلسەپىۋى قاراشلار ھەم ئەزگۈچىلەرنىڭ ئاددىي كىشىلەرنى ئۆزگە ئىلمايدىغان، ئەخمەق قىلىدىغان خوراپىي ئېزىقتۇرۇشلىرى تۈپەيلى تونۇپ يېتەلمەي، ئۆزىدىمۇ گويا خان - پادىشاھلار ۋە ياكى ئەۋلىيا - ئەنبىيالەردەك كائىناتنى ئۆزگەرتەلەيدىغان چەكسىز بوشلۇق — ئادەم مېڭىسى بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، نۇرغۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەت پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئەقىل دەرىجىسىدە پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ھەممە ئادەمدە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئورتاق مەۋجۇتلۇقى شۈبھىسىز. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ماھىيەتتىن مانا مۇشۇنداق ئورتاقلىقنى ئېچىشنىڭ خاتىرىسى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل كۈرەش تارىخىغا تەڭ. بۇ تارىخنىڭ مۇساپىسىدا بېسىپ ئۆتۈلگەن يوللار يېڭى پىكىرلەر ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى ھايۋاناتتىن ئايرىپ چىقىپ، دۇنيانى ئۆزگىچە خىزمەت قىلدۇرغان يوللاردۇر. بۇنداق پىكىرلەر تېخى ئۇزاققا بارماي ئالەملەرنى ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلدۇرۇش مۇمكىن، پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەر، مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى زامانىمىزنىڭ بىلىم ئىگىلىكىدە بۇ يولدا تېخىمۇ تېز يۈگرەيدۇ. بۇ يۈگرەك مۇسابىقىسىدە يەنىلا پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىش، چېنىقتۇرۇش، ئۆستۈرۈش، باتۇرلۇق بىلەن سەنئەتكارلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، زامانىمىزنىڭ رىقابەت ئېقىمىغا كىرىش ھەققىدە ئىخچام توختىلىمىز.

## I ئىجادىيەت، ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئىجادىي ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈش

بىز دەۋاتقان سەنئەتكارلىق تۇرمۇشىمىزنى بېزەشنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت ۋە ياكى تۈرلۈك ساھەلەردە قانات يايدۇرۇلۇشى ئىجادىيەت نامىدىكى تۈرلۈك ئەمەلىي پائالىيەتلەردۇر. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئادەمنىڭ پىكرىدىكى گۈزەللىكنى قوغلىشىدىغان ئەنە شۇنداق ئىجادىيلىقىغا تايىنىدۇ. ئىجادىلىق بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان گۈزەللىكنىڭ سۇبيېكتى بولغان ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئىجادىيەتتۇر. ئادەم ئۆزىنىڭ شۇ ماھىيىتىنى جەمئىيەتنى گۈزەللەشتۈرىدىغان پائالىيەتلەردە قانچە ئىپادىلىگەنسېرى ئەمەلىيەت شۇنچە ئادىمىلىشىدۇ. ئادەم ئۆزىمۇ شۇنچە كامىللىشىپ بارىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يەنە كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىققا قوشۇلۇپ كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ پاساھەتلىك يارىلىشىمۇ ئادەمنىڭ پىكرىدىكى ئىجادىيلىققا تايىنىدۇ. ئىجادىيەت بىرەر ئالىم، بىرەر پەن ياكى بىرەر كەسىپ دائىرىسىدە ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە مەۋجۇت بولمىسا بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن پۈتكۈل مەدەنىيەت تەربىيىسىنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىلىرى ئىچىدە ئادەمنى ئۆزگىچە پىكىر قىلىشقا ئۆگىتىش ئەڭ يۈكسەك ئورۇن تۇتىدۇ. مائارىپنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىدىمۇ ئىجادى قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش، تەرەق-

قىلدۇرۇش بولىدۇ. ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى ۋە ئىجادىي مائارىپ ئۇسۇللىرى تۇرمۇشىمىزدىكى ئەنە شۇنداق ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان يېڭى پەنلەر بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ ئالسا، بىر نەرسىدىن يەنە بىر نەرسىنى بايقاپ ئالىدىغان، ۋاقىت بىلەن ھېسابلىنىدىغان چەكلىك كىشىلىك ئۆمۈرنىڭ لەززىتىنى ئىجادىي پائالىيەت بىلەن مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزىدىغان ئەقىللىق ئادەمگە ئايلىنىدۇ. يەنە كېلىپ ئادەم پەن - تېخنىكىدىن ئىبارەت بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدە ئەڭ پائالىيەتچان ئامىل بولغانلىقتىن، ئادەم ساپاسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىدىكى ئەڭ مۇھىم تەرەپمۇ ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ ئۆسۈشىدۇر. بۇنداق ئىكەن، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ ئاساسىي سۈپىتىدە بىز ئىجادىيەت ۋە ئىجادىي ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈش ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنى شەرت قىلىمىز.

## 1. ئىجادىيەت ياكى تۇرمۇش سەنئەتكارلىقى

### 1) ئىجادىيەت بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى

بىلىم بىلەن ئىجادىيەتنىڭ قايسىسى ئالدىدا تۇرىدۇ؟ مەن 80 - يىللاردا يازغان «تالانتشۇناسلىق» دېگەن كىتابىمدا بىلىم بىلەن تالانتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ، بىلىمنىڭ تالانت تەرەققىياتىدىكى رولىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە ئىجادىيەتنىڭ بىلىمدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن، ھەمدە ئىجاد قىلىش ئىنسان پائالىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى، زامانىمىزدا ئىجادىيەت ھەققىي كۈچ، بىلىم ھەرقانچە زۆرۈر بولغاندىمۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەتنىڭ ئورنىنى ئالالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققانىدىم. شۇ تۇپەيلى 90 - يىللاردىمۇ ھەدىسىلا تارىخنى ۋاراقلايدىغان ۋە ئۇزاق - ئۇزاق زامانلار دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان تارىخىي ئالىملىرىمىزنى قاتا ئىشلەپچىقىرالمايدىغان ناقابىللىقىمىزدىن زېرىكىپ، بىر ياكى بىرنەچچە ئادەم سۆز قىلسا مىڭلاپ ئادەملەر ئۇنى يادلاپ يۈرۈيدىغان دىنىي ئوقۇتۇش مەنتىقىسىدىنمۇ بىزار بولۇپ يۈرەتتىم. چۈنكى بىزنىڭ ھەدىسىلا يادلاشنى تەلەپ قىلىدىغان ۋە يادلاپ ئالالايدىغانلار ئەلاچى بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇتۇش شەكلىگە تارىخ كۆپ قېتىملاپ جازا قوللانغانىدى. ئۆزىمىزنى توختىماي ماختاپ ئاخىرىدا بىرسىمىزمۇ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمەيدىغان بۇنداق ھالىتىمىز دۇنيا مىللەتلىرى ئالدىدا بىزنى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان قىلىپ كۆرسىتىپ قويغانىدى. جياڭ زېمىن بىزنىڭ جۇڭگودا يېڭى بىلىملەر بىلەن قوراللانغان دانىشمەنلەر قاتارى بىزنىڭ بۇنداق ھالىتىمىزنى ئېنىق كۆرۈپ يېتىپ، ئىلىم - پەن ۋە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانىۋىلەشىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغان يۈز مىليونلىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەكچى ۋە مىليونلىغان مۇتەخەسسىس يېتىشتۈرۈش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەندىن كېيىن، تارىخنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدىم.

ئۇزاق قەدىمكى زامان تارىخىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيانقى 100 يىللىق تارىخنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، جۇڭگو تارىخىدا 3 قېتىم بۇرۇلۇش بولدى. 3 قېتىملىق بۇرۇلۇشتا 3 ئۇلۇغ ئادەم مەيدانغا كەلدى. بۇلار چىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرغان سۇن جۇڭشەن، 3 چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ، يېڭى جۇڭگونى قۇرغان ماۋزېدۇڭ ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى باشلىغان دېڭ شياۋپىڭ. بۇلار جۇڭگو تارىخىدىكى ئاشۇ خورلۇقلارنى ئىجادىي پىكىرلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ ئاخىرلاشتۇرغان كىشىلەردۇر. جاڭ زېمىن ئۇلارنىڭ شاگىرتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاشۇ تارىخى جەرياندا جۇڭگو خەلقىنىڭ خورلۇققا قېلىش ئەھۋالىنى ئىلمىي يەكۈنلىگەن كىشى بولۇپ، ئۇ ھازىر شۇ خورلۇققا قارشى ئىلمىي پىكىرلەرنى ئىلگىرى سۈردى. 1912 - يىلى سۇن جۇڭشەن ئىككى، ئۈچ مىڭ يىل داۋام قىلغان فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ جۇڭخۇا مىنگونى قۇرغان بولسىمۇ، كېيىن ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولدى، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر مەملىكىتىمىزگە بېسىپ كىردى، مىللىتارىسلار دۇنيانىڭ ئىلىم-پېنى بىلەن قوراللىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئىجادىي قۇدرىتى ئارقىلىق ئۇلارنى يېڭىش ئىدىيىسىدە بولماي، كونا ئۇسۇل بويىچە ئۆز ئارا سوقۇشۇپ بىرسىنى بىرسى مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق يېڭى پادىشاھ بولماقچى بولدى. جاھانگىرلار بۇنداق قالاق فېئوداللىق ئۇرۇشلارنى ئۆزىگە پۇرسەت بىلىپ بېشىمىزغا يېڭىدىن ئوق ياغدۇردى. تارىخ بېشىمىزغا ياغدۇرغان بۇ ئوق ۋە ئەزەلدىن بىزگە تەئەللۇق بولۇپ كېلىۋاتقان بايلىقلىرىمىزنى باشقىلار تارتىۋېلىۋاتقان رېئاللىق ئارقىلىق بىزگە بىلىم ئۆگىنىشنىڭ

شەرتلىكىنى جاكارلىدى. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، باشقىلار ياراتقان بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن قانائەت قىلىش، ھەرقاچان قەدىمكى زامان ۋە يىراق جايلاردىكى ئالىملار ئىجاد قىلغان كەشپىيات، تەلىماتلارنى تەكرارلاپ، ھازىرقى كۈنگە پال ئېچىش، ئۆزلىرى ئارىسىدىن ئۆتكۈر پىكىرلىك دۇنياۋى ئالىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتەك پىسخىك كېسەلنى، قالاقلىق، نامراتلىق، مىللىي ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقىتىپ قويۇشتەك ئاقىۋەتلەرنى ھامىي قىلىپ قويىدى. بولۇپمۇ كونا بىلىملەر ھامان باشقىلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىغان نەرسە بولغاچقا ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئىجاد قىلغۇچىلار بىزدىن ناھايىتى بۇرۇن بىلىپ ئالغاچقا، بۇ بىلىم ۋە ئىدىيىلەر بىرمۇنچە تەرەپلەردە بىزنىڭ ئىدىيىلىرىمىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، كۆزلىرىمىزنى ئېتىپ قويىدى. بىزنى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە روھىيەتتىكى بىلىنمىگەن ساھەلەردە كەشىپ قىلىش غورۇرىدىن ۋە ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، مىللەتتە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئىجادچانلىقنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە، يوقىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. بىز باشقىلاردىن بىلىم كىرگۈزۈش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆزىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىدا ياراتقان ئۇلۇغ ئالىملىرىمىزنى قايتا ئىشلەپ چىقىرالماي، خۇددى دېھقان ئېتىزنى قولدىن بېرىپ قويسا ئوتاقچى ياكى مەدىكار بولۇپ قالغاندەك، مەنىۋى جەھەتتىن ياللانما بولۇپ قالدۇق. ئۆزىمىز ئىجاد قىلىپ دۇنيانىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئوخشاش ئىلمىي شەرەپلىرىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۆزلىرىمىزدە مۇستەقىل ئىدىيە، ھەرىكەت كۈچلۈك بولمايلا قالماستىن، ھەر كۈنى مىڭلاپ ئالىملارنىڭ نامىنى تەكرارلاپ يۈرسەكمۇ مۇستەقىل بىر ئىدىيە ياكى دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەدەك ئۆزگىچە بىر ھەرىكەت قىلالمىغانلىقىمىزدىن، ئىجادچان مىللەتلەر، بىزنى ھېچقاچان ئۆزلىرى بىلەن تەڭ كۆرمەي، «راۋاج تاپمايدىغان» دەپ كەمسىتتى. جياڭ زېمىن مۇشۇنداق ئاچچىق ساۋاقنى كۆزدە تۇتۇپ يۇقىرىدىكى پىكىردە بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئىجادىيەت مىللىي تەرەققىياتنىڭ جېنى ئىكەنلىكىنى، بۇ جاندىن ئايرىلغان مىللەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا پۇت دەسسەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى خورلۇقتىن ۋە تارىخىي شەرەپلىرىگە ۋەكىل بولىدىغان ئۇلۇغ ئادەملىرىنى قايتىدىن ئىشلەپچىقىرالمىغان خەلقلەر تارىخىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن بولۇپ، بۇ يەكۈن بىكونىنىڭ «بىلىم كۈچ» دېگەن دۇنياۋى يەكۈندىن كېيىن چىقىرىلغان ئەڭ ئۇلۇغ دۇنياۋى يەكۈندۇر. ئىجادىيەت ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر خاسلىقى بولۇپ، ئىنسانىيەت مانا مۇشۇ خاسلىقى بىلەن شەزگۇ ئەزالىرى، پۇت ـ قولى ۋە مېڭىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۈگۈنكى رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلىك دۇنيانى بەرپا قىلدى. ئىنساندا مۇشۇ خاسلىق بولمىغاندا ئىدى. ھېلىمۇ ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ياشىغان بولاتتى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساقمۇ، ئەھۋال ئەنە شۇنداق. ئۇيغۇرلار يىپەك يولىنىڭ باش بېكىتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ جۇغراپىيە ئالاھىدىلىكىگە كۆرە بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى، خىرىستىيان دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دىن، جۇڭگو مەدەنىيىتى، يونان مەدەنىيىتى ۋە ھىندى مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت، ئالتاي ـ ئورال تىل سىستېمىسى، خەنزۇ ـ تىبەت تىل سىستېمىسى، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئەۋزەل مۇھىتتا تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتىگە تايىنىپ چارۋىچىلىق، دېخانچىلىق، سودىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىقتىسادنى شۇ زاماننىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزدى. ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا، مىللىي ئىستېتىك زوقىغا مۇۋاپىقلاشتۇرغان ھالدا ئۆز مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈپ ئېلىپ شۇ زامان تارىخىدا ئۆزگىچە ئىجادىي يول تۇتتى.

كۇچا، قاراشەھەر، ئاقسۇدا ياشىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنلا تۆمۈر، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېرىتكەنلىكى ۋە ناھايىتى نازۇك توقۇلمىلارنى توقۇغانلىقى، تۇرپاندا پاختىنىڭ V ، VI ئەسىرلەردە، ئۈزۈمنىڭ VI ـ ئەسىرلەردىلا جاھان بازىرىغا چىققانلىقى، كۇچا، تۇرپان، خوتەندىن تېپىلىپ ئۈرۈمچى مۇزېيخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار (ھەرخىل نېپىز تاختايلارغا ئويۇلغان خەتلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ باشتىنلا ئىجادىيەت بىلەن يارىتىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، باشقا مىللەتلەردىن ئۇيغۇر يېرىگە كەلگەن ئەلچى، ساياھەتچى، ئارخېئو-

لوگلار يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىلا ئىجادىيەت بىلەن كامال تاپقانلىقى-
نى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ھەقتە ئىدىقۇت خانلىقىدا ئەلچى بولۇپ تۇرغان ۋاڭ يەندى: «ئۇيغۇرلار قۇرۇلۇشلار-
نى ئاق گەج بىلەن ئاقلايدۇ، ئالتۇن تاغدىن (تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي تىزمىلىرىدىن بىرى) ئېقىپ
چىققان ساي سۇلىرى ئاستانا ئەتراپىدىكى ناھىيە ئېتىزلىرىنى سۇغىرىشقا ۋە تۈگمەنلەرنى قۇرۇشقا ئېلىپ
كېلىندى. . . چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەممىدىن كۆپ، پىپا ۋە كونخۇي 23 ــ 25 سىملىق، چاڭگا
ئوخشاش چالغۇ ئەسۋابلىرى كەڭ تارقالغان. ئۇلار سۆسەر، يۇڭ، پاختىدىن ئاق گۈللۈك رەختلەرنى
ئىشلەپچىقىرىدۇ. . . شەھەردە ساراي بىنالىرى ۋە باغچىلار كۆپ، ئادەملىرى ئاق تەنلىك، ئۇقۇملۇق،
مىجەز خۇلقى توغرا، ئۇلارنىڭ ئۇستا زەرگەرلىرى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈردىن ئاجايىپ
بۇيۇملارنى ياسايدۇ. قاش تېشىدىن ئاجايىپ چىرايلىق بۇيۇملارنى ئىشلەيدۇ.»، «. . . بۇ چاغلاردا
ئۇيغۇر ئىدىقۇتى سىرتقا يىپەك، يۇڭ، پاختا، كەندىردىن توقۇلغان سۈپەتلىك شايى، گۈللۈك ھەم
چاقماق يوللۇق سىلىق ۋە يىرىك تاۋار، دۇردۇن، نېپىز رومال، تاغار، خوجۇن، ئاياللارنىڭ كۆڭلەك-
لىرى ۋە باشقا بۇيۇملارنى چىقىرىدۇ».① دەپ يازسا، بەش سۇلالە ۋەقەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان
«كونا ھەقىقىي خرونىكا» دېگەن كىتابتا: «ئۇيغۇرلار باش كىيىم، چاپان، كۆڭلەك، ئاياغ ۋە
بەلباغلارنى ئالتۇن، كۈمۈش، پىل ئۇستىخانلىرى، قاش تېشى، يېشىل ياقۇت، ئاق ياقۇتلار بىلەن
بېزەپ، تۈرلۈك رەڭلىك يىپەك يىپلار بىلەن كەشتە بېسىشقا ئىنتايىن ماھىر ئىدى. زەگالىرى بولسا
مېتالنى سوغۇق ئىشلىتىشتىن تاشقىرى، ئۇنى ئېرىتىپ، مەخسۇس قېلىپقا قۇيۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق
ناھايىتى نازۇك سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەيتتى، بولۇپمۇ تۆمۈرچىلەر تازا پولاتتىن سوققان ۋە زەگالار
نەقىشلىگەن قىلىچ ـ خەنجەرلەر جۇڭگو ۋە غەرب ئەللىرىدە يۇقىرى باھاغا ئىگە ئىدى»②. دەپ يازىدۇ.
دېمەك، ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى ئىجادىيەتلىرى بىلەن يايلاق ۋە قىشلاق مەدەنىيىتى، ئۆي ـ جاي ۋە شەھەر
مەدەنىيىتى، يىمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودا مەدەنىيىتى قاتارلىق مەدەنىيەت
قاتلاملىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ئۆز تارىخىنى يارىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ
ئەڭ ئالىي پائالىيىتى بولغان ئىجادىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئىنسانىيەت تارىخىغا تېگىشلىك تۆھپە
قوشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى تۇرغۇزغان. بولۇپمۇ مەشھۇر تۈركشۇناس
ھونگىر ئالىمى ژوزېپ تېورى «ئۇيغۇرلار يېزىقىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قەدىمكى
جۇڭگو، ۋىزانتىيە ۋە پارس مەنبەلىرىدىكى تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن
بۇرۇنلا مۇكەممەل يېزىقى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبەلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ۋە چوڭقۇر
مەزمۇنلۇق بەدىئىي ئەدەبىياتىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنلا ھۆججۇدقا كەلگەن. . . ئۇلار مىلادىدىن 1000 يىل
بۇرۇنلا ئۆزىگە خاس يىلنامىلەرنى ياراتقان» دەپ يازغاندەك، مەدەنىيەتنىڭ باش رولچىسى بولغان يېزىقنى
مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا يارىتىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىلا ئاجايىپ زور دۇنياۋى ئالىملارنى بارلىققا كەلتۈ-
رۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە مەدەنىيەت داھىسى بولۇش بىلەنلا قالماي، يىپەك يولى ئارقىلىق
خەنزۇ، پارس، ئەرەب، ھىندى، ياۋروپا خەلقلىرىگە پائال تەسىر كۆرسىتىپ ئۆز زامانىسىنىڭ يولباشچى
مىللەتلىرىدىن بولغان. .

دېمەك، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن «قاتلاملىق ئىستېتىكا»
دېگەن كىتابىنىڭ XI بابىدا ئېيتقاندەك: سەنئەتكار ئالدى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقان-
دا، «خەلقنىڭ تەربىيىچىسى، دەۋر ۋىجدانىنىڭ قايناق بۇلىقى، ئىنسانىي تەپەككۇرنىڭ مۇقەددەس
تۇغچىسى، تارىخنىڭ ئىلھامچىسى» بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقانداق بىر بۆلىكى ئۆزىدە قانچىلىك
سەنئەتكار، ئالىم ئىختىراچى، يازغۇچى ھەكىم، . . . لىرى بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىش كېرەك.
ھەربىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سەنئەتكار مىللىي مەدەنىيەتنىڭ غۇرۇرى، سەنئەتسىز، سەنئەتكار-
سىز مىللەت، سەنئىتى ئۆز قىممىتىنى، سەنئەتچىسى ئۆز لاياقىتىنى تاپالمىغان مىللەت، سەنئەتتە
ئاداشقان، سەنئەتچىلىرى ئاداشقان مىللەت، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتقان، پالاكەت ۋە ئاپەتكە
قۇربان بېرىشكە يۈزلەنگەن مىللەتتۇر.

ھازىرقى كۈندە شۇنچە مۇقەددەم مەدەنىيەت تارىخى بار خەلقىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ئىجادىي قابىلىيەتكە

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار» 7 ـ، 8 ـ بەتلەر.

ئىگە بولسا، ھازىرقىدىن نەچچە ئون، يۈز، ھەتتا نەچچە مىڭ ھەسسە قۇدرەتلىنىپ، قالاقلىق ۋە نامراتلىق زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، جاھان مەدەنىيىتىدە قانچىلىك گىگانت بولۇپ كېتەر، بىزمۇ ئادەم سانىمىز كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، ئىجادكارلىقىمىز بىلەن قانچىلىك پەخىرلىنىپ كېتەرمىز ـ ھە!

راست، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخى بىلىم ئۈستىگە قۇرۇلغان. XVI ئەسىردە فرانسىس بېكون «بىلىم كۈچ» دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئىنسانلار بۇ ھۆكۈمگە تولۇقى بىلەن ئەمەل قىلغانىدى، چۈنكى، بۇ ھۆكۈم دەۋر ئېتىبارى بىلەن شۇ ئەسىرنىڭ چاقىرىقى بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئاستا ـ ئاستا بولىدىغان دەۋرگە ئۇيغۇن ئىدى. ئۇ چاغلاردا تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن بىلىم سىستېمىسىنى كىتابى يوسۇندا ئىگىلەش ئارقىلىق تەبىئەت جەمئىيەت ۋە روھىيەت ساھەسىدە خىزمەت ئېلىپ بارغىلى بولغانلىقتىن، ئاتا مىراس بىلىملەرنى كىتابى ئوقۇتۇش مەركىزى ۋەزىپە بولغان ئىدى. لېكىن بىلىم ئىگىلىكىدە بۇنداق كىتابى ئوقۇتۇشنىڭ زامان تەلىپىنى قاندۇرالمايدىغان ۋە بىزنى كېلىچەككە ئېلىپ بارالمايدىغان ئاجىزلىقلىرى ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى. ئىنسانلار جەمئىيىتى جاھالەت دەۋرى، مەدەنىيلىك دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، مانا ئەمدى ئىجادىيەت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئادەملەر جاھالەت تەجرىبىگە، مەدەنىيلىك دەۋرىدە بىلىمگە تايانغانىدى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بىلىم ئىشلەپچەقىرىش ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى بولغانلىقتىن، يېڭى بىلىم ئىجاد قىلالمايدىغان مىللەتلەر ھەر قانچە شانلىق تارىخىي كىتابلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ھالاك بولىدىغان كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كەلدى. لېكىن، بەزىلەر بىلىم ئىگىلىكى XXI ئەسىرنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالىدۇ دېگەننى «بىلىم كۈچ» دېگەن ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە چۈشىنىۋېلىپ، بىلىمنى قانچە كۆپ ئىگىلىسەك شۇنچە كۈچلۈك بولىمىز دەپ يۈرمەكتە. ئەگەر بىز بۇنداق قاراش بىلەن XXI ئەسىردىكى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ھەقىقىي كۈچىنى ئىگىلىمەكچى بولىدىكەنمىز، دەۋر تەلىپىدە تەربىلىنىشىمىزدە ئېغىش كېلىپ چىقىدۇ. سوئال شۇنداق ئاددىيكى، دۇنياغا بىلىم بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ ياكى تەپەككۇرمۇ؟ ئىنسانلارنى باشقا مەخلۇقلاردىن ئۇلۇغ قىلغان نەرسە، تەپەككۇرمۇ ياكى تەپەككۇردىن ھاسىل بولغان مەلۇم دەۋرنىڭ بىلىمىمۇ؟ بىلىم بىلەن تەپەككۇرنىڭ زادى قايسى كۈچلۈك؟ ئەگەر بىز ئەمەلىيەتچى بولىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ پىكىر ۋە ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان تەييار كىتاب ۋە ئەندىزىلەردىن باشقا، كىتاب ـ ئەندىزىلەردە يوق بولغان قوماندانلىق ئورگىنى مېڭە ۋە ئۇنىڭدىكى ھەربىر ھەرىكەتنى كىتابنامىلاردىكىدىن پەرقلىق ئورۇنداۋاتقان ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېتىراپ قىلىمىز.

بۇنداق بولمىغاندا، ئادەملەر كىتابتىن ئايرىلسا ئىچكى دۇنياسىدا ھۆكۈمدارى يوق مەھكىمىگە ئايلىنىدۇ ۋە تەرەققىيات پۈتۈنلەي كىتابنامىلارغا باغلىق بولۇپ قالىدۇ ـ دە، دىنىي كالاملاردىن باشقا بارلىق كىتابلار ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى شۇچاققىچە تونۇپ يەتكەن بىلىش دەرىجىسىنىڭ خاتىرىسى بولغانلىقتىن، كېلىچەككە قوماندانلىق قىلالمايدۇ، ھېچ بولمىغاندا يېڭىلانمىسا قوماندانلىق قىلالمايدۇ. قوماندانلىق يوق ھەرىكەت ياكى تەرەققىيات ئىنسان ھاياتىدا مەۋجۇتمۇ؟ يوق! ئادەم ھاياتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى كىتابنامىلار تېخى دۇنياغا كەلمىگەن چاغدىلا باشلانغان بولۇپ، ئادەم ھاياتىدىكى تەرەققىياتنى ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچ كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ ئىككى كۈچنى ئەقىل تەركىبىدىكى ئىجادىي قابىلىيەت ئالغا يېتەكلەپ، بارلىق سۈپەت ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتلارغا سەۋەب بولغان.

ئالايلۇق، ئالەم تۆرىلەپ ھازىرغىچە قانچە ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىسىمۇ، ئادەمنىڭ قۇياش نۇرى، ھاۋا، سۇدىن ئىبارەت ھايۋانات ھەم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە شارائىت بار يەر شارىدا ياشاپ كېلىۋاتقىنىغا ئىككى يۈز مىليون يىل بولدى. ئادەمنىڭ يەر شارىدا ياشاۋاتقان بىر مىليون خىلدىن ئارتۇق ھايۋانات، 300 مىڭ خىلدىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك، 100 مىڭ خىلدىن ئارتۇق مىكرو جانلىقلار ئىچىدىن ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمران بولۇپ چىقىشىدىكى سەۋەب نېمە؟ بۇ مەخلۇقاتلار بىلەن سېلىشتۇرما بولۇشتىن باشقا، پەقەت ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەرگە ئالغاندا، شۇنچە ئۇزاق تارىختا نېمىشكە پەقەت 8000 يىل ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت ئىزى بىلەن ئىلىمىزدەك كاتتا ھەم مۇقەددەس دۆلەتنىڭمۇ 5000 يىللىق يازما تارىخىلا تاپقىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئىنسانلار ناھايىتى ئۇزاق تارىختا تەپەككۇردا ئاجىز بولۇپ، كۆپ تەرەپلەردە باشقا ھايۋاناتلارغا يېقىن ھالدا ئۇيقۇدا ياتتى، قەدىمكى يۇناندەك ئەقىلدە يېتىشكەن، پاراسەتلىك، كامىل ھۆكۈمالار كېلىپ چىققان ئەلدە ۋە شۇنىڭدەك

ئۆزىنى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئاتىغان ئۇلۇغ مىللەتلەردىمۇ ئۇلۇغ دانىشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغان ئەقىلسىزلىك تولىمۇ ئۇزاق ھۆكۈم سۈردى، قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىدىيىسى سوپىتىدە سوقراتنىڭ «ئۆزەڭنى بىل» دېگەن سۆزى ئاھۆرمازادا قاياسىغا ئادەمگە قارىتا يېزىلدى ـ يۇ، ئەمما، ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆزىتىشتىن كۆپرەك تاشقى دۇنيادىكى ماددىي بايلىقلارغا بېرىلىپ كەتتى. پادىشاھلارمۇ ئۆزلىرىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېھراملار ياسىدى، ئۆزلىرىنى تاش ئابىدىلەرگە يازدۇردىيۇ، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئەڭ زور بايلىق بىلەن نام قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى بىلىپ يەتمىدى. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيانىڭ ئومۇمىي ئىسلاھاتى، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يەر شارى خاراكتېرلىك زامانىۋىلىشىش، مەدەنىيلىشىشنىڭ دەستۇرى بولغان «قۇرئانى كەرىم» دە ئادەمدىن ئىبارەت ئىجادىيەتچىنىڭ ھەقىقىي كۈچ قۇدرىتىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن، «ئەقىلنى ئىشقا سېلىش، تەپەككۇر قىلىش ھەققىدە 300 ئورۇندا، ئالەمنىڭ سىرلىرىنى كۆزىتىش ۋە تېپىش ھەققىدە 700 ئورۇندا، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق پەن ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ھەققىدە نەچچە ئون ئورۇندا»[1] ۋەھىي كەلتۈرۈلۈپ، كۆز بىلەن كۆرۈش، قۇلاق بىلەن ئاڭلاش، قەلب جامىدا ئويلاش ئارقىلىق بىلىم ئېلىش، ئەقىلنى سەگەك تۇتۇپ نادانلىقتا، بىخۇتلۇقتا، قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كېتىشكە قارشى تۇرۇش چاقىرىق قىلىنغاندىن كېيىن، پەقەت بىزنىڭ مەركىزى ئاسىيا رايونىدىلا مۇسا خارازمىي، ئەبۇ ناسىر فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبنىسىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، ئەبۇ ئابدۇللا روداكى، ناسىر خىسراۋ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، رابغۇزى، مەخمۇد قەشقەرى، ئىمام بۇخارىي، ئەھمەد يەسسۋى، جالالىدىن رومىي، باھاۋىدىن نەقشەبەند، نەجمىدىن كۇبرا، سەككاكى، لۇتفى، ئابدۇراخمان جامىي، ئەلشىر ناۋايى، مىرخاند، خاندامىر، زاھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر، ئۇلۇغبەكتەك بىرمۇنچە دۇنياۋى ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى بۇ چاقىرىقلارنى مىراس ئېلىپ، دۇنيانىڭ سىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، تەبىئەت ۋە ئادەم تەپەككۇرىدىكى يوشۇرۇن بايلىقلارنى قېزىش جەھەتتە زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر پەقەت دىنىي كالاملارنى يادىلاپ ئېلىپلا، ئىسلامنىڭ ئۆزى مەدەنىيەت، ئىلىم ـ پەن دولقۇنى ئىكەنلىكىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭ ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇق ھەم كۆرسەتمىلىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمىدى، ھەتتا بەزىلەر كالاملارنى يادىلاپ ئېلىپ ئۇنى ئەرەبلەرمۇ بىلمەيدىغان كونا تىل بىلەن قىرائەت قىلىش ۋە ئۆزى بىلگەنچە تەبىرلەش ۋەزى ـ نەسىھەت قىلىش بىلەن خەلقنى جاھالەتكە باشلايدىغان «دىنىي ئېزىتقۇ» لارغا، نىقابلانغان فېئوداللىق ھاكىمىيەتلەرگە پايپېتەك بولىدىغان مالايلارغا ئايلىنىپ كەتتى ـ دە، ئۇ خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ دانىشمەن ئالىملىرىنى قايتا ئىشلەپچىقىرالماي، جاھالەت بۇلۇتلىرىنىڭ جۇت تۇمانلىرى ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈردى. پەقەت 18 ـ ئەسىردىن بۇيان بولۇپمۇ يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان ئىنسانىيەت بۇنداق جاھالەت، نادانلىققا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ كائىنات، ھاۋا بوشلۇقى، يەر، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىرلار توغرىسىدا يېڭى ئىزدىنىشلەردە بولۇپ چاپسان ـ چاپسان ئالغا باستى. بۇنداق چاپسانلىق شۇنداق يۇقىرى سۈرئەتتە بولدىكى، ئۆتكەن يىلى 5 ـ ئايدا كەلگەندە كىشىلەر 12 يىللىق شاخمات ئويناش جەريانىدا ھەرقانداق ئادەمدىن يېڭىلمەي كېلىۋاتقان دۇنيانىڭ ئەڭ مەشھۇر چېمپىيونى كاسپاروۋنى يېڭىۋالغان چېپتېبىست «chiptest» ناملىق كومپيۇتېرنى ئىشلەپچىقىرىپ، تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرغان يۈز مىليونلىغان تاماشىبىننى ھەيران قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر چېپتېبستقا ئوخشاش ئادەمدىنمۇ ئەقىللىق نەرسىلەر مەيدانغا كېلىپ ئىنسانىيەتكە يېڭى بىر تەھدىت ئېلىپ كېلەرمۇ دەپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈشتى. بۇ كومپيۇتېرنى ئىشلەپ چىقارغان ئامېرىكانىڭ بىر نەپەر مەملىكەتلىك فوند تەتقىقاتچىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرگە تەسەللى بەردى: «چېپتېبست ئەمەلىيەتتە ئانچىۋىلا چاققان بولمىغان بىرخىل كومپيۇتېر بولۇپ، ئۇنىڭدا سىرلىق ئەقلى ئىقتىدار يوق. چۈنكى ئۇ ھەرنېمە دېگەن بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇكى، ئويلىيالمايدۇ. ئۇ كاسپاروۋنى شاخمەتتە يەڭگەندە، ناھايىتى مۇرەككەپ سانلارنى رەقىبىگە قارشى قانداق يۆتكەشنى خوجايىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە يۆتكەش ئارقىلىق ئۇتۇپ چىققان. ئادەم مېڭىسى گەرچە شاخمەت قەدەملىرىنىڭ بىر قىسمىنى توغرا ماڭغاندىن كېيىن چارچاپ كەتكۈزۈپ قويسىمۇ، ئەمما ئادەمدە چېپتېبستتا يوق

① «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» 1987 ـ يىل 2 ـ سان.

ئالاھىدىلىك ـ ئاڭ بار. چىپېتىپستتىكى «ئەقىل» بىر قېتىملىق ھېسابلاشتىكى ئۇستۇنلۇك بولۇپ، ھەرگىز تەپەككۇرنىڭ ئىپادىلىنىشى ئەمەس.»[1]بۇ ئالىمدىن باشقا ناھايىتى كۆپ دوكتور ھەم مۇتەخەسسىسلەرمۇ بۇ ھەقتە بەس مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ھازىرغىچە سىرى دۇنيا بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ تولۇق بىلىپ ئالالمايۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ئەمەلىيەتتە كومپيۇتېرلار ھەرخىل ھۈنەرلەرنىڭ بىر ئىككى چېمپىيۇننى يەڭگەن بىلەن ئۆزىنى ئىشلەپچىقىرىۋاتقان خوجايىنلىرىنى يېڭەلمەيدۇ. چىپېتىپست ئۆزىنى ئىشلەپچىقارغان ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ مىكرو يۇمشاق دېتاللار شىركىتىنى يېڭەلمەيدۇ. شۇڭا، «نيۇ ـ يورك ۋاقىت گېزىتى» ، «چىپېتىپست شاخمەت پادىشاسىنى يەڭگەن بىلەن، مىكرو يۇمشاق دېتاللار شىركىتىنىڭ خوجايىنى بىل گايتىسنى يېڭەلەمدۇ؟ دەپ سوئال قويدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىنسانلىقنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ئاللىقاچان شەكىللەنگەن بىلىم شەكلى ئەمەس، بەلكى پىكىر قىلىۋاتقان مېڭىنى ئىشقا سېلىش بولۇپ، دەل ئاشۇ مېڭە بىزنى تەپەككۇر ئارقىلىق ئىپتىدائىيلىقتىن مەدەنىيلىككە ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، ئەجدادلار مۇمكىن بولمايدۇ دەپ قارىغان دوربۇن، تېلېسكوپ، رادىئو، تېلېفونغا ئوخشاش ئاجايىپ يۈكسەك تارقىتىش ئەسۋابى ۋە ئەسلىھەلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىجادىي پىكىر ئارقىسىدا ئىلگىرىلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بولۇپمۇ ئەقىل زور دەرىجىدە ئازاد بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىجادىي پىكىر ھېچقانداق ماددىي كۈچكە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان مۇھىم رول ئالدى. 40 ـ يىللاردا ھەجىمى گويا بىر بىنادەك چوڭلۇقتا ئىجاد قىلىنغان كومپيۇتېر 70 ـ يىللاردا شىرەنىڭ ئۈستىگە قويغىدەك كىچىكلىدى، 80 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىپ يۈرۈشكە بولىدىغان كومپيۇتېرلىق دەپتەرلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، كومپيۇتېرلارنىڭ ئىش قابىلىيىتىمۇ ئۆسۈپ، ئۆگىنىش ماشىنىكىسىدىن 286، 386، 486، 586، . . . لارغا تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن، تەننەرخ جەھەتتىمۇ شۇنداق تۆۋەنلەپ كەتتى. ئىجادىي تەپەككۇر نەتىجىسىدە كومپيۇتېردا بارلىققا كەلگەن بۇنداق تەرەققىيات سۈرئىتىدىن ھاياجانلانغان بىر ئالىم «ئەگەر ماشىنىسازلىق سانائىتى كومپيۇتېردا بارلىققا كەلگەن تەرەققىياتتەك تېز تەرەققىي قىلىدىغان بولسا بىر پىكاپنى بىر قاپ گۈگۈتنىڭ پۇلىغا سېتىۋالغىلى بولاتتى» دېدى. ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر سانائىتىدىكى ئىجادىيىتى يالغۇز كومپيۇتېر تەرەققىياتى بىلەنلا توختاپ قالماستىن، يەنە تېخى يەككە كومپيۇتېرلارنىڭ دۇنياۋى تورىغا تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئۇچۇر ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان كۆپ فۇنكسىيىلىك ئۇچۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولغا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا.

مىسلى كۆرۈلمىگەن زامانىۋىلاشقان ئۇچۇر ئىنقىلابى ئىنسانلارنى چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇر جەمئىيىتىگە ھەيدەپ كىرىپ، ئۆتمۈشتىكى ئاز سانلىق كىشىلەر بىلىم ئىگىلەيدىغان مۇنار شەكلىدىكى ئۇچۇر تارقىتىشنى تور شەكلىدە يەر شارى بويىچە ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان شەكىلگە ئۆزگەرتتى. كىشىلەرنىڭ ئۇچۇرلارنى كىرگۈزۈش، پىششىقلاش، چىقىرىش سەھنىسى قەغەز، قەلەم، كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىقلار دۆۋىلەنگەن شىرە ئەمەس، بەلكى كۆپ فۇنكسىيىلىك كومپيۇتېرلارنىڭ ئاخىرقى توچكىسىدىن تەركىب تاپقان ۋە دۇنيانىڭ ھەممە يېرى بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان زامانىۋى ھەم يېڭىچە ئۇچۇر سەھنىسى بولۇپ قالدى. بۇنداق دەۋر بۆلگۈچى ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا، «بىلىم كۈچ» دېگەن ئەقىدە ئاڭنى تېزگىنلەيدىغان سەھنىدىن چېكىنىپ چىقىپ، «ئىجادىيەت ھەقىقىي كۈچ» دېگەن يېڭى ئاڭغا ئورۇن بەردى. بۇنداق ئىكەن، بىز «بىلىم كۈچ» دېگەن ئەقىدىدىن «ئىجادىيەت كۈچ» دېگەن ئەقىدىگە كۆچىشىمىز كېرەك.

بۇنداق قىلمايدىكەنمىز، «بىلىم كۈچ» دېگەن ئەقىدە بىزنى بىلىمنى ئۆگىنىۋالساقلا ئىش پۈتىدۇ دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويۇپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىجاد قىلىش بىلەن مىللىي ئوبرازىمىزنى تىكلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى، بىلىم دېگەننى ئالدىنقىلار ئىجاد قىلغان بولۇپ، تەييار نەرسىدۇر. بىزنىڭ بىلىم ئۆگىنىشىمىز بىرخىل ۋاسىتە بولۇپ، ئۇنى بىز ئىجاد قىلىشقا ۋاسىتە قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىمىز. بولۇپمۇ بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدە بىلىمنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى ناھايىتى تېز بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ھەر 20 ئايدا بىر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە

① «ئىختىرا ۋە يېڭىلاش» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 1 ـ سان 18 ـ بەت

XXI ئەسىردە ماشىنا ئادەم دەۋرى ئەقلىي ئىقتىدار دەۋرىگە ئۆزگىرىدۇ. ھېسابلاش ماشىنىسى بۇ دەۋردە ھەربىر ئادەمنىڭ ھەمراسى بولۇپ قالىدۇ، كىمكى كومپيۇتېرغا خوجايىن بولسا، ماشىنا ئادەملەرنى كونترول قىلالىسا، دەۋرنىڭ خوجايىنلىرى قاتارىغا ئۆتىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدارغا تايىنىپ بىلىم ئىشلەپچىقىرىش تېزلىشىپ كەتكەنلىكتىن، XXI ئەسىردە ھەركىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5 يىلدا بىر قېتىم خىزمەت ئالماشتۇرۇشقا، بىر ئادەم ھاياتىدا 10 قېتىم خىزمەت ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ ـ دە، ئۆمۈرلۈك كەسىپلەر تاماسى پۈتۈنلەي بىتچىت بولىدۇ. كېلەچەكتىكى مۇشۇنداق ئۆزگىرىش جەريانىدا بىلىم ئۆگىنىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئىجاد قىلمىساق، داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىمىز، تېخىمۇ كۆپ ئىشلاردا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، قالاق ـ نامرات، باشقىلارنىڭ بوزەك ئېتىشىگە ئۇچرايدىغان ئاجىز ئادەملەردىن بولۇپ قالىمىز. ئائىلىۋۇق، قەدىمكى جۇڭگودا تۆت چوڭ كەشپىيات يارىتىلغانلىقتىن جۇڭگو تاكى مىڭ سۇلالىسىغىچە ھەر جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىدا ماڭغان. كېيىنكى كۈنلەردە ئىجاد قىلماي كىتابىملارغىلا بېرىلىپ كەتكەنلىكتىن بارغانسېرى ئارقىدا قېلىپ «شەرقنىڭ كېسەل كۆرپىسى» بولۇپ قالغان. بۇنداق يۈزلىنىش بىرخىل قانۇنىيەت سۈپىتىدە دۆلەت، مىللەت، شەخسلەر ئۈچۈن ئورتاق رول ئالىدۇ. دانىشمەن كارنىگىنىڭ «ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولغىنى تۇخۇم ئەمەس، بەلكى تۇخۇمنى چۈجىگە ئايلاندۇرغۇچى غازدۇر. مەيلى سىز مىسلىسىز نى نى باي بولۇپ كېتىڭ ياكى بىرنەچچە ياماق پۇل بىلەن تورۇپ قېلىڭ، ھەرگىز بۇلار بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ بايلىقىنى ئۆلچىگۈچى بولماڭ. ھەقىقىي بايلىق دېگەن سىزنىڭ سىرتىڭىزدا تۇرىدىغان ماددىلار ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇرغان يوشۇرۇن قابىلىيەتتۇر» دېگىنى مانا مۇشۇنداق ئىجادىي قابىلىيەتكە تايىنىپ ئىشلەيدىغان كېلەچەكنى ئېچىپ بەرگەن ئۇلۇغ تەلىماتتۇر.

شۇڭا، كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىجادىيەتنى دەسمىي قىلغاندىلا، ئاندىن بارغانسېرى كۈچەيگەنلى، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ. قاراڭلار، ئاتوم ۋە ۋودرۇت بومبىلىرىنى ئىجاد قىلغان دۆلەتلەر بىلەن ئىجاد قىلمىغان دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى؟ بۇنداق دېسەك بىلىمنى ئىنكار قىلىشقا بولامدۇ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. توغرا بىلىمنى ئۆگەنمەي بولمايدۇ. ئىجادىيەت دېگەنمۇ كېرەكلىك، مول بىلىم ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمما، پەقەت ئىجاد قىلغاندىلا يېڭى قۇدرەتكە، يېڭى بايلىققا، يېڭى شان-شەرەپكە ئىگە بولۇپ ئېگىز چوققىلارغا چىققىلى ، ئالدىغا كەتكەنلەرگە يېتىشىۋالغىلى، دۇنيانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئىنسانىيەت تارىخىغا تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. ئىنسانلاردىكى بىرىنچى قېتىملىق ئازادلىق جىسمانىي جەھەتتە بولغان بولسا XX ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا كومپيۇتېر مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ ئاساسلىقى ئەقلىي جەھەتتە بولماقتا. ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولماقتا. بارلىق رىقابەت تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئەقلىي جەھەتتە بولماقتا، ھالبۇكى ئەقىلنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى ئاساسلىقى يېڭى ئۇچۇر ئىجاد قىلىش، ئاندىن ئۇچۇرنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن سىرتتا تۇرىدىغان يېڭى ماددىي شەيئىگە ئايلاندۇرۇش جەھەتتە ئىپادىلەنمەكتە. بۇرۇنقى «ئىشلەپچىقىرىش، تېخنىكا، ئىلىم ـ پەن» پورمىسىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە «ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش» پورمىسىغا ئۆزگىرىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولۇپ، بۇنى ئىلىم ـ پەن بىلىمى ۋە شۇ ئاساستىكى ئىجادىيەت بولغاندا، ئاندىن تېخنىكىدا يېڭىلاش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؛ تېخنىكىدا يېڭىلاش بولغاندا ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلگىرىلەش بولۇپ تورمۇش پاراۋان بولىدۇ، دەپ چۈشىنىش كېرەك.

ئۇچۇر جەمئىيىتىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان قانۇنىيىتى — ئۇچۇر ئېقىمى ماددىي ئېقىمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇچۇر ئېقىمىنىڭ ياخشى ـ ناچار بولۇشى ئۇنىڭ مىقدارىدىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ يېڭىلىق دەرىجىسىدە بەلگىلىنىدۇ. بىلىم باشقىلار ئىجاد قىلغان تەييار نەرسە بولغانلىقتىن، ئۇ پەقەت تەرەققىي قىلمىغان جايلار ئۈچۈن كېرەك بولسىمۇ، ئەمما باشقىلاردىن ئېشىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان خەلقلەر ۋە رايونلار ئۈچۈن بۇ كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى، باشقىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۇچۇر ئېقىمىنى ئىجادىيەت بارلىققا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يېڭى ئۇچۇر ئىجاد قىلىش، ئىجاد قىلىنغان ئۇچۇر ئېقىمى ئارقىلىق ماددىي ئېقىمنى ھەر كىشىنى يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈش ھەرقانداق جەمئىيەت ۋە ھەرقانداق شەخسىي ئۈچۈن زۆرۈر ئېھتىياج بولۇپ، بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرماي ھېچكىم ئۆز قىممىتىنى يارىتالمايدۇ. شۇ تۈپەيلى ئۇچۇر جەمئىيىتى يەنە مۇقەررەر ھالدا

ئىجادچان جەمئىيەتكە قاراپ چوڭقۇرلايدۇ ـ دە، بۇ يەردە ئىجادىيەت، ئىختىرا دېگەن ئومۇمىي ئاھالىنىڭ نورمال پائالىيىتى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ھەركىم، ھەرمىللەت ۋە دۆلەت XXI ئەسىر ئۇنىڭ بولىدۇ، بۇنىڭ بولىدۇ دەپ، XXI ئەسىرنىڭ خوجايىنى بولۇشقا ئالدىراشتىن ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ سۈپەت ـ ساپاسىنى ئىجادىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراش كېرەك. بۇ بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك. ئۇنداق بولسا، ئىجادىيەت ھەم ئۇنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى قابىلىيەتنىڭ تەبىرى قانداق بولۇشى كېرەك؟

1) ئىجادىيەتنىڭ تەبىرى ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۆپ خىللىقى

ئىجادىيەت ئاتالغۇسى توغرىسىدا ھازىرغىچە تامامەن بىرلىككە كەلگەن تەبىر مەيدانغا كەلمىگەن بولسىمۇ، تارىخنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىدا ئۇ ئىنسانچىلىقنىڭ نىگىزلىك ناماياندىسى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ پاراۋۇزى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى ئازادلىق ئاساسىدىكى بارلىق ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ قۇدرەتلىك تايانچىسى بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا ھەر جاي ئۆزگىچە تەبىر بېرىپ كەلگەن. جۇڭگودا ئۇنى ياساش تېخنىكىسى ئورنىدا «تۇنجى بولۇپ ياساش»، ① «ئەلمىساقتىن بۇيان يوق نەرسىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش» ② مەنىلىرىدە تەبىرلىگەن بولسا، لاتىن تىلىدا ئىجادىيەت، قۇرۇش، ياساش، ئىشلەپچىقىرىش، مەيدانغا كەلتۈرۈش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «creare» ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئىنگلىزلار شۇ مەنىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ ئىجادىي قابىلىيەتنى «creativity» دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. قىتئەلەر بويىچە قارىغاندا، ياۋروپالىقلار ئىجادىيەتنى تالانت، پاراسەت، خاسلىق ئالامەتلىرى بىلەن تەبىرلەپ، ئىجادىيەت باشقىلارغا يول باشلايدىغان بىرخىل قابىلىيەت، ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز بولغان كۆز قاراشلارنى يېڭىباشتىن رەتلەيدىغان، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىدىغان ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى، ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئۇقۇمنى يېڭى بىر ئۇقۇمغا مەركەزلەشتۈرۈش قابىلىيىتى، ئىجادىيەت تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى، ئىجادىيەت بىر پسىخىك جەريان، ئىجادىيەت مۇددىئانىڭ نەتىجىسى دېگەندەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق قاراشلارنىڭ ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تېخىمۇ كۆپ ئالىملارنىڭ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە ئىجادىيەتكە مۇنداق تەبىر بېرىلدى: ئىجادىيەت ئادەمنىڭ پۈتكۈل جىسمانىي ۋە ئەقلىي قابىلىيەتلىرىنىڭ يۇكسەك مەركەزلەشكەن ھالىتىدىكى بىرخىل پائالىيىتى، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىق سۈپىتىدە قىلىۋاتقان ئەمگىكى، ئىجادىيەت جەريانىدا ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى يۇكسەك دەرىجىگە يېتىدۇ. ئىجادىي قابىلىيىتى ئەڭ يۇكسەك بولغان گېنىئاللاردىمۇ ئىجادىيەتتىكى مۇشۇنداق قانۇنىيەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئىجادى پائالىيەت ئادەمنىڭ ئىقتىدارى، پاراسىتى، ئىرادىسى، ھېسسىياتى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى ۋە خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. ئىجادى ئىقتىدار بولسا تۈرلۈك تەرەپلەردە تۈرلۈكچە ئىپادىلىنىدۇ. ئىجادىيەتنىڭ قاتلىمى ئومۇمەن بىخلىنىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئىختىرا قىلىش، ئىسلاھ قىلىش، چوڭقۇرلاش تىپلىرىدا بولىدۇ. بىخلىنىش تىپىدىكى ئىجادىيەت دېگىنىمىز، ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ دەسلەپكى كۆرۈنۈشىدۇر. مەسىلەن، ياش ـ ئۆسمۈرلەردىكى ئۆزگىچە ئىقتىدار، ماھارەتلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ۋە نامايان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش تىپىدىكى ئىجادىيەت دېگىنىمىز ھەرخىل ھۈنەر ـ تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىسىدا نىسبەتەن مۇكەممەل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىختىرا تىپىدىكى ئىجادىيەت دېگىنىمىز شەيئىلەرنى بىرتەرەپ قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى ئىزدەشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلاھات تىپىدىكى ئىجادىيەت دېگىنىمىز مەسىلىلەرنى چوڭقۇر بايقاش ۋە قېزىش ھەمدە شۇ ئاساستا زور ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. چوڭقۇرلاش تىپىدىكى ئىجادىيەت دېگىنىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك تەپەككۇر ھەم تەتقىقاتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يېڭى ھەقىقەت ۋە پرىنسىپلارنى تۇرغۇزۇشنى، يېڭى ئىلمى ئېقىم شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق قاتلاملار بويىچە قارىغاندا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى تەتقىقات، ئىلمى ئېقىم شەكىللەندۈرۈشلەرنى ئۇزاق ئىزدەنگۈچىلەر قىلىسىمۇ، ئالدىنقى قاتلام ئىجادىيەتنىڭ قابىلىيەت ئاساسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ياكى ناھايىتى ياخشى تەربىيە كۆرگەن 20 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئادەملەردە يېتىلىدۇ. ئىجادى قابىلىيەتكە مۇنداق تەبىر بېرىلدى: ئىجادى قابىلىيەت يەنى تەپەككۇر قابىلىيىتى سۇبيېكتىنىڭ بىلىنمىگەن ساھەلەردە ئىزدىنىش جەريانىدا ئىجادى تەپەككۇر

① «خەننامە» شۇنىڭ تەرجىمالى 1 ـ قىسىم.
② «ئوكيانۇس» دا شۇنداق تەبىر بېرىلگەن.

ئۇسۇلىنى تەدبىقلاپ، تەپەككۇر ئوبيېكتىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىدىيال ھالدا ئىگىلەيدىغان مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئالىي قابىلىيەتتۇر. ئەقلى قابىلىيەت ئىجادى پائالىيەت داۋامىدا رول ئوينىغاندا ئەمەلىي ئىقتىدار بولىدۇ. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىجادى قابىلىيەت بار بىلىملەردىن پايدىلىنىپ ئىجادى تەپەككۇر ئارقىلىق كونا شەيئىلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە يېڭى ئىجادى ئىستەك ھاسىل قىلىش قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇ خىزمەت ئۇسۇللىرىنى ياخشىلاش، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، يېڭى ھەقىقەت، يېڭى تېخنىكا، يېڭى مەھسۇلات ئىختىرا قىلىش جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. بىر ئادەم مۇشۇ قابىلىيەتكە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن نەتىجە قازىنالايدۇ. بىراق ئىككى تەبىرنىڭ كۆپلىگەن ئالىملار ئارىسىدا بېكىتىلىشى بىلەن مۇنازىرە ئاخىرلاشمىدى. بەلكى بارغانسىرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئەھۋالنىڭ بۇنداق بولۇشى مۇنازىرىگە قاتنىشۋاتقان ئالىملارنىڭ جاھىللىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆزنىتىش نۇقتىلىرىدىكى پەرقتىن كېلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىجادىيەتكە ئىجادىيەت نەتىجىسى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ جاۋاب بەرسە، بەزىلىرى ئىجادىيەت جەريانىدىن، بولۇپمۇ ئىجادىيەتنىڭ پسىخىك جەريانىدىن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ جاۋاب بەردى. بەزىلەر ئىجادىيەتچىنىڭ ئۆزىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەرسە، يەنە بەزىلەر ئىجادىيەت مۇھىتىغا ــــ ئىجادىيەتچىنىڭ جىسمانى، مەدەنىيەت، جەمئىيەت قاتارلىق مۇھىت ئامىللىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىكى سەنئەتكارلىق (ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە ئۇنى ھەربىر زامان تەلپىدە ئۈستۈرۈپ مېڭىش جەريانىدىكى ئىجادىيەت خىللىرى) تۈمەنمىڭلاپ ساھەلەردە تۈرلۈكچە ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن كۆپ خىل ئىجادىيەتكە ئورتاق بىر تەبىر بېرىش بىلەن قانائەتلىنىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يەنە كېلىپ ھەرقانداق بىر ساھەدە ئىجادكارلىق شەرتىنى ھازىرلىغۇچى ئادەمدە شۇ ساھەنىڭ تەلپى بويىچە يېتىلدۈرۈلگەن ئەلا بىر ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى بولىدۇ. بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان ھەربىر ساھەدىكى ئىجادى قابىلىيەت ھەرخىل ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئومۇملىشىپ ئۈنۈم بېرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. تۈرلۈك ئەقلىي ئىقتىدار ئامىللىرىنى ئۈستۈرۈشنىڭ، ئىجادى قابىلىيەتنى ئۈستۈرۈشنىڭ نېگىزلىك يولى بولىدۇ، ئەمما تۈرلۈك ئەقلىي ئىقتىدار ئامىللىرى ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسىغا ئوخشاشمايدىغان تەسىر كۆرسىتىپ، ئادەمنىڭ ئىجادى قابىلىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوخشاش بولمايدىغان رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەتكە بىرخىل ئىقتىدار نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەبىر بېرىش ۋە ئەقلىي ئىقتىدار تۈرلىرىگە تەڭ قاراش توغرا بولمايدۇ.

ھازىرقى دۇنيادا ئەقلىي ئىقتىدار بويىچە نوپۇزلۇق ئەسەر «ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى» نىڭ ئاپتورى ھاۋىرى گېرىنېرمۇ ئىجادىيەتكە ئالدىن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەقلىي ئىقتىدارغا تەبىر بەرگەندە، ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كەڭ تۈردە ئەينەك قىلغان ھەمدە بىئولوگىيە ئىلمى ۋە ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەت تۈرلىرىدىكى ئىدراكى بىلىش تەرەققىياتى بىلەن بۇ تەرەققىياتنى تەدبىقلاش جەھەتتىكى ئىلمى نەتىجىلەردىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىش ئارقىلىق بىزگە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۆپ خىللىق مەنزىرىسىنى ئېچىپ بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتى داۋامىدىكى ھەرخىل قابىلىيەتلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئەقلى ئىقتىدار تەركىبىگە كىرىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئىنسانىيەتنىڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە مەھسۇلاتلارنى ئىجاد قىلىش جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان، شۇنداقلا بىرخىل ياكى بىرنەچچە خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئەتىۋارلىنىدىغان قابىلىيەتلەر دەپ قارىغان. مۇشۇنداق تەبىرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تۇرمۇش سەنئىتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدىكى (ئىلىم ـ پەن ۋە بەدىئىيات تەتقىقاتى جەھەتلەردىكى) بولۇپمۇ بىئولوگىيە بىلەن ئىنساشۇناسلىق جەھەتتىكى دەلىللەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئىنسانىيەتتىكى بىرسى ـ بىرسىگە ئوخشاش بولمىغان 8 خىل ئەقلىي ئىقتىدارنى مۇھاكىمە قىلغان ھەمدە ئىنسانىيەتنىڭ نېگىزلىك 7 تۈرلۈك ئەقلىي ئىقتىدار كاتىگورىيىسى توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن ئومۇمىي خاراكتېرلىك بىرخىل ئىقتىدار بار دەيدىغان كۆز قاراشنى ئاغدۇرغان. ئاپتور ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى تىل ئىقتىدارى، جىسمانىي ھەرىكەت ئىقتىدارى، مۇزىكا ئىقتىدارى بويىچە ئىپادىلىگەندە تىلامەن ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى چىقىش قىلغان. مەكتەپلەردىكى باسقۇچلۇق ھالدا يېتىلدۈرىدىغان مەنتىقى ئىقتىدار ــــ ماتېماتىكا ئىقتىدارىنىڭ بۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان ئەمەلىيەتچىل ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتى

بىلەن ئانچىلا باغلانمايدىغانلىقىنى ئېيتقان. كارولىنداۋ تاقىم ئاراللىرىدىكى بولىۋار ئۆسمۈرلىرىنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ سەييارىلەردىكى ھادىسىلەرنى بايقىشى، دېڭىز قاتنىشى جەھەتتە ھەددىدىن زىيادە ماھارەتلىك بولۇشى، ئافرىقىدىكى بەزى قابىلىيەتلىك ئۆسمۈرلەرنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ ئۇسسۇل ـ ناخشىغا ئۇستا بولۇشىنى مەكتەپلەردىكى مەنتىقى ئوقۇتۇش بىلەن ئۇنداق تېز ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: بىز مەيلى ئەقلىي ئىقتىدارغا قانداق تەبىر بەرمەيلى، بىز بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەملىك يازما ئۇسۇلى بىلەن بېكىتەلەيمىز. دېگەن. ھازىرقى ياۋروپادا ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئەقىل سىناش پائالىيەتلىرى ھېچقانداق مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئەقىل سىناشنىڭ ئاساسلىق تايىنىدىغىنى ماتېماتىكا ئىقتىدارى بىلەن تىل ئىقتىدارىنىڭ ئورتاق رولىدىن پايدىلىنىش بولۇپ، بۇ پائالىيەت ئىنسانىيەتنىڭ ئەمەلىيىتىدىكى ئەقلىنىڭ موللۇقىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ ۋە بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، مەيلى ئۆز شارائىتلىرى بويىچە يول تونۇش، ئۇسسۇل ئويناش، تاقىقا چېقىش، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر قەبىلىلەرنىڭ قابىلىيەتلىرى بولسۇن، مەيلى تەربىيىچى ياكى ئۇسسۇلچىلارنىڭ تاۋلانغان ماھارەتلىرى بولسۇن، مەيلى سېھىرگەرلەرنىڭ كۆز باغلىشى بولسۇن، مەيلى مۇزىكانتلارنىڭ نەتىجىلىرى بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى تەرەققىي قىلغان ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ گەۋدىلىنىشى بولۇپ، بۇلار تەرىپلەنسە، ئۆز خاسلىقلىرىنى جەۋلان قىلدۇرالايدىغان ساھەلەردە خۇددى يېتىلگەن ئالىملار، ماھىرلاردەك ئىقتىدارلىق ئىجادكارلارغا ئايلىنىدۇ ـ دە، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىق بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتتىن تەقلىد ئالىدىغان تەرەپلەر بولسىمۇ، ھەربىر ئالىم، ھەربىر مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەربىر مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ئىجادى قابىلىيىتىگە ئىشىنىش، ئىنسانلار دۇنياسىغا ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزگىچە نەقىل تەقدىم قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزلىرى ئارىسىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەردىن ئايرىلغان ئايرىم كىشىلەرنىڭ «مىللىتىمىز ئىجاد قىلىشقا ماھىر ئەمەس، باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەش، باشقىلار باشلىغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا ماھىر» دەيدىغان پاسسىپ قاراشلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە باشقا مىللەتلەردە يوق مەھسۇلاتلارنى (مەنىۋىي، ماددىي) ئىشلەپچىقىرىش، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تاۋارلارنى بازارغا سېلىش، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە زاماننىڭ تۈرلۈك بەيگىلىرىگە ئادەم تەييارلاش، ئۆز ئالىملىرىنى ئاسراش ۋە ئۆستۈرۈش ئۆتكۈر رىقابەتلەردە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش، كېلەچەكنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ھالقىلىق مەسىلىدۇر.

بولۇپمۇ، ئىجادى قابىلىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەقلى ئىقتىدار قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولغان بىر تۈرلىكىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، باشقا ئەقىل ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىش ئارقىسىدا شەكىللىنىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ئەقلىي ئىقتىدارنى باھالايدىغان مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ۋە ئەڭ ئەلا ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلىپ بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىجادى قابىلىيىتىنىڭ ئېچىلىشىغا ئىلھام بېرىش تەلىم ـ تەربىيىدىكى توغرا يولدۇر. مەسىلەن، بوۋاق ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بىرەر ھەرىكەتنى قىلىشقا پۇرسەت بېرىپ، ئەتىسى ئۇنىڭ شۇ ھەرىكەتنى قىلىشنى بىلىش ـ بىلمەسلىك جەھەتتىكى خاتىرە قابىلىيىتىنى سىناپ كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدىكى كۈچلۈك ـ ئاجىزلىق تەرەپلەرنى بايقاش مۇمكىن. ئەقلىي ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان بالىلار ئادەتتە يېڭىچە ھەرىكەتنى تونۇپ ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ھەمدە شۇنداق ئاددى ھەرىكەتلەرنى چوڭلارنىڭ ياردىمى بىلەن تېز ئۆگىنىپ ئەقلىي جەھەتتە ئېشىپ بارىدۇ. بالىلار سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئەقلى قابىلىيىتىنى تېخىمۇ مولراق مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئۇسۇل بىلەن كۆزىتىپ كۆرسەك (مەسىلەن، ئۇلار تېپىشماق ئېيتىشىۋاتقان، مەزمۇنلۇق ئويۇنلارنى ئويناۋاتقان، قىيىنراق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ھەۋەس قىلىپ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاۋاتقان چاغلاردا) ئۇلارنىڭ قابىلىيەت ۋە يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنىڭ تېخىمۇ تولۇق گەۋدىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بەلكىم ئۇلارنىڭ بۇنداق مول پائالىيەتلىرى بىزگە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولالايدىغانلىق بەلگىلىرىنى نامايان قىلىپ،

ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئالاھىدە ساھەلىرىدە مۇتەخەسسىسلەر بايقايدىغان بەزى تۇغما ئالاھىدىلىكلەرنى كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ قويۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، كېلەچەكتىكى مۇزىكانتنىڭ مۇزىكا سېزىمى مۇكەممەل بولىدۇ. پەزىلەت جەھەتتە تۇغما ئۈستۈنلۈككە ئىگە بالىلار باشقىلارنىڭ مۇددىئاسىنى بايقايدۇ. ئالىم بولغۇسى بالىلار كىشىنى ئويغا سالىدىغان گەپلەرنى قىلىدۇ ۋە مەلۇم دەرىجىدىكى مەسىلىلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرىدۇ ۋە باشقىلار. بۇنداق بايقاش ۋە بايقالغان ئالامەتلەر بويىچە تەربىيىلەش ھەربىر يەردە ئۆزگىچە كارامەتلىك ئادەملەرنى يېتىلدۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تىل ھەم ماتېماتىكا جەھەتلەردىكى مەنتىقىلىق ئۆلچەملەر بىلەن مەكتەپلەردە يۈرگۈزۈلىدىغان ئۆلچەمدىن كەڭ ۋە پايدىلىقتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل سىناش مۇسابىقىسىنى يولغا قويغان ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنۇشتىن كۆرە، دۇنيانىڭ مەزھەپلەر قارىشىغا بەنت بولمىغان بىتەرەپ ئالىملار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىخلاسمەن ئالىملىرى بايقىغان ئىلمى ئۇسۇللار بويىچە ئىجادى قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈش مىللىي ئىستىقبالغا تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلىدۇر. يەھۇدىيلار (جوھۇتلار) بىلەن ياپون خەلقى ئەنە شۇنداق ئىجادى قابىلىيەتنى يېتىشتۈرۈشتە ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئەجنەبىيچىلىك بىلەن مىللىيەتلىكنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزلىرىنى دۇنياغا تونۇتقان مۇنەۋۋەر خەلقدۇر.

2) ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى

ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى پەن ـ تېخنىكا تارىخىدىكى زور كەشپىيات ۋە ئىختىرالارنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى ئۈستىدە قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىجادى تەپەككۇرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان، ئىجاد قىلىشنىڭ ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى يەكۈنلەپ ئوتتۇرىغا قويىدىغان بىرخىل تەلىمات. ئۇنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئىجادىيەت، ئىختىرا ھەققىدىكى سىرلىق تۇيغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارغا پەن ـ تېخنىكا دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇزۇپ، ھەربىر ئادەمنى ئۆز خىزمەتلىرىدە ئىجادى تەسەۋۋۇرلاردا بولىدىغان جۇشقۇن پىكىرلىك ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ، ھەربىر خەلق ئۆزلىرى ئارىسىدىن ئۇلۇغ ئالىملارنى دەۋر ئېتىبارىدا مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسىتىمىز بولسا، ئۆز ئادەملىرىمىزگە ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى قانداق قىلىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا قانۇنىيەتلىرىنى قانداقسىگە تەدبىقلاشنى ۋە ئۈنۈملۈك بولغان ئىجادىيەت ھەم ئىختىرا ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىلدۈرۈپ، ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ماددىي ھەم مەنىۋى بايلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت.

تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجادى قابىلىيىتىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەممە كىشىنى ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجادى قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش مۇمكىنلىكىگە ئىشەندۈرۈپ ۋە ئىجادى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئىختىرا ئارقىلىق زور بايلىق يارىتىپ مىللەتكە ئەسقاتىدىغان زور بىر تۈركۈم تالانتلىق ئالىملار، كارخانىچىلار، ئوقۇتقۇچىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىجادىيەتنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى تېخى مۇكەممەل دەرىجىدە سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ھازىر بۇ ساھەدە پسىخولوگلار، پېداگوكلار، پەيلاسوپلار، ئالىملار، تارىخچىلار، تارىخشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار تەرەپ ـ تەرەپتىن تەتقىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئىجادىيەت جەريانىنى ئېچىپ بېرىدىغان تۈرلۈك نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇلانما تەسەۋۋۇر نەزەرىيىسى، تەقلىد قىلىش نەزەرىيىسى، بىۋاستە سەزگۈ نەزەرىيىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇ بىر ئىلمىي سىستېما بولۇش سۈپىتى بىلەن شەكىللىنىش ۋە مۇكەممەللىككە قاراپ مېڭىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بۇ پەننى يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن بىر ئارىلىق پەن دەپ قارىماقتا.

ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى ئاساسلىنىدىغان ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پەنلەر تالانتشۇناسلىق،

پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا، تەپەككۇر پەنلىرى، مېڭە فىزىئولوگىيىسى، نەسلشۇناسلىق، ئىرسىيەتشۇناسلىق، سوتسىيالوگىيە، باشقۇرۇش ئىلمى، تۈرەلمە پەنشۇناسلىق، پەنشۇناسلىق ۋە ئىلىم - پەن تارىخى، سىستېما نەزەرىيىسى، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى، ئىنفورماتسىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بەزىلەر سىستېما نەزەرىيىسى، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى ۋە ئىنفورماتسىيە ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن مېتودولوگىيىسىنى ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاتىسى قاتارىغا قويىدۇ. تالانتشۇناسلىق، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، تەپەككۇر پەنلىرى ۋە مېڭە فىزىئولوگىيىسى قاتارلىقلارنى ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئانىسى قاتارىغا قويىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىدىنمۇ مول بولغان مەزمۇنلار بار. ئۇ، ئاتا - ئانىسىدا يوق ئالامەتلەرنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان.

ئىنتايىن ئىخچاملاپ ئېيتقاندا، ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان.

بىرىنچى قىسمى، ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى. بۇ قىسىمدا، ئاساسلىقى، مۇشۇ پەننىڭ مەزمۇنى، ئوبيېكتى، ۋەزىپىسى، تارىخى، يۈزلىنىشى، پرىنسىپلىرى، ئۇسۇللىرى ۋە ئىجادىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بۇ پەننىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى بېكىتىلىدۇ.

ئىككىنچى قىسمى، ئىجادىيەت پسىخىكىسى، بۇ قىسىمدا، ئاساسلىقى، ئىلھام، بىۋاسىتە سەزگۈ، تەسەۋۋۇر، ئىرادە، ئىجادىي تەپەككۇر قاتارلىق جەريانلاردىكى پسىخىك توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، بىرخىل ئېسىل پسىخىك پەزىلەت يېتىشتۈرۈش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئۈچىنچى قىسمى، ئىجادىيەت مېخانىزمى. ئىجادكارنىڭ ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى جەريانىدا بىرمۇنچە ئىچكى قانۇنىيەتلەر بولىدۇ. مەسىلەن، ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا ئالاھىدە قانۇنىيەتلەر بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئىگىلەپ ئالغاندا، ئىجادىي پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، كىشىلەر ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا ئىجادىيەتنىڭ بىر يۈرۈش تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ چىققان بولۇپ، بۇ ئۇسۇللارنى ئىگىلەپ ئالغاندا، بىرخىل ئىجادىيەتتىن نەچچە خىل ئىجادىيەتكە سەكرەپ ئۆتكىلى بولىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا ئىجادىيەتلەرنى تۈرلەرگە ئايرىشمۇ ئىجادىيەت مېخانىزمىدا تەتقىق قىلىنىدىغان مۇھىم مەزمۇندۇر. ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئىلمىي باشقۇرۇش، ئىختىرا قىلىش ۋە يېڭىلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەتتۇر. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوخشاش بولمىغان قانۇنىيەت ۋە ئالاھىدىلىكى بار.

تۆتىنچى قىسمى، ئىجادىي مائارىپ. ئىجادىي مائارىپ ئاساسلىقى ئىجادىي ئادەملەرنى تەربىيىلەش ۋە ئىجادىيەتچىلەر بولۇقىنى ئېچىشنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئىجادىي پائالىيەتلەردىكى پائالىيەتچان ئامىل ئىجادىيەت سۇبيېكتى بولۇپ، ئىجادىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىجادىي ساپاسى بار زور بىر تۈركۈم تۈرلۈك تالانتلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە بۇنداق ئادەملەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زۆرۈر بولغان بىرقەدەر ئەۋزەل ئىجادىي شارائىتلارنى يارىتىش كېرەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىي مائارىپ ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولىدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدىكى تۆت قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى زىچ بولۇپ، ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىدا بۇ تۆت قىسىمنىڭ قايسىبىرى كەم بولسا بولمايدۇ. ئىجادىيەت نەزەرىيىسى بۇ پەننىڭ غولى ۋە باش پرىنسىپى بولىدۇ. ئەگەر بۇ قىسىم بولمىسا، بۇ پەننىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولمايدۇ؛ ئىجادىيەت مۇھىتى ئىجادىي ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولىدۇ؛ ئىجادىيەت پسىخىكىسى ئىجادىيەت سۇبيېكتىنىڭ تۈرلۈك پسىخىك ھالەتلىرى ۋە ئىجادىيەت خاسلىقىنى بايان قىلىدۇ؛ ئىجادىيەت مېخانىزمى ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدىكى تۈرلەرگە، باسقۇچلارغا ئايرىشنىڭ قانۇنىيەتلىرى ۋە ئىجادىيەتنىڭ تۈرلۈك تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىپ، تۈرلۈك ئىجادىيەت ۋاسىتىلىرىنى كىشىلەرگە تونۇشتۇرىدۇ؛ ئىجادىي مائارىپ بىر تەرەپتىن ئىجادىي تالانتلارنى تەربىيىلەسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىي تالانتلارنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ۋە كارامەت كۆرسىتىشكە ئەۋزەل بولغان ئىجادىي مۇھىت يارىتىدۇ. ھالبۇكى، ئىجادىيەت مېخانىزمى يەنە ئىجادىي مائارىپنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولىدۇ.

(ئاخىرى 2 - ساندا)

# بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامۇنى ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى

ئىمىنجان سەيدىن

ساكيامۇنى (تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 566 — 486 - يىللار) بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى.

ساكيامۇنى بۇددا دىنىنى ئىجاد قىلغاندا، گانگى دەرياسىنى مەركەز قىلغان شىمالىي ھىندىستان تەرەققىيلەرنىڭ زومىگەرلىك تالىشىش ھالىتىدىن پادىشاھ ئىستىبدادلىقىدىكى قۇللۇق تۈزۈمگە بىرلىككە كەلگەن دۆلەتكە قاراپ راۋاجلانغان بولۇپ، بۇ چاغ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا توقۇمىچىلىق، مېتالچىلىق، زەرگەرلىك، ساپالچىلىقتا ئوخشاش بىكى قول سانائەت تۈرلىرى گۈللىنىپ، ھىندىستان ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان ۋە ئاۋات مەركىزى شەھەرلەر پەيدا بولغان. شۇ ئاساستا پانا نامىلىق كۈمۈش پۇل ئىشلىتىشكە باشلىغان. بۇددا دىنى رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ چاغدا ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ سىنىپىي مۇناسىۋەتلەردە بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت بىراھمانلار، كاتىرىيالار، ۋايسىيالار، سوترالار دەپ تۆت تەبىقىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋال گانگى دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان ماگارھا ۋە كوسالا پادىشاھلىقلىرىدا گەۋدىلىك بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ دادىسى سووددودانا پادىشاھلىق قىلغان ساكيا قەبىلىسىدىمۇ ئاشۇنداق تەبىقىلەر پەيدا بولغان. قۇلدارلار ئارىسىدىن يېڭىدىن گۈللەنگەن سودا - سانائەتچىلەر ئۆزلىرىگە نۆكەرلىرىنى ۋەزىپە قىلغان كىساترىيالار بىلەن بىرلىشىپ، جەمئىيەتتە ئەڭ ئۈستۈن قاتلامدا تۇرۇۋاتقان كاھىن ئاقسۆڭەكلەر (بىراھمانلار) گە قارشى تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، جەمئىيەتتىكى تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈشكە ئەگىشىپ، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئەمگەكچىلەرنىڭ كۈنى قىيىنلاشقان ۋە ئۇلارنىڭمۇ قۇلدارلارغا قارشى كۆرىشى بارغانسېرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. مۇنداق ئەھۋالدا نۆكەر ئاقسۆڭەكلەر بىلەن يېڭىدىن گۈللەنگەن سودا - سانائەتچىلەر قاتلىمى بىرتەرەپتىن كاھىن ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى تۇرسا، يەنە بىرتەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراۋاتقان جاپاكەش خەلقنىڭ كۆرىشىنى باستۇرۇۋېتىشنى ئۈمىد قىلغان. ساكيامۇنى مەيلى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز بولسۇن، ئەنە شۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ۋەكىلى بولۇپ مەيدانغا چىقتى ۋە بۇددا دىنىمۇ ئەنە شۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ مەيدانغا كەلدى. بۇددا دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ بۇدساتۋاسى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلار ئىچىدە يۇقىرىقى ئىقتىسادى پارچىلىنىشنى قانۇنلاشتۇرۇپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن، سودا - سانائەتچى قۇلدارلار بىلەن نۆكەر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت چېكىۋاتقان كىشىلەرنى مەڭگۈ ئازاب چېكىشكە رازى بولۇشقا ئۈندەيدىغان رىۋايەت تۆۋەندىكىچە:

ھىمالايا تېغىنىڭ ئېتىكى بىلەن گانگى دەرياسىنىڭ ئارىسىدا ساكيالارنىڭ پادىشاھلىقى بار ئىكەن. ئۇلار پادىشاھى سووددودانا دەپ ئاتىلىدىكەن. سووددودانانىڭ ئوغلى گائۇتاما سەدىفارت بولۇپ، كىساترىيالار ئىرقىغا تەۋە ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى راھەت - پاراغەتتە ئۆتىدىكەن. سەدىفارت 19 ياشقا كىرگەندە بىر نەۋرە سىڭلىسى ياروندور بىلەن توي قىلىپتۇ. بۇ شاھزادىنىڭ ئائىلىسىدە توققۇزى تەل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەمىشە: ھەممە كىشى ئوخشاشلا ئادەم تۇرسا، نېمىشقا بەزىلەر بىراھمان، بەزىلەر سوترا بولىدۇ؟ يەنە كېلىپ بىراھمانىنىڭ ئەۋلادلىرى يەنىلا بىراھمان، سوترانىڭ ئەۋلادلىرى يەنىلا سوترا بولىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلايدىكەن.

سەدىفارت 29 ياشقا كىرگەن يىلى شەھەرنىڭ تۆت دەرۋازىسىغا سەيلىگە چىقىپتۇ. كۈنچىقىش تەرەپتىكى دەرۋازىسىغا سەيلىگە بارغاندا، ھاسىغا تايىنىپ تەسلىكتە كېتىۋاتقان بىر بوۋاينى ئۇچرىتىپتۇ. شەھەرنىڭ تۆۋەنكى دەرۋازىسىغا بارغاندا، بىر كېسەل كىشىنىڭ لايغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرەپتىكى دەرۋازىسىغا بېرىپتىكەن، بىر توپ قاغا - قوزغۇنلارنىڭ بىر جەسەتكە ئولىشىۋېلىپ ئۇنى چوقۇلاپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ: ئەجەبا ئادەم ھاياتىدا تۆرىلىش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆلۈش ئازابىدىن خالىي بولالماسمۇ؟ دەپ قاتتىق پىغان چېكىپ ئويلىنىپتۇ.

ئۇ، ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىمدا شەھەرنىڭ يۇقىرىقى دەرۋازىنىڭ تاشقىرىدا قولىدا ھاسا تۇتقان، يەڭسىز جۇل - جۇل كىيىم كىيگەن بىر ئادەمنىڭ ئىنتايىن خاتىرجەم ۋە مەمنۇن بىر قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سەدىفارت يېنىدىكى نۆكىرىدىن: «بۇ نېمە ئادەم؟» دەپ سوراپتۇ. نۆكەر ئۇنىڭغا: «بۇ، تەرىقەت ھاسىل قىلىشقا چىققان سىرامان» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سەدىفارت دەرھال ھېلىقى

سىرامانغا سالام بېرىپتۇ. سىرامان ئۇنىڭغا: «بۇ ئالەمدە قىسمى ـ قىسمەت ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. پەقەت راھىبلىق قىلغان ئادەملا ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلەيدۇ.»، «جاھان سىرىنى بىلىش دېگەن شۇدۇر» دەپتۇ. سەددىفارت سىرامانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتۈن ۋۇجۇدى جۇغۇلداپ غال ـ غال تىترەپتۇ. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپتۇ ـ دە، راھىبلىق قىلىش نىيىتىگە كەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى سەددىفارت پادىشاھلىقنىڭ تەۋەلىكىدىن چىقىپ بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپتۇ ـ دە، چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ سىرامان بوپتۇ.

ئۇ چاغدا ھىندىستاندا «جاپا چېكىپ راھىب بولۇش» يەنى ئاز يېيىش، ئاز ئۇخلاش، ئۆزىنى ئۆزى جاپاغا سېلىش ئارقىلىق تەرىقەت تەھسىل قىلىش كەڭ ئەۋج ئالغانىكەن. سەددىفارتمۇ مۇشۇنداق راھىبلىق قىلىپ تەرىقەت ھاسىل قىلىشنى ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ نىلۇپەر دەرياسىنىڭ لېۋىدىكى بودا دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ كۆزىنى بىر يۇمغىنىچە 6 يىل ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپتۇ. 7 ـ يىلىغا كەلگەندە، بىر كۈنى كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى نۇرغۇنلىغان ھەقىقەتلەر توساتتىنلا ئۇنىڭغا ئايان بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سەددىفارت ئۆزىگە مۇرىت توپلاپ، جامائەتتىن ئۆزىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىش ۋە شۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەردە دىن تارقىتىپتۇ. بىرمۇنچە تارىخى مەنبەلەردە بۇ ۋەقە مىلادىدىن VI ئەسىر ئىلگىرى يۈز بەرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ھازىر ھىندى ۋە خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ توختالغان پىرىمۇ شۇ. دېمىسىمۇ بۇ رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى خۇددى ھىندىستان قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىراھمانلار ئىرقىغا قارشى كۈرەش ئېھتىياجىنى قامداش يولىدىكى ئىدىيىۋى كۈرەش جەريانىدىن ئەينەن ئېلىنغاندەك قىلىدۇ. دېمەك، بۇددىزم مۇشۇنداق مەيدانغا كەلگەن. بۇددىزمنىڭ ئىجادچىسى سەددىفارت مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن «ساكيامۇنى» ـــ سەكيالارنىڭ ئەۋلىياسى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ تەلىماتى ۋە 40 يىل ھارماي ـ تالماي تەشۋىق قىلىش روھى بەزى ئىلىمدارلارنى تەسىرلەندۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىراھمان ئىرقىدىكى ئاكا ـ ئۇكا ئۈچەيلەن ئۆزلىرىنىڭ مىڭدىن ئارتۇق مۇخلىسىنى باشلاپ كېلىپ ساكيامۇنىنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا نۇرغۇنلىغان بىراھمان راھىبلىرىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ساداقەتمەن مۇخلىسلىرى 1200 كىشىگە يەتكەن.

رىۋايەت ۋە تارىخى تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولىدىكى، ساكيامۇنى ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تەرىپىدىن ئاتالغان ئەۋلىيا مەنىسىدىكى ھۆرمەت نامى بولۇپ، ساكيا دېگەن ئۇنىڭ مىللىتىنىڭ نامى، مۇنى ـــ جىم ئولتۇرۇپ تېۋىنىش دېگەن مەنىدە، يەنى ساكيا مىللىتى تېۋىنىدىغان ئەۋلىيا دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى گائوتاما سەددىفارت، ئۇل زاماندا كاپىلاۋاستۇ شەھرىنى مەركەز قىلغان ساكيا قەبىلىلىرىنىڭ پادىشاھى سۇددودانانىڭ ئوغلى بولۇپ، ھازىرقى نېپال تەۋەسىدىكى لۇمبىنى دېگەن جايدا تۇغۇلغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ ئانىسى مويا 45 ياشقىچە تۇغماي 45 ياشقا كىرگەندە ساكيامۇنىغا ھامىلدار بولغان. شۇ چاغدا ھىندىستان ئادىتى بويىچە، ئاياللار ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ تۇغىدىغان بولغاچقا، يولدا كېتىۋېتىپ لۇمبىنى دېگەن جايغا بارغاندا ئۇشتۇمتۇت تولغاق يەپ ساكيامۇنىنى تۇغقان. يەتتە كۈن ئۆتكەندە ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن. ساكيامۇنىنى ھاممىسى 16 ياشقا كىرگۈچە بېقىپ، مەلىكە يەشتورۇغا ئۆيلەپ قويغان. بۇ چاغدا ساكيامۇنى ئائىلىسى دۆلەتمەن ئائىلىگە ئايلانغان. دىلخۇمار ئايالىنىمۇ ئۆز دىنىغا كىرگۈزگەن.

ساكيامۇنى ئۆمۈر بويى بۇددا دىنىنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 486 ـ يىل 80 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كاتتا ـ كاتتا ئىبادەتخانىلارغا تەۋەررۈك قىلىپ ئەكەتكەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ماگادھا پادىشاھى بىمبىسارنىڭ ئىجازىتى بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئاجاتا ساترۇ 1 ـ قېتىملىق بۇددا دىنى يىغىنى ئېچىپ، ساكيامۇنىنىڭ مۇرىتلىرىغا ئۇنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى رەتلەپ كىتاب قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇلار رەتلەپ چىققان ئەڭ بۇرۇنقى بۇددا نوملىرى سۇتراپىتىكا ۋە ۋىناياپىتىكالاردىن ئىبارەت.

سوكيامۇنى ئىجاد قىلغان بۇددا دىنى ئۆز ۋاقتىدا گەرچە يېڭىدىن گۈللەنگەن سودا ـ سانائەت قۇلدارلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان دىن بولسىمۇ، ئەمما خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىغانلىقتىن كېيىنكى كۈنلەردە ئېكسپىلاتاتسىيىچىلەرنىڭ خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قورالىغا ئايلانغان.

# «قۇرئان كەرىم» ۋە پەننىي بىلىم[①]

لىن سۇڭ

**مۇھەررىر ئىلاۋىسى:**
دىن بىلەن پەننىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەنمەيدىغان ياكى جاھالەتچىلەرنىڭ سەپسەتىلىرىنى ئەقىدە ئورنىدا چۈشىنىدىغان نادان كىشىلەر دىن بىلەن پەننىڭ ئوخشاشلا ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلمەي، ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ دەستۇرىنىمۇ ئوقۇپ چۈشەنمەي تۇرۇپلا پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە قارشى سۆز ـ ھەرىكەتلەردە بولىدۇ. بۇنداق نادانلىق دەل دىن خۇراپاتلىقىنى قوتراتقۇچىلار ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاپ، خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا توسالغۇ بولىدىغان بۇنداق خۇراپىي سۆز ـ ھەرىكەتلەرنىڭ يىلتىزىنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن سىياسى تەشۋىقاتقا بىرلەشتۈرۈپ دىن كالاملارنىڭ ئۆزى ئارقىلىق نادانلىققا قارشى تۇرۇشمۇ بىرخىل ئۈنۈملۈك ۋاستىدۇر. ئېلىمىزدە ئىسلام دىنى ساھەسىدە كەڭ جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر پروفېسسور لىن سۇڭنىڭ «بىلىم خەزىنىسى ‹قۇرئان كەرىم› » دېگەن كىتابى ئاشۇ مەقسەتتە سىچۇەن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن بۇددىزم، خرىستىئان، كاتولىك، تەرىقەت دىنلىرىنىڭ دەستۇرلىرىنى ئاساس قىلغان مەجمۇئەلەر قاتارىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، بىزنىڭ شىنجاڭدا دىنى كالامنىڭ ئۆزى بىلەن خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك ماتېرىياللىرى قاتارىدا ئۇنىڭ بىر بابى مۇھتەرەم ھاجى غوجا ئابدۇللا ئوسمان تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ جامائەتكە سۇنۇلدى. «قۇرئان كەرىم» مەخسۇس ئىلىم ـ پەن بايان قىلىنغان كىتاب ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭدا ئىلىم ـ پەنگە مۇناسىۋەتلىك سۈرە ـ ئايەتلەر كۆپ. ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى ئۆزگەرتىش ھېچ ئادەمنىڭ ھەققى ئەمەس. شۇڭا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەنزۇ يېزىقىدا بۇ كىتابلارنى ئوقۇۋاتقان مىڭلاپ ئوقۇرمەنلەرگە ئوخشاش توغرا نەزەر بىلەن ئوقۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

1. ئىلىم ـ پەنگە ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش

ئىسلام دىنى پەننىي بىلىملەرنى ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ نۇقتا «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان دەسلەپكى چاغلاردىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ سەل نېرىسىدىكى ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇش، مىللىي ئاڭنى قانداق قىلىپ ئويغىتىش ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇۋاتقان چاغدا قوبۇل قىلغان تۇنجى قېتىملىق ۋەھىي — مەشھۇر «ئەلەق» سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى 5 ئايىتى بۇنىڭ دەلىلىدۇر:

ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن.
ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى.
ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر.
ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى.
ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى.

(96 ـ سۈرە، 1 ... 5 ـ ئايەتلەر)

ئويلاپ باقساق، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەڭ دەسلەپتە نازىل بولغان مۇشۇ بىر نەچچە ئايىتىدە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، بىلىم ئىگىلەشنىڭ تەكىتلەنگەنلىكىدىن بۇنىڭ سەل قاراشقا بولمايدى-

---

① بۇ ماقالە «بىلىم خەزىنىسى ‹قۇرئان كەرىم› » دېگەن كىتابنىڭ بىر بابى.

غان مۇھىم مەسىلە ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرۈۋالىمىز. بۇ ئايەتلەردە خەت يېزىش، خاتىرە يېزىش ۋە بىلىم تارقىتىش قورالى بولغان «قەلەم» مەدەنىيەت بىلىملىرىگە، ئەقىل - پاراسەتكە سىمۋول قىلىنىدىغان؛ ئىككىنچى قېتىمدا نازىل بولغان يەنە بىر سۈرىنىڭ 1 - ئايىتىدىلا قەلەم ئىككىنچى قېتىم زىكرى قىلىنىغان ۋە قەلەم داغدۇغىلىق قەسەمنىڭ مەزمۇنى قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «نۇن، قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى، ...»، بۇ سۈرىگە «قەلەم» دەپ نام قويۇلغان.

ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئايەتلەردىن ئالغان ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، «قۇرئان كەرىم» دە «كىشىلەرگە ئەقىل ئىشلىتىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش تەلىم بېرىلگەن جاي 300 دىن ئارتۇق، كىشىلەرگە ئالەمنىڭ سىرىنى كۆزىتىش ۋە ئۇ ھەقتە ئىزدىنىش تەلىم بېرىلگەن جاي 700 دىن ئارتۇق، كىشىلەرگە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن پەن تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش تەلىم بېرىلگەن جاي نەچچە ئون»[①] ئىكەن. بىلىم ۋە ھەقىقەتنى پەقەت «ئەقىل ئىگىلىرى» لا چۈشىنەلەيدىغانلىقى ئايەتلەردە كۆپ قېتىم تەكىتلىنىدۇ. «ئەقىل ئىگىلىرى» دېگەن سۆز «قۇرئان كەرىم»نىڭ 11 سۈرىسىدە 16 يەردە ئۇچرايدۇ.

كۆز بىلەن كۆزىتىش، قۇلاق بىلەن ئاڭلاش، كۆڭۈل بىلەن پىكىر قىلىشنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە تەشەببۇس قىلىدىغان ئايەتلەر بولسا تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. كىشىلەرگە نېمىشقا ئوبدان ئويلىمايسىلەر، نېمىشقا ھوشۇڭنى يىغمايسىلەر، نېمىشقا چۈشەنمەيسىلەر دەپ سوئال قويۇلغان جۈملىلەر ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئايەتلەردە بىلىم ئېلىش، ئەقىل تېپىش ھوشنى يىغىش گەۋدىلىك تەكىتلىنىدۇ، نادانلىققا، قاتماللىققا، قارىغۇلارچە ئەگىشىشكە قارشى تۇرۇلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلىم ئېلىشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇنى ئىگىلەشتە تەخىر قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن سۆزلىرى ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ قالغان. مەسىلەن:

△ ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر ئەر - ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر؛

△ ئىلىم تەلەپ قىلىش بۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر؛

△ ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار؛

△ ئىلىم مۇسۇلمانلارنىڭ يۇتتۇرۇپ قويغان نەرسىسىدۇر، قەيەردە بولسۇن، مۇسۇلمانلار ئۇنى تېپىۋالىدۇ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە ھوقۇقلۇق؛

△ ئالىملارنىڭ كىتاب يازغان سىياھى قىيامەت كۈنى شېھىتلەرنىڭ تۆكۈلگەن قېنى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ، ...

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئادەتتىكى تۇرمۇشتا ھەمىشە بىلىم ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ، نادانلىققا، خۇراپاتلىققا قارشى تۇراتتى. ئادەمنى ھەممىدىن تەسىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، رەسۇلۇللانىڭ ئامراق ئوغلى ۋاپات بولغان كۈنى دەل ئاي تۇتۇلغان كۈنگە توغرا كېلىپ قالدى، بۇ ئەسلىدە يەر شارى ئايلىنىپ ئاي بىلەن كۈننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە كۈننىڭ نۇرىنى بىر دەملىك توسۇپ قويۇشىدىن كېلىپ چىققان تەبىئەت ھادىسىسى ئىدى، ئەمما بەزى مۇسۇلمانلار بۇنى ئالاھىدە بىر خىل ئىنكاس دەپ قاراپ، سىرلىق بىر ئەھۋال قىلىپ بايان قىلغان. رەسۇل ئەلەيھىسسالام كۈن بىلەن ئاينىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە ماماتى بىلەن، بەختلىك بولۇشى ياكى بالا - قازاغا يولۇقۇشى بىلەن باغلاپ قارىماسلىق كېرەكلىكىنى جىددىي كۆرسىتىپ، ساھابىلەرنى تەربىيىگە ئىگە قىلغان.

قىسقىسى، مەيلى «قۇرئان كەرىم»گە ياكى «ھەدىس»كە قارايلى، بىز ئىسلام دىنىنىڭ پەننى بىلىملەرگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپ، كىشىلەرنى تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئىلمىي ئۇسۇل ۋە تەپەككۇر بىلەن كۆزىتىشكە ئۈندەيدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ دىننى پەن بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويمايدىغانلىقىنى كۆرىمىز. دىنمۇ، پەنمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان ۋە تەرەققىي قىلغان، پەن تەتقىقاتى نەتىجىلىرى ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتى ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى - يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى، دىنىنىڭ پەلسەپىۋى نەزەرىيىلىرى، ئەقىدىسى ئىنسانلارنىڭ

---

① ماجاۋجۇننىڭ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان «مۇسۇلمانلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشايلى» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن.

مەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتىنىڭ تىكلىنىشىنى ئېتىكا ـ ئەخلاق ئۆلچىمى بىلەن تەمىن ئەتتى. دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار پەننى چەتكە قاقمايدۇ، ھەم پەنگە قارشى تۇرمايدۇ، بەلكى پەننىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؛ پەن ئالىملىرى جۈملىدىن زور تۆھپە ياراتقان ۋە دۇنيا ئېتىراپ قىلغان تەبىئىي پەن ئالىملىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنى ياكى نەتىجىسى ئارقىلىق قارشى تۇرمىدى، ئۇلار ئارىسىدا دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار يوقمۇ ئەمەس، ياكى ئىزدىسە خېلى تېپىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» بىلىم ئۆگىنىشنى، مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى، بۇ روھنىڭ رېئاللىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى سەۋەبىدىنلا ئەرەب جەمئىيىتى نادانلىقتىن پەيدىنپەي مەدەنىيلىككە ماڭدى، ئىسلام دىنى شەرق (پارس، ھىندىستان) بىلەن غەرب (يۇنان، رىم) نىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ قوزغىغان «تەرجىمە ھەرىكىتى» ئارقىسىدىلا، ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى سەھەر مەزگىلىدىن ئاشۇاقتى مەزگىلى ۋە چۈش مەزگىلىگە يېتىپ، پارلاق مەدەنىيەتنى ياراتتى.① بۇلارنىڭ ھەممىسى «قۇرئان كەرىم» نازىل بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان يېڭىلىقلاردۇر، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا دەلىل بولالايدۇ.

«قۇرئان كەرىم» مەخسۇس ئىلىم ـ پەن بايان قىلىنغان كىتاب ئەمەس، لېكىن ئۇنىڭدا ئادەمنى چوڭقۇر ئويلاشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان مول ۋە چوڭقۇر بىلىملەر بار، مۇسۇلمان ئەمەس ئالىملارمۇ ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئۇنىڭدا «پەلسەپە تەتقىقاتى سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلمىغان بولسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا، تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۈستىدە بىلىم جەھەتتىن ئىزدىنىش ۋە پەن تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن شەرت ھازىرلاپ بېرىلدى»②

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىز ئىچىدە ۋە سىرتىدا «قۇرئان كەرىم» دىكى پەننىي بىلىملەرگە دائىر مەسىلىلەر بايان قىلىنغان ئەسەرلەرگە ئاساسەن، پايدىلىنىش ئۈچۈن بىر قىسىم مىساللارنى كەلتۈرىمىز.

## 2. ئايەتلەردىن پەننىي بىلىملەرنى چۈشىنىش

1. ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا. ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى مەسىلىسى كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە قىزىقىدىغان مەسىلە، شۇنداقلا تەبىئىي پەن تەتقىقاتى ساھەسىدە كۈچ چىقىرىپ تەتقىق قىلىنىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قاراشلىرى، يەكۇنلىرى، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەخسۇس كىتاب قىلىپ يېزىپ ئېلان قىلدى ياكى بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىگە قاتناشتى. ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى تەلىماتقا ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرنەچچە خىل نەزەرىيىۋى تونۇش مەۋجۇت:

1) ھاياتلىق ئەڭ دەسلەپتە جانسىز ماددىدىن پەيدا بولغان، ئۇ ئىپتىدائىي يەر شارىدىكى ئىپتىدائىي دېڭىز ـ ئوكيانلار بىلەن، مىنېرال سىغىز توپا بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛

2) ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى باسقۇچلۇق تەرىزدە بولغان، ئانئورگانىك ماددىدىن بىۋاستىلا جانلىقلارنىڭ بەلگىسى بولغان ئورگانىك ماددىغا ئۆزگەرگەن ئەمەس؛

3) ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى ئۇزاق بىر جەريان، جېنى يوق ئانئورگانىك ماددىنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جېنى بار ماددىغا ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭغا نەچچە يۈزمىڭ يىل ياكى نەچچە يۈز مىليون يىل كېرەك.

بۇ قاراشلار نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتىلغان ۋە ئالغا سۈرۈلگەن، مەسىلەن، پەن ـ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرى ئىخچام، ئاممىباب ۋە كەسكىنرەك قىلىپ ئېيتىلغان، ئاساسىي جەھەتتىن ئۇ ھاياتلىق سۇدىن پەيدا بولغان، ھاياتلىق سىغىز توپىدىن پەيدا بولغان دېگەندىن ئىبارەت.

ئەلۋەتتە، دىنىي نۇقتىدىن قارىغاندا، مەسىلەن، ئىسلام دىنى دۇنيادىكى ئىنسانلارنى ۋە بارلىق

① ئاجىزلىق تەرجىمە قىلغان. [مىسىرلىق] ئەھمەد ئەمىن يازغان «ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى» نىڭ بىرىنچى كىتابىدىكى «تەرجىمانىڭ مۇقەددىمىسى» گە قارالسۇن. سودا نەشرىياتىنىڭ 1982 ـ يىل نەشرى.

② [ئامېرىكىلىق] توماس لېمان: «ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار دۇنياسى»، ئۈچىنچى باب، شىنخۇا نەشرىياتىنىڭ 1985 ـ يىل نەشرى.

جانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن كائىناتنى ئاللا ياراتقان دەپ قارايدۇ، ئۇنداق مەسىلىلەرگە دىققەتنى بۆلۈش ياكى يېپيېشىشلىشنىڭ گويا ئۇنچىۋالا زۆرۈرىيىتى يوق دەپ تونۇيدۇ. لېكىن، «قۇرئان كەرىم» نىڭ مەزمۇنىغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىدىغان، چۈشە-نىشكە ماھىر بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان جەمئىيەتنى ئايەت-لەردە بايان قىلىنغان ياكى يوشۇرۇنغان قائىدە بىلەن كۆزىتىپ، بەزىلىرى ئايەتلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆزى چۈشىنىپ كېتەلمىگەن سىرلىق مەنىلىرىنى پەن تەتقىقاتنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ تورۇپ قايتىدىن ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىپ، يېڭى قاراشلارغا ئېرىشتى، تونۇشىنى ئۆستۈردى. «قۇرئان كەرىم» دە ئىلىم ھاسىل قىلىش، ئەمەلىيەتنى كۆزىتىش، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، كاللىنى كۆپرەك ئىشلىتىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، گاراڭلىق، نادانلىق تەرغىب قىلىنمايدۇ؛ پەننىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بىلىم كۆپ ھاللاردا بەزى ئايەتلەرنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، ھاياتلىقنىڭ يارىتىلىش ياكى پەيدا بولۇش مەسىلىسى «قۇرئان كەرىم» دە كۆپ يەردە زىكرى قىلىنىدۇ:

ئاللا ھەربىر جاندارنى سۇدىن ياراتتى،
ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ،
بەزىسى ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدۇ،
بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ،
ئاللا خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ،
ئاللا ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

(24 ـ سۈرە، 45 ـ ئايەت)

كاپىرلار بىلمەمدۇكى،
ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر ـ بىرىگە تۇتاش ئىدى،
ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق؛
ھەممە جانلىق مەۋجۇداتلارنى سۇدىن ياراتتۇق،
ئۇلار (ئاللانىڭ قۇدرىتىگە) ئىشەنمەمدۇ؟

(21 ـ سۈرە، 30 ـ ئايەت)

ئاللا ئىنساننى ئابىمەنىيدىن ياراتتى،
ئۇنى باللار نىسبەتەن بېرىلىدىغان ئەر ۋە قۇدا ـ باجىلىق
پەيدا قىلىدىغان ئايال (دىن ئىبارەت ئىككى خىل قىلىپ)
ياراتتى،
پەرۋەردىگارىڭ ھەممىگە قادىردۇر.

(25 ـ سۈرە، 54 ـ ئايەت)

ئۇ (بەچچىدانلارغا) تۆكۈلىدىغان (ئاجىز مەنى) ئەمەسمىدى؟
ئاندىن ئاللا ئۇنى چىرايلىق شەكىلدە ياراتتى.
ئۇ مەنىيدىن ئەر ـ ئايال (ئىككى تىپنى) ياراتتى.
ئۇ (يەنى يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلالىغان ئاللا)
ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈشكە قادىر ئەمەسمۇ؟

(75 ـ سۈرە، 37 ـ 40 ـ ئايەتلەر)

يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەر بارلىق ھايۋانلار، بارلىق جانلىقلارنىڭ ھەتتا ئىنسانلارنىڭمۇ «سۇ» دىن يارىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئايەتتە «سۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن «ما» سۆزى ئادەتتە سۇ، سۇيۇقلۇق، يامغۇر سۈيى دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ؛ نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئاخىرقى ئايەتتىلا «ئىسپېرما» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «مەنىي» سۆزى ئىشلىتىلگەن.

ئەمما ئادەمنىڭ يارىتىلىشى ئىنسانلارنىڭ يۇۋىسى ھەزرىتى ئادەمگە بېرىپ تاقالغاچقا، ھەزرىتى ئادەمنىڭ دەسلەپتە سېغىز توپىدىن يارىتىلغانلىقى ئوقتىلىق ھالدا كۆرسىتىلگەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاندىن «سۇ» تىلغا ئېلىنغان:

ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق (يەنى ھېكمەتكە مۇۋاپىق،
جايىدا) ياراتتى،
دەسلەپتە ئىنساننى (يەنى ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم
ئەلەيھىسسالامنى) لايدىن ياراتتى.
ئاندىن ئۇنىڭ نەسلىنى ئەرزىمەس سۇنىڭ جەۋھىرى
(يەنى مەنىي) دىن ياراتتى.
ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس يارىتىپ،
ئۇنىڭغا ئۆزىگە مەنسۇپ روھنى كىرگۈزدى (يەنى جان كىرگۈزدى)،
يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى،
سىلەر ئاز شۈكۈر قىلىسىلەر.
(32 ـ سۈرە، 7 — 9 ـ ئايەتلەر)

مۇسۇلمان ئوقۇرمەنلەرنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىقى ئايەتلەردە ھاياتلىقنىڭ ئانئورگانىك ماددا — سۇ، توپىدىن پەيدا بولغانلىقى، جانلىق ماددا بىلەن جانسىز ماددىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئايلانغانلىقى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، جانلىقلارنىڭ ئەڭ تۆپ ئالاھىدىلىكى — ماددا ئالمىشىش يۇكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلانغان، جانلىقلار دۇنياسى بىلەن جانسىزلار دۇنياسىنىڭ ئورتاق ماددىي ئاساسىغا، بىرلىككە ئىگە ئىكەنلىك تەرىپى ئېچىپ بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللانىڭ «تىرىكنى ئۆلۈكتىن، ئۆلۈكنى تىرىكتىن چىقىرىدىغان» لىقى بايان قىلىنغان جۈملىلەر ئايەتلەردە تەكرار ـ تەكرار ئۇچرايدۇ (3 ـ سۈرە، 27 ـ ئايەت؛ 6 ـ سۈرە، 95 ـ ئايەت؛ 10 ـ سۈرە، 31 ـ ئايەت، 30 ـ سۈرە، 19 ـ ئايەت). ئوقۇرمەنلەر يەنە جانلىقلارنىڭ يېتىلىش، ئۆسۈش ياكى كۆپىيىش جەريانىغا ئائىت بىرمۇنچە ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشنىڭ باسقۇچلۇق بولىدىغانلىقىنى، ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق جەرياننى باشتىن كۆچۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ.①

سۇ توغرىسىدا، ھاياتلىقنىڭ سۇدىن پەيدا بولغانلىقى ياكى بارلىق جانلىق ھۈجەيرىلەرنىڭ ئاساسىي تەركىبىمۇ سۇ ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئالىملار كۆپ توختالغان، ھاياتلىقنىڭ توپىدىن پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا بولسا يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان بەزىلەر توختىلىۋاتىدۇ. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 1982 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئامېرىكا ئالەم ئىدارىسىدىكى ئالىملار «ھاياتلىق سېغىز توپىدىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، ئەنگلىيە گلاسگوۋ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى گرېينىم ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان خىمىيۋى ئۆزگىرىش لايدا يۈز بېرىدۇ دەپ قاراپ، ھەممىدىن ئاۋۋال «سېغىز توپىنىڭ ئۆسۈشى تەلىماتى»نى ئوتتۇرىغا قويغان. 70 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئامېرىكا ئالەم ئىدارىسىدىكى ئالىملار بۇ نەزەرىيىنى دەلىللەش ئۈچۈن بىر قاتار تەجرىبە ئىلىپ باردى. ئۇلار ئادەتتىكى سېغىز توپىنىڭ ئېنېرگىيىنى ساقلاش ۋە توشۇش ـ يەتكۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدى، ھالبۇكى، بۇ ئىككى خىل ئىقتىدار ھاياتلىقنىڭ شەكىللىنىشىدە كەم بولسا بولمايدۇ. سېغىز توپىدىكى ئېنېرگىيە تەبىئەت دۇنياسىدا پەيدا بولغان رادىئوئاكتىپلىق يىمىرىلىش قاتارلىق ھادىسىلەردىن كېلىدۇ. تەخمىنەن 400 مىليون يىل ئىلگىرى، سېغىز توپا خۇددى بىر خىمىيە زاۋۇتىغا ئوخشاش، مۇشۇ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىپ بەزىبىر ئانئورگانىك خام ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بىرىكمە مولېكۇلىغا ئايلاندۇرغان، ئۇنى يەنە تەدرىجىي ھالدا تۈنجى ھاياتلىققا ئايلاندۇرغانىدى. تەجرىبە داۋامىدا، ئالىملار سېغىز توپىنى سۇغا ياكى سۇيۇقلۇققا چىلىدى، ئاندىن ئۇنى قىسىپ شامالدا قۇرۇتتى ۋە ئاپتاپقا سالدى، بۇ چاغدا ئۇ سېغىز توپا سۇس ئۇلترا بىنەپشە نۇر تارقاتتى. ئامېرىكا ئالىملىرى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تەجرىبە قىلىش نەتىجىسىدە «دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ ھاسىل بولۇشى تەلىماتى»نى تولۇق ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ تەجرىبە ھېچبولمىغاندىمۇ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش

① مايېنجۇڭنىڭ «ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى پەن (قۇرئان كەرىم) دە بايان قىلىنغان» دېگەن ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىلگە قارالسۇن («مۇسۇلمان ياشلار»نىڭ 1990 ـ يىللىق 3 ـ سانى).

ئۇچۇن ئەقىلغا مۇۋاپىق ئاساس كۆرسىتىپ بەردى.① مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تونۇشتۇرۇشلاردا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: ئامېرىكا ئالەم ئىدارىسىدىكى لېيگلى كوين مۇنداق دېگەن: خىمىيە ئالىملىرى ھاياتلىقنىڭ لايدىن پەيدا بولغانلىقىنىڭ دەلىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېڭىز سۈيى ئۆرلىگەندە، لاي دېڭىز سۈيىدىن ھاياتلىق ھاسىل بولىدىغان ئامىللارنى — ئاقسىل ۋە دېئوكسى رىبونۇكلېئىك كىسلاتانىڭ كۆپ خىل مولېكۇلىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ لايدا خىمىيىۋى رېئاكسىيە پەيدا بولۇپ، ھەرقايسى تىزىلمە بىرلىكلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، ئاقسىل ۋە دېئوكسى رىبونۇكلېئىك كىسلاتانى شەكىللەندۈرىدۇ… لاي ئىگە بولغان زاپاس ئېنېرگىيە، كاتالىز ئىنكاسى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان جەريانىنىڭ مۇمكىن بولۇشىچە ئۆز - ئۆزىدىن تەكرارلىنىش ئىقتىدارى يەنى مۇشۇ بارلىق ھاياتلىق بەلگىلىرى «بىزنى ھاياتلىقنىڭ تەبىرىنى تۈپتىن يېڭىۋاشتىن مۇھاكىمە قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.»②

2. ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى ھالىتى توغرىسىدا. بۇ مەسىلە ئايەتلەردە ئۇ يەردە، بۇ يەردە بايان قىلىنىدۇ، شۇ جايلارنىڭ بىرىدە ئاسماننىڭ ئەسلىدە تۈتۈن ياكى تۇمان ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن:

ئۇ زېمىننىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن تاغلارنى ياراتتى،
زېمىننى بەرىكەتلىك قىلدى،……
ئاندىن ئۇ ئاسماننى (يارىتىشقا) يۈزلەندى،
ھالبۇكى، ئۇ تۇمان ھالىتىدە ئىدى،
……

(41 - سۈرە، 10 - 11 - ئايەتلەر)

ئاسمانلار بىلەن زېمىن بىر - بىرىگە تۇتاش ئىدى،
ئۇلارنى ئايرىۋەتتۇق؛
……

(21 - سۈرە، 30 - ئايەت)

نەقىل كەلتۈرۈلگەن بۇ ئىككى ئايەتتىكى ھەل قىلغۇچ ئاتالغۇ «تۇمان» نىڭ ئەرەبچىسى «دۇخان» بولۇپ، ئۇنى بەزىلەر «تۇمان»، «ھور»، «گاز» دەپمۇ تەرجىمە قىلغان. «بىر - بىرىگە تۇتاش» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىسى «رەتقەن» بولۇپ، ئۇنى بەزىلەر «بىر پۈتۈن گەۋدە»، «ئۇيۇل» (ۋاڭ جىڭجەي)، «كاللەك» (ماجيەن)، «ھېچنېمە ئۆتمەيدىغان چىڭ گەۋدە» (جوجوڭشى) دەپمۇ تەرجىمە قىلغان.

فرانسىيىلىك دوكتور مورىس بىكايى بۇ ئىككى ئاتالغۇنى مۇنداقراق مەنىدە ئىزاھلىغان: «تۇمان» گاز جىسىملار ۋە ئۇششاق چاڭ - توزانلارنى كۆرسىتىدۇ. تۇمان ئادەتتە ئاساسىي جەھەتتىن نىسبىي مۇقىم ھالدا لەيلەپ يۈرگەن گاز جىسىملار ۋە ئۇششاق چاڭ - توزانلاردىن ھاسىل بولىدۇ. بۇ چاڭ - توزانلار بولسا يۇقىرى ھارارەت ياكى تۆۋەن ھارارەت ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قاتتىق ھالەت بولۇشى ھەتتا سۇيۇق جىسىم بولۇشى مۇمكىن. «بىر - بىرىگە تۇتاش» دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇ مۇنداق ھېسابلايدۇ: ئەرەبچىدە ئۇ سۆزنىڭ «پارچىلاش ۋە ئايرىۋېتىش» دېگەن ھەرىكەت مەنىسى بار، بۇ يەردە «ئارىلاشقان ياكى قېتىشقان بىر مۇنچە ئوخشاش بولمىغان تەركىبلەرنىڭ ئۇنى ئوخشاش بىر ماددىدىن ھاسىل بولغان بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرغان» لىقى تەسۋىرلەنگەن③

ئالەمنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا پەن ساھەسىدىكىلەردە مۇنداق ئىككى خىل پەرەز بار:

(1) ئالەمدىكى ھەرقايسى ئاسمان جىسىملىرى ئىپتىدائىي تۇمانلىقنىڭ پارچىلىنىپ، كۆپىيىپ، ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىشى بىلەن پەيدا بولۇپ، ھازىرقى ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسىغا ئايلانغان دېيدىغان قاراش (XVIII ئەسىردە ئۆتكەن گېرمانىيىلىك كانت، فرانسىيىلىك لاپلاسنىڭ تۇمانلىق

① «ھاياتلىقنىڭ سىغىز توپىدىن پەيدا بولۇشى» دېگەن ماقالە «خەلق» گېزىتىنىڭ 1985 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان. بۇ يەردىكى نەقىل جاڭ جىڭمىڭنىڭ «ئىسلام دىنى ۋە پەن» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى («جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 2 - سانى).

② «ھاياتلىقنىڭ لايدىن پەيدا بولۇشى»، كۇنمىڭ «چۈنچىڭ كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1988 - يىل 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى سانى.

③ [فرانسىيە] مۇدىس بىكايى: «قۇرئان كەرىم ۋە ھازىرقى زامان پەنلىرى» ئۈچىنچى باب، بۇ كىتابنى ئەلى ياڭ ئىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭ بىر قىسمى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىلىدىن 1990 - يىلىغىچە نەشر قىلىنغان بەش سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ھەققىدىكى پەرەزلىرى)؛

(2) ئالەم ھەجمى كىچىك، ئېنشتاين زىچ، ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى ھارارەتلىك ئىپتىدائىي ماددىدىن پەيدا بولغان، قاتتىق پارتلاش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئالەم كۆپۈپ يۇلتۇزلار سىستېمىسىنى شەكىللەندۇرگەن، ئاخىرىدا ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكى كەڭ دۇنياغا ئايلانغان دەيدىغان قاراش (مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 - 40 - يىللىرىدىكى بېلگىيىلىك لېمېت ۋە ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان رۇس ئالىمى گاموف قاتارلىقلارنىڭ قاتتىق پارتلاش توغرىسىدىكى پەرەزلىرى).

1986 - يىل 12 - ئايدا، 700 چە ئاسمان جىسىملىرى فىزىكىسى ئالىمى ئامېرىكىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالەمنىڭ سىرىنى ئېچىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. ئۇلار ئىچىدىكى ئامېرىكا زەررە فىزىكىسى ئالىمى، دوكتور ئاللېن گۇس ئالەم تەخمىنەن 9 كىلوگرام ماددىدىن كۆپۈپ، كۆزەتكىلى بولىدىغان ھازىرقى دائىرىگە يەتكەن دەپ قارىدى، شۇنداقلا ئالەمنىڭ پۈتكۈل شەكىللىنىش جەريانى بىر سېكۇنتقىمۇ يەتمىگەن دەپ ھېسابلىدى. بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى بىر كىشى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئۇزاق قالمىغان بولۇشى مۇمكىن، دېدى.①

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان پەن تەتقىقاتىنىڭ مەيلى تۇمانلىق ھەققىدىكى، قاتتىق پارتلاش ھەققىدىكى پەرەزلىرى بولسۇن ياكى يېقىنقى يىللاردىكى ئەڭ يېڭى مۇھاكىمىلەر بولسۇن، ھەممىسى «قۇرئان كەرىم» دە تەسۋىرلەنگەن «تۇمان»، «بىر - بىرىگە تۇتاش» ياكى «ئۇيۇل» دېگەن سۆزلەرگە خېلىلا يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئالىملىرى بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشقا بەك قىزىقماقتا.

3. ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيە توغرىسىدا

تاغلارنىڭ يەر شارائىتىنى، دەريالارنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىنى، ھەتتا يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىنى چۈشىنىپ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ مول بىلىمگە ئىگە بولۇش ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەنمۇ، دىنىي تۇرمۇش بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ھەم ئىنتايىن مۇھىم.

مەسىلەن، زېمىندا ساياھەت ۋە سودىگەرلىك قىلىش، ھاياتلىق يولى تېپىش، بايلىق ۋە كانلارنى تەكشۈرۈش، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساش، ئېتىزلارنى سۇغىرىش، دالىدا چارۋا مال بېقىش، ئورمانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش، دېڭىز قاتنىشى ۋە سودا بىلەن شۇغۇللىنىش، ئوۋ ئوۋلاش - بېلىق تۇتۇش قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە جەھەتتىكى بىلىمگە ئىگە بولۇش زۆرۈر. بۇ جەھەتلەردە زۆرۈر ساۋاتقا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ئۇڭۇشلۇق ۋەزىيەت يارىتقىلى، ئاندىن نىشاندىن ئېزىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. دىنىي تۇرمۇشتا، مەسىلەن، ھەر كۈنلۈك نامازدا، يۈز كەلتۈرىدىغان قىبلىنى ئېنىقلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ مەسچىت سېلىشتىمۇ مېھراپنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىبلە تەرەپنى بىلىۋېلىش لازىم بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، تۇرۇۋاتقان جاينىڭ مېرىدىئان ۋە كەڭلىك گرادۇسلىرىنى ھەم مەككىدىكى ھەرام مەسچىتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى ئالدى بىلەن ئېنىقلىۋېلىش زۆرۈر بولىدۇ؛ بولۇپمۇ سەپەردە كېتىۋاتقاندا، قۇملۇق - جاڭگاللاردا، ھاۋا تۇتۇلغان ۋە بۇلۇتلۇق بولغان كۈنلەردە، قاپقاراڭغۇ كېچىلەردە، سۇ بىلەن ئاسمان تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان چەكسىز دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا ھەرخىل بىلىمگە تايىنىپ شەرق، جەنۇب، شىمال تەرەپلەرنى بىلىۋېلىپ، نامازدا يۈز كەلتۈرىدىغان قىبلىنى ئېنىقلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، نامازنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىش، رامىزان ئېيىنىڭ باشلىنىش - ئاخىرلىشىش ۋاقتىنى بەلگىلەش، ھەركۈنى روزىلۇق يېيىش ۋە ئىپتار قىلىش ۋاقىتلىرىنى ھېسابلاش قاتارلىق ئىشلارنى بىلىم بولغاندىلا ئاندىن جايىدا بەجا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن، «قۇرئان كەرىم» دە تەبىئەتنى كۆزىتىش، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇش لازىملىقى كۆرسىتىلگەن:

زېمىننىڭ سىلەرنى تەۋرىتىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللا ئۇنىڭدا تاغلارنى بەرپا قىلدى؛
(زىرائەتلىرىڭلارنى، چارۋا ماللىرىڭلارنى سۇغىرىشىڭلار ئۈچۈن)
ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى، ئېزىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن (ت
يوللارنى پەيدا قىلدى.

---

① شىنخۇا ئاگېنتلىقى: «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» نىڭ 1987 - يىل 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

(يوللارغا) بەلگىلەرنى قىلدى،
ئۇلار (كېچىسى قاراڭغۇلۇقتا ۋە دېڭىزلاردا)
يۇلتۇزلار بىلەن يول تاپىدۇ..

(16 ـ سۈرە، 15، 16 ـ ئايەتلەر)

نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇش، يولدا ئېزىپ قالماسلىق ئۈچۈن مول بىلىم بولۇشى، تەبىئەتنى كۆزىتىش لازىم، شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئاسترونومىيە ۋە جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئىشلارنى بىلگىلى بولىدۇ. ئاسماندىن، زېمىندىن، تاغ ـ دەريالاردىن، يۇلتۇزلاردىن، دېڭىز يولى ۋە تاغ يولىدىن تېگىشلىك بىلىملەرگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ:

يەر تەۋرەپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەمسىز بولماسلىقى ئۈچۈن،
بىز زېمىندا تاغلارنى ياراتتۇق،
ئۇلارنى (سەپەردە) كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يېتىۋالسۇن دەپ،
تاغلاردا كەڭ يوللارنى ياراتتۇق.

(21 ـ سۈرە، 31 ـ ئايەت)

4. يىللارنى ھېسابلاش توغرىسىدا. ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنى كۆزىتىش، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشىنى ھەتتا پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىش، سوغۇق بىلەن ئىسسىقنىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى بىلىش، ئەمەلىي كەچۈرمىشلەردىن ئالغان تەسىراتقا بىرلەشتۈرۈپ، كاللا ئىشلىتىپ پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇنىڭدىن بىلىم ئېلىش، يىل، ئاي، كۈن، سائەتلەرنى ھېسابلاش ئۈچۈن ئاسترونومىيىنى، يىللارنى ھېسابلاشنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، ئەمگەك ـ ئىشلەپچىقىرىشنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە دىنىي مۇراسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش — بۇ، «قۇرئان كەرىم» دە تەشەببۇس ۋە تەرغىب قىلىنغان ئىشلاردۇر:

كېچە بىلەن كۈندۈزنى (كامالى قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىدىغان)
ئىككى ئالامەت قىلدۇق،
كېچىنىڭ ئالامىتىنى كۆتۈرۈۋەتتۇق،
پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ پەزلىتىنى تەلەپ قىلىشىڭلار
(يەنى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى تېپىش يولىدا سەئىي ھەرىكەتتە بولۇشۇڭلار) ئۈچۈن،
(كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشى ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ، ئايلارنىڭ) يىللارنىڭ سانىنى
ۋە ھېسابىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن، كۈندۈزنىڭ ئالامىتىنى يورۇقلۇق قىلدۇق، (دىنىي ۋە
دۇنياۋى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق.

(17 ـ سۈرە، 12 ـ ئايەت)

ئايەتتە يەنە «كۈن بىلەن ئاي (ئۆز بۇرجلىرىدا) مۇئەييەن ھېساب بويىچە سەير قىلىدۇ» (55ـ سۈرە، 5 ـ ئايەت) غانلىقى تەكىتلىنىپ، كىشىلەرنىڭ يىللارنى كۈن بىلەن ئاينىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ھېسابلاشنى بىلىۋېلىشىغا ئىلھام بېرىلىدۇ.

چوڭ ـ چوڭ سەييارىلەردىكى ۋاقىت ئۇقۇمى بىر ـ بىرىدىن بەكمۇ پەرق قىلىدىغان بولغاچقا، «قۇرئان كەرىم» دە بۇ ھەقتىكى مەزمۇن ئاز ـ تولا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىچكى مەنىسىنى ھېلىغىچە تېخى ھېچكىم ئېنىق ئىزاھلاپ بېرەلمىدى، بۇنداق ئايەتلەر ھازىرمۇ يوشۇرۇن مەنىلىك ئايەت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەسىلەن:

ئاللا ئاسماندىن زېمىنغىچە بولغان (مەخلۇقاتلارنىڭ)
ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ،
ئاندىن ئۇ ئىشلار ئۇزۇنلۇقى سىلەر ساناۋەتقان مىڭ
يىلدەك كېلىدىغان بىر كۈندە ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ.

(32 ـ سۈرە، 5 ـ ئايەت)

پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل)
ئاللاغا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى،
ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ.

(70 ـ سۈرە، 4 ـ ئايەت)

بۇ يەردە «بىر كۈن» نىڭ «مىڭ يىل» غا ۋە «50 مىڭ يىل» غا تەڭ كېلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئالدىنقىسى مەملىكىتىمىزنىڭ «تاغدىكى بىر كۈن دۇنيادىكى مىڭ يىل» دېگەن قەدىمكى بىر تەمسىلگە يېقىن كېلىدۇ، كېيىنكىسىنىڭ ئۇقۇمى تېخىمۇ ئۇزۇن، ئەرەب تىلىنىڭ ئادىتىدىكى سانلار ئەمەلىي نەرسىنى، تەخمىن نەرسىنى كۆرسىتىدىغان بولغاچقا («7» كۆپكە ۋەكىللىك قىلغاندەك)، بۇ سىرنى ئېچىشنىڭ ئاچقۇچىنى ھېچكىم تاپالمىدى، ئۇقۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئاسترونومىيىدە ئېيتىلىدىغان نۇر يىلىغا ئوخشاپ كېتىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن بىلىمنىڭ، ئۆگىنىشنىڭ چەكسىزلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

لېكىن ۋاقىت ئۇقۇمىنى ھېسابلىغىلى، چۈشەنگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، 18 ـ سۈرە يەنى سۈرە «كەھفا» دە بىرنەچچە ياش يىگىتنىڭ بىر ئىتىنى ئېلىپ بىر غارغا مۆكۈنۈپ ئۇزاق ۋاقىت ئويغانماي ئۇخلاپ قالغانلىقى (ئۆلۈپ قالمىغانلىقى) سۆزلەنگەن بىر تەمسىل بار. ئۇنىڭدا ۋاقىت تىلغا ئېلىنغان:

ئۇلار ئۆز غارىدا 309 يىل تۇردى.

(18 ـ سۈرە، 25 ـ ئايەت)

توپتوغرا 300 يىل شەمسىيە كالېندارى ئۈچۈن ئېيتىلغان. قەمەرىيە كالېندارى (ھىجرىيە كالېندارى) بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر يۈز يىلدىن 3 يىل ئارتۇق چىقىدۇ، دېمەك، 300 يىلدا 9 يىل ئارتۇق چىقىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دىكى تەشەببۇس بويىچە، مۇسۇلمانلار ئاسترونومىيە ۋە يىل ھېسابلاشنى ئۆگىنىپ، تارىختا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھىجرىيە كالېندارى مەملىكىتىمىز سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ دەسلىپىدىلا قوبۇل قىلىنغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا مۇسۇلمانلار خانلىق نازارەت مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، غەربىي يۇرتتىن ئاسترونومىيە ئەسۋابلىرى كىرگۈزۈلگەن، ھىجرىيە كالېندارى بېسىلغان ۋە قوشۇمچە قىلىپ ئىشلىتىلگەن،①تاكى مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىرىغىچە ئۇ ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە بولغان. ھىجرىيە كالېندارىنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىيۈەن 4 ـ يىلى (1267) دىن چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 8 ـ يىلى (1669) غىچە ئىشلىتىلگەن ياكى پايدىلىنىلغان ۋاقتى 400 يىلغا يەتكەن. ②

5. ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئىنچىكە، نازۇك پەرقى بارماقلىرىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا. «قۇرئان كەرىم» نى ئىخلاس بىلەن ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلغان، چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن مۇسۇلمانلار يەنە شۇنى بايقىغانكى، ئايەتلەردىكى ھەل قىلغۇچ سۆزلەر ھەقىقەتتەنمۇ كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىي دەۋەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ئۆلگەنلەرنىڭ قىيامەت كۈنى قايتا تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ قويغان سوئالىنى، ياكى ئۇلارنىڭ مەسخىرىسىنى، ئىنكار قىلغانلىقىنى ھەردائىم ئاڭلاپ تۇرغان. ئايەتلەردە بۇ مەسىلە كۆپ يەردە بايان قىلىنغان:

مۇشرىكلار «بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن،
چوقۇم قايتا تىرىلىپ يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟» دېيىشىدۇ.

(17 ـ سۈرە، 49 ـ ئايەت)

ئۇلار ئېيتتى: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە (ئۇۋۇلۇپ كەتكەن)
سۆڭەكلەرگە ئايلانغاندىن كېيىن، چوقۇم قايتا تىرىلەمدۇق؟»

(23 ـ سۈرە، 82 ـ ئايەت)

«بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا
بىز چوقۇم (قىلمىشلىرىمىزدىن) ھېساب بېرەمدۇق؟»

(37 ـ سۈرە، 53 ـ ئايەت)

ئۇلار: «بىز ئۆلۈپ توپىغا ۋە قۇرۇق سۆڭەككە ئايلانغان چاغدا،
بىز چوقۇم تىرىلدۈرۈلەمدۇق؟

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 48 ـ جىلدى «ئاسترونومىيە تەزكىرىسى»؛ 99 ـ جىلدى «ئەمەلدارلار تەزكىرىسى. 6»
② ماجيەن تۈزگەن ۋە تەرجىمە قىلغان «خۇيزۇلار تارىخى تېزىسلىرى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسىنىڭ 1955 ـ يىل نەشرى.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزمۇ تىرىلدۈرۈلەمدۇ؟» دەيتتى.

(56 ـ سۈرە، 47 ـ ئايەت)

ئۇلار ئېيتىدۇ: «راستلا بىز ئاۋۋالقى ھالىمىزغا قايتۇرۇلامدۇق؟

(يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلەمدۇ؟)

ئۇ بىزنىڭ چىرىگەن سۆڭەك بولۇپ قالغان ۋاقتىمىز ئەمەسمۇ؟»

(79 ـ سۈرە، 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر)

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سوئاللار ئايەتلەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ (17 ـ سۈرە، 98 ـ ئايەت؛ 23 ـ سۈرە، 35 ـ ئايەت؛ 37 ـ سۈرە، 16 ـ ئايەت). بۇنىڭدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق مەسىلىلەرگە ھەممىشە ئۇچراپ تۇرغانلىقىنى، ئايەتلەردىمۇ ۋاقتىدا جاۋاب بېرىلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئالاھىدە ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغىنى «قىيامەت» دەپ نام قويۇلغان 65 ـ سۈرىدۇر. بۇ سۈرىنىڭ بېشىدىلا ئاللا تائاللا تەنتەنىلىك قەسەم بىلەن، قورۇپ سۆڭەككە ئايلىنىپ كەتكەن ئۆلۈكلەرنى تامامەن تىرىلدۈرۈپ ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇشقا قادىر ئىكەنلىكىنى دەيدۇ:

قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى،

ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى،

(سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، چوقۇم سىلەردىن ھېساب ئېلىنىدۇ)

ئىنسان (يەنى كاپىر) بىزنى ئۇنىڭ (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن)

سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟

ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلىمىز)،

ئۇنىڭ (ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك بولغان) بارماقلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز.

(75 ـ سۈرە، 1 — 4 ـ ئايەتلەر)

«سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلىش» چىرىپ قۇرۇپ كەتكەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش دېگەنلىكتۇر، بۇ سۆز جان بىلەن تەننىڭ قوشۇلۇشىدىن ئىبارەت بولغان ھاياتلىقنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە قارىتىپ ئېيتىلغان. لېكىن كېيىنكى جۈملىدە نېمە ئۈچۈن «ئىنچىكە بارماقلار» ئالاھىدە مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلىدۇ؟ تەننىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە مۇرەككەپ، «زاپچاسلار»، ئەزالار بەك كۆپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ، نېمە ئۈچۈن يالغۇزلا «ئىنچىكە بارماقلار»دىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر كىچىككىنە ئەزا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ؟ ئەگەر ئومۇمەن قول ياكى قولنىڭ ئالقىنىلا كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەم تېنىنىڭ خېلى كىچىك ئەزاسى ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكى لازىم بولسا، بۇ ئەمدى بارماقتىنلا ئىبارەت بولاتتى، ئايەتتە تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ كىچىكلەشتۈرۈپ «بارماق»نى مىسالغا ئېلىشتا ئاللا تائاللا ئۆلگۈچىنىڭ بارماقلىرىنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغان تۇرسا، پۈتۈن بىر بەدەننى تىرىلدۈرۈپ ئەسلىگە كەلتۈرەلمەمدۇ؟ دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان.

ئەسلىدە، بارماق ئادەملەرنىڭ ئەڭ نازۇك پەرقلىق مۇھىم ئەزاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان پەنلىرى ئىسپاتلىدىكى، ئادەمنىڭ بارمىقى مۇسكۇل توقۇلمىلار ئىچىدە ئەڭ روشەن بەلگىلىك تارام ـ تارام سىزىقلىق تېرىدىن تۈزۈلگەن، ئۇ سىزىقلار بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، ئۇنىڭ غولى ۋە شاخچىلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرق قىلىدۇ، ئۇ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، شەكلى، ئىنچىكە ـ توملۇقى، قورۇلمىسى ئوخشاش بولمىغان سىزىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ياي شەكىللىك، شازا شەكىللىك ۋە چۆگىلىمەچ شەكىللىك دەپ ئۈچ ئاساسىي تىپقا بۆلۈنىدۇ. ئۇ ئۆمۈر بويى ئۆزگەرمەيدىغان، بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ قالمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. بىر قورساقتىن تۇغۇلغان قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل بولغان تەقدىردىمۇ، بارماقلىرىنىڭ سىزىقى پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان ئىككى ئادەم دۇنيادا يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بارماقنى بېسىش شەخسىلەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تامغىسىنى باسقانغا باراۋەر بولىدۇ، بارماق ئىزى باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان نەق ئىسپات دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئەدلىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى دېلولارنى پاش قىلىشتا، جىنايەتچىلەرنى بېكىتىشتە بارماق ئىزىنى مۇھىم ئىسپات دەپ بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

6. جانلىقلارنىڭ ئەركەك ـ چىشى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا. پەن تەتقىقاتى نەتىجىلىرىگە بىرلەش-

تۇرۇپ «قۇرئان كەرىم»نى ئىنچكىرىلەپ تەتقىق قىلىۋاتقان ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئالىملار بەكمۇ كېچىكىپ ئاندىن بايقىغان نۇرغۇن ھادىسىلەر ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن 1400 نەچچە يىل بۇرۇنلا «قۇرئان كەرىم» دە دېيىلگەن. مەسىلەن، ھازىرقى زامان بىئولوگىيە ئىلمىدە سۆزلىنىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەركەك ـ چىشى بولۇشى، جىنسلىق كۆپىيىشى ۋە جىنسسىز كۆپىيىشى، بىر جىنسلىق گۈللىنىشى ۋە ئىككى جىنسلىق گۈللىنىشى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرىكىش ۋاستىسى قاتارلىق بىلىملەر «قۇرئان كەرىم»دە ئاللىبۇرۇنلا زىكرى قىلىنغان:

ئاللا يەر يۈزىنى (ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا) سوزۇپ كەڭ ياراتتى،
يەر يۈزىدە تاغلارنى ۋە دەريالارنى ياراتتى،
مېۋىلەرنىڭ ھەربىر تۈرىنى ئەركەك ـ چىشى — ئىككى جىنسلىق قىلىپ ياراتتى،
كېچىنى كۈندۈزگە كىرىشتۈردى (يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقىـ
نى ياپتى).
بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللانىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر بار).
(13 ـ سۈرە، 3 ـ ئايەت)

كىشىلەر چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىلغان بىر مۇنچە تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەركەك ـ چىشى بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنىڭدەك، باشقا سۈرىلەردىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇنلار بار، ئۇنىڭ دائىرىسى يالغۇزلا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كەڭ ساھەلەرـ
نى ھەتتا «كائىنات»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان:

سىلەرنىڭ ئىبرەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن،
ھەربىر نەرسىنى جۈپ ياراتتۇق.
(51 ـ سۈرە، 49 ـ ئايەت)

ئاللا (پۈتۈن ئەيىب ـ نۇقسانلاردىن) پاكتۇر،
ئۇ پۈتۈن شەيئىلەرنى جۈپ ياراتتى،
زېمىندىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
ۋە ئۇلار بىلمەيدىغان نەرسىلەر (يەنى ئاجايىب مەخلۇقاتلار) نىڭ ھەممىسىنىڭ جۈپى بار.
(36 ـ سۈرە، 36 ـ ئايەت)

بۇ ئىككى ئايەتنىڭ ئاساسىي مەنىسى، روشەنكى، ئىنسانلارنى ۋە باشقا ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش مەخلۇقاتلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەركەك ـ چىشى دېگەن جىنىس مەسىلىسى مەۋجۇت.

7. ھەسەلنىڭ كېسەلگە شىپا بولۇش ئۈنۈمى توغرىسىدا. «قۇرئان كەرىم» دە دائىم ھەرخىل ئۇچار قۇشلار، ئۆي ھايۋانلىرى، ياۋا ھايۋانلار، ھاشاراتلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇلار بەزىدە مەلۇم ۋەقەلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بەزىدە مەلۇم ئىشقا كىنايە قىلىپ سۆزلىنىدۇ، بەزىدە كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى قانداق ئىشلىتىشى، قانداق مىنىشى ۋە قانداق ئىستېمال قىلىشى سۆزلىنىدۇ. مۇشۇنىڭ ئىچىدىمۇ بىلىم بار. مەسىلەن، 16 ـ سۈرە يەنى «نەھل» سۈرىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

پەرۋەردىگارىڭ ھەسەل ھەرىسىگە ئىلھام بىلەن بىلدۈردى:
«تاغلارغا، دەرەخلەرگە ۋە (كىشىلەرنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى ئۈچۈن) ياسىغان ئۆيلىرىگە ئۇۋا تۈزگىن.
ئاندىن كېيىن، تۈرلۈك مېۋىلەر (يەنى گۈل ـ چېچەكلەر) دىن يېگىن، پەرۋەردىگارىڭنىڭ يوللىرىغا ئىتائەتمەنلىك بىلەن كىرگىن».
ئۇنىڭ (يەنى ھەسەل ھەرىسىنىڭ) قارنىدىن ئىنسانلارغا
شىپا بولىدىغان خىلمۇخىل رەڭلىك ئىچىملىك (يەنى ھەسەل) چىقىدۇ.
بۇنىڭدا (ئاللانىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى) پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت بار.
(16 ـ سۈرە، 68 ـ 69 ـ ئايەتلەر)

بۇ ئايەتتە ھەسەل ھەرىسىنىڭ تەبىئىتى ۋە ئىقتىدارى، مەسىلەن، ئۇۋا ياسايدىغانلىقى، گۈل ـ چېچەكلەردىن يەيدىغانلىقى ۋە ھەسەل چىقىرىدىغانلىقى بايان قىلىنغاندىن باشقا، يەنە ھەسەلنىڭ رەڭگى،

بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنسانلارغا قوۋۋەت بولۇش ۋە شىپا بولۇش رولىغا ئىگە ئىكەنلىكى نۇقتىلىق سۆزلەنگەن. ھەسەلنىڭ شىپالىق رولى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى، قەدىمكى زامان ۋە ھازىرقى زاماندىكى تېبابەتچىلىك ئىلمى تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان. ئايەتتە ھەسەل ھەرىسى ئۈستىدىكى تەسۋىر باشقا ھايۋانلار ئۈستىدىكى تەسۋىرگە قارىغاندا كونكرېت بولغان. بەزىلەر ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پەۋقۇلئاددە نىرۋا سىستېمىسىنى دىققەت بىلەن تەتقىق قىلىپ، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇچۇش شەكلى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىدىغان بىر خىل ۋاسىتىسى. ئۇلار بۇ شەكىل ئارقىلىق ئۆز ھەمراھلىرىغا ھەسەل يىغىدىغان جاينىڭ يۆنىلىشى ۋە ئارىلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ، دەپ قارىغان.

8. ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك زەررىچىلىرى توغرىسىدا. ھازىرقى زامان پەنلىرى تەرەققىي قىلىپ، ئاتوم تېپىپ چىقىلغاندىن كېيىن، ماددىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئەڭ كىچىك زەررىچە مۇشۇ بولسا كېرەك دەپ قارالغانىدى، كېيىن ئاتومدىنمۇ كىچىك بولغان پروتون، نېيترون، ئېلېكترون، مېزوترون قاتارلىقلارنىڭمۇ بارلىقى مەلۇم بولدى. ئىنسانلارنىڭ ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى توغرىسىدىكى تونۇشى مۇشۇ كەشپىياتلار سەۋەبى بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مۇسۇلمان ئالىملار ئىلگىرى تازا چۈشىنىشلىك بولمىغان ئايەتلەر ئۈستىدە مۇشۇ پەننىي كەشپىياتلارغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق بىردىنلا پىكىر ئېچىلىپ، ھە، مۇنداق ئىش ئىكەن، دەپ قالدى. مەسىلەن:

سەن قايسى ھالەتتە بولمىغىن، قۇرئاندىن قايسى نەرسىنى
ئوقۇمىغىن، سىلەر قايسىبىر ئىشنى قىلماڭلار، ئۇنىڭ بىلەن
بولۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ھامان بىز سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىمىز،
ئاسمان ـ زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن
كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللانىڭ
بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
لەۋھۇلمە ھپۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر.

(10 ـ سۈرە، 61 ـ سۈرە ئايەت)

ئايەتتە دېيىلگەن «زەررە چاغلىق نەرسە» ۋە ئۇنىڭدىن «كىچىك» ياكى «چوڭ» نەرسە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرىدۇ، تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

9. «ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق» توغرىسىدا. جۇغراپىيە ۋە بىئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، مۇھىت سىستېمىسىدىكى جانلىقلار بىلەن جانلىقلارنىڭ، جانلىقلار بىلەن ياشاش مۇھىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئورنىتىلغان ھەرىكەت ھالىتىدىكى تەڭپۇڭلۇق «ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. تاشقى دۇنيانىڭ مۇھىت شارائىتىدا بولغان ئۆزگىرىش جانلىقلار فورمىسىنىڭ تۈزۈلۈشىدە، فىزىئولوگىيىلىك ھەرىكەتتە، خىمىيىۋى تەركىبلەردە، ئىرسىيەت بەلگىلىرىدە ۋە جۇغراپىيىلىك تارقىلىشلاردا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، جانلىقلار مۇھىت شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە لايىقلىشىش ئۈچۈن بولسا، ئۆزىنى تەرتىپكە سېلىپ، يېڭى ھەرىكەت ھالىتى تەڭپۇڭلۇقىنى ئورنىتىشى لازىم. ئېكولوگىيىلىك سىستېما ئىچىدە ۋە ئۇنىڭ بىلەن غەيرى جانلىقلار مۇھىتى ئوتتۇرىسىدا، ھەتتا پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسىدىكى چېگىش ـ مۇرەككەپ كائىنات ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، بىر ـ بىرىنى چەكلەش ۋە بىر ـ بىرىگە تايىنىپ ياشاش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت، مەلۇم شارائىت ئاستىدا بۇلار ئوتتۇرىسىدا نىسبىي ھالدىكى مۇقىملىق ھالىتى ساقلىنىدۇ. پۈتكۈل ئېكولوگىيىلىك سىستېمىدىن قارىغاندا، ئېنېرگىيە بىلەن ماددىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە بىر ـ بىرىگە ئۆزگىرىش جەريانىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى مۇقىملىشىشقا ۋە ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلىشىشقا قاراپ ماڭىدۇ. بۇنداق تەڭپۇڭلۇق ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ تۈرى جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، ئۇلارنىڭ سان ھەتتە جىنس جەھەتلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن قانۇنىيەت ۋە پىلان ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن ھەمدە مۇئەييەن ۋە مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇلغان بولىدۇ.

بۇ جەھەتتىكە دائىر بىلىملەرمۇ «قۇرئان كەرىم» دە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللانىڭ كائىناتنى ئۆزىگە لايىق ئورۇنغا ئىگە قىلىپ، تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئېيتىلغان:

يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق،

ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق،
يەر يۈزىدە ھەرخىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى
ئۆستۈردۇق.
يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى
بېرەلمەيدىغانلار (يەنى خادىملار ۋە ھايۋانلار) ئۈچۈن
تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياراتتۇق (ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى سىلەر ئەمەس، بىز يارىتىمىز).
قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى (يەنى
خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر،
بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز.

15 ـ سۈرە، 19 ـ 21 ـ ئايەتلەر)

بۇلاردىن باشقا، «ئاللانىڭ دەرگاھىدا ھەممە نەرسە ئۆلچەملىكتۇر» (13 ـ سۈرە، 8 ـ ئايەت) مۇسۇلمانلار مۇشۇ ئايەتلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا دائىر بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرگەن①.

10. تۆمۈرنىڭ ئىككى تەرەپلىمىلىك رولى توغرىسىدا. «قۇرئان كەرىم»دە يەنە شۇنداق ئىخچام، قىسقا، مەسىلىنىڭ ئۈچىنى چىقىرىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كەتكەن ئىبارىلەر بار. لېكىن ئۇلاردا چوڭقۇر مەنتىقىي پىكىر ۋە بىلىملەر بار. مەسىلەن:

تۆمۈرنى ياراتتۇق، تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان،
تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار.

(57 ـ سۈرە، 25 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتە مەدەن، مېتاللارنىڭ رولى تىلغا ئېلىنىپ، پولات ـ تۆمۈرنىڭ مىسالغا ئېلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ئۇنى ئىشلىتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ پايدىسى بارلىقى، يامان نەرسىنىڭمۇ بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككى تەرەپتىن بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا «كۈچ ـ قۇۋۋەت بار» دېگەنلىك ئۇنىڭدىن ئادەم ئۆلتۈرۈدىغان قوراللارنى ياساپ، ئادەمنىڭ ھاياتىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشكە بولىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ؛ ئۇنىڭدا «نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار» دېگەنلىك ئۇنىڭدىن ئىشلەپ چىقىرىش قوراللىرىنى، تۇرمۇشقا لازىملىق قورال ـ سايمانلارنى ياسىغىلى بولىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ. يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەنسەك، ئۇ ئوخشاش بىر خىل ماددىدىن، ماتېرىيالدىن، شارائىتتىن پايدىلىنىپ، زادى قاتىللىق ـ يامانلىق قىلىش كېرەكمۇ، ياكى ياخشى ئىش قىلىپ بەخت يارىتىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىنى ئىنسانلارغا ئەسكەرتىدۇ ۋە ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

11. ئوت ۋە ئېنېرگىيە توغرىسىدا. «قۇرئان كەرىم»دە ئىخچام، يىغىنچاق تىل بىلەن ئوت زىكرى قىلىنىدۇ:

ئاللا سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى،
سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر.

(36 ـ سۈرە، 80 ـ ئايەت)

بۇ يەردە ئوتنىڭ دەرەخ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن. يىراق قەدىمكى زاماندا، ياغاچنى بۇرغىلاپ ئوت چىقىرىش كەشىپ قىلىنغان، يەنى بۇرغا بىلەن ياغاچنى بۇرغىلىغاندا، بۇرغا بىلەن ياغاچنىڭ سۈركىلىشى نەتىجىسىدە ئوت ئۇچقۇنى چىققان. پەن ئىسپاتلىدىكى، يېقىنقى زاماندىكى ئاساسىي ئېنېرگىيە بولغان كۆمۈر بىلەن نېفىت قەدىمكى دەرەخلەردىن ئۆزگىرىپ پەيدا بولغان. ئەڭ ئاساسىي قاتتىق يېقىلغۇ بولغان كۆمۈرنى ئالساق، ئۇ مۇئەييەن گېئولوگىيىلىك دەۋردە ئۆسكەن باراقسان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مۇۋاپىق گېئولوگىيىلىك شارائىتتا بارا ـ بارا دۆۋىلىنىشىپ قېلىن قاتلام ھاسىل قىلىپ ۋە سۇ ھەم لاتقا تېگىدە ئۇزاق گېئولوگىيىلىك يىللار تۇرۇش نەتىجىسىدە تەبىئىي ھالدا

① يۇقىرىدا بايان قىلىنغان «ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك زەررىچىلىرى» ۋە «ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق» دېگەن ئىككى مىسال توغرىسىدا جاباللىدىن ماشجالڭ يازغان «ئادەم پىكىر يۈرگۈزۈشى كېرەك» دېگەن ئەسەرگە قارالسۇن (تەيبېي مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى باستۇرغان 1989 ـ يىل نەشرى)

كۆمۈرگە ئايلىنىشى بىلەن پەيدا بولغان. «قۇرئان كەرىم»دە ئۆتنىڭ ياغاچتىن (دەرەختىن) كېلىپ چىققانلىقىغا دائىر بىلىملەر بار.

## 3. خۇشاللىنارلىق مۇھاكىمە ۋە ئالماشتۇرۇش

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «قۇرئان كەرىم» نى تەبىئىي پەن بىلەن بىرلەشتۈرۈش ۋە بۇ ھەقتە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش بارغانسېرى ئېتىبارغا ئېرىشمەكتە. 1987 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، پاكىستان پايتەختى ئىسلام ئابادتا مۇشۇ شەھەردىكى خەلقئارا ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا «تۇنجى نۆۋەتلىك «قۇرئان كەرىم»ۋە «ھەدىس» تىكى پەننىي مۆجىزاتلار توغرىسىدىكى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىندا بىر مۇنچە ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇپ ئۆتۈلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچە پارچە ماقالىنىڭ ئاپتورى «قۇرئان كەرىم» نى تەبىئىي پەن ھادىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەنگەن ۋە چۈشەنگەن ھەمدە ئۇلار مۇنداق دەپ قارىغان: «قۇرئان كەرىم» دە نۇرغۇن شەيئىلەر ئۈستىدىكى تەسۋىرلەر ناھايىتى ئېنىق ۋە تازا جايىدا بولغان، ئاللىقاچان ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن بىر مۇنچە بىلىملەرنىڭ سىرىنى ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەر بىلىش سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىلىكلىكى تۈپەيلىدىن ئاچالماي كەلگەنىدى. بىز مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى، پەن تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنىڭ تېگىگە يېتىپ، ھە، مۇنداق ئىكەن دېيىشىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە بارىكاللا ئوقۇۋاتىمىز. «قۇرئان كەرىم» دىكى تېخى ھازىرغىچە تازا چۈشىنىشلىك بولۇپ كېتەلمەيۋاتقان بەزى ئايەتلەرمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى پەن ـ تەتقىقاتنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆز ـ ئۆزىدىن يېشىلىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئىنسانلار تۆرەلمىسىنىڭ يېتىلىش مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، «قۇرئان كەرىم» نىڭ بەزى سۈرىلىرىدە بۇ مەسىلە بايان قىلىنغان:

ئى ئىنسانلار! ئەگەر سىلەر قايتا تىرىلىشتىن شەكلەنسەڭلار (گۇمانىڭلارنىڭ تۈگىشى ئۈچۈن ئەسلىدىكى يارىتىلىشىڭلارغا قاراڭلار)، بىز سىلەرگە (ئاللانىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى) تۇپراقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادىنى (ئالدى بىلەن) ئابىمەنىيدىن، ئاندىن لەختە قاندىن، ئاندىن شەكىللىك كىرگۈزۈلگەن ۋە كىرگۈزۈلمىگەن پارچە گۆشتىن ياراتتۇق.

بىز خالىغان ئادەمنى بەچچەداندا مۇئەييەن مۇددەتكىچە قالدۇرىمىز، ئاندىن سىلەرنى (ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن) بوۋاقلىق ھالىتىڭلاردا چىقىرىمىز (ئاندىن سىلەرنى ئاستا ئاستا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدۇرىمىز)، سىلەر (كامالەت يېشى) قىران ۋاقتىڭلارغا يېتىسلەر، بەزىلىرىڭلار ياشلىقىڭلاردا ۋاپات بولۇپ كېتىسىلەر، بەزىلىرىڭلار، (ئىلگىرى) بىلگەندىن كېيىن ھېچ نەرسىنى بىلمەس ھالىتىڭلارغا قايتۇرۇلۇشۇڭلار ئۈچۈن، ناھايىتى قېرىپ كەتكۈچە (ھايات) قالدۇرۇلۇسىلەر...

(22 ـ سۈرە، 5 ـ ئايەت)

بىز ئىنساننى ھەقىقەتەن لايىنىڭ جەۋھىرىدىن ياراتتۇق. ئاندىن ئۇنى بىز پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچەدان) دا (جايلاشقان) ئابىمەنىي قىلدۇق.

ئاندىن ئابىمەنىينى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق، ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق. ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللا (ھېكمەت ۋە قۇدرەت جەھەتتىن) ئۇلۇغدۇر.

ئاندىن سىلەر چوقۇم ئۆلۈسىلەر.

ئاندىن سىلەر ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى (قەبرەڭلاردىن) تۇرغۇزۇلۇسىلەر.

(23 ـ سۈرە، 12 ـ 16 ـ ئايەتلەر)

ئاللا ئۇنى نېمىدىن ياراتتى؟

ئاللا ئۇنى ئابىمەنىيدىن ياراتتى، (ئۇ تولۇق يارىتىلىپ بولغۇچە) ئاللا ئۇنى بىر قانچە باسقۇچتا بولۇپ، پەيدىنپەي ياراتتى.

ئاندىن ئۇنىڭغا (ماڭار) يولنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردى. ئاندىن ئۇنى ۋاپات قىلدۇردى،

ئۇنىڭغا (كۆمۈلىدىغان) قەبرىنى بەرپا قىلدى.
ئاندىن ئاللا ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا تىرىلدۈرىدۇ.

(80 ـ سۈرە، 18 ـ 22 ـ ئايەتلەر)

يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى، جۈملىدىن تۆرەلمىنىڭ يېتىلىش جەريانى بايان قىلىنغان. ئىسلام ئابادتا ئېچىلغان خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىدا بەزىلەر «تۆرەلمىشۇناسلىقنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى بەزى مەسىلىلەر» دېگەن تېمىدا ئىلمىي لېكسىيە سۆزلەپ، تۆرەلمىشۇناسلىقنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ بايان قىلدى، ھۆججەت ـ ماتېرىياللاردىن نەقىللەرنى كەلتۈردى، پروپېكسىيىلىك پانار ئارقىلىق بىر مۇنچە قىممەتلىك سۈرەتلەرنى كۆرسەتتى. بۇ ماقالىدە ئاساسەن «ئىنسانلارنىڭ يېتىلىشى توغرىسىدا» كى مەسىلىنىڭ «قۇرئان كەرىم» دە ئاللىبۇرۇن «ئېنىق ۋە تولۇق يېزىلغان» لىقى بىر مۇنچە ئەسىردىن كېيىن «ئەنئەنىۋى پەننىي ھۆججەتلەردە ئاندىن ئىنسانلار تۆرەلمىسىنىڭ يېتىلىش باسقۇچلىرى خاتىرىلەنگەن» لىكى سۆزلەنگەن. بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورلىرى ۋاشىنگتون تىببىي پەنلەر مەركىزى ـ گېئورگېتوۋن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن گ. س. گېرلىنگېر، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدىكى ئابدۇلئەزىز پادىشاھلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئابدۇلمەجىد ھىندانى ۋە مۇستافا. ئا. ئەھمەد قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ماقالىسىدە ئىلگىرىكى ۋە يېقىنقى چاغلاردىكى نۇرغۇن ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى تىلغا ئېلىنىپ، سېلىشتۇرۇلدى ۋە تەھلىل قىلىندى. بۇنىڭغا چېتىلىدىغان مەخسۇس بىلىملەر، ئاتالغۇ ـ ئۇقۇملار بەكمۇ كۆپ ئىدى. بۇ يەردە ئۇلار قىسقارتىۋېتىلدى.

«قۇرئان كەرىم» دە بەزىدە مەزمۇنى تۇتۇق، سۆز مەنىسى غۇۋا بولغان يوشۇرۇن مەنىلىك ئايەتلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئاللا سىلەرنى بىر ئادەمدىن ياراتتى،
ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتتى.
... ئاللا سىلەرنى ئانىڭلارنىڭ قورسىقىدا بىر ھالەتتىن تەرەققىي
قىلدۇرۇپ، ئۈچ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يارىتىدۇ. ...

(39 ـ سۈرە، 6 ـ ئايەت)

بۇ ئايەتتىكى «بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇش»، «ئۈچ قاراڭغۇلۇق» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىش قىيىن. تەپسىرشۇناسلار بۇنداق ئايەتلەرنى يا شەرھلىمەيدۇ، يا ئازراقلا شەرھلەپ قويىدۇ، مەسىلەن، بەلكىم تىمىزدە ئۆتكەن خويزۇ ئالىم ۋاڭ جىڭجەيىنىڭ ئىشلىگەن تەپسىرىدە بۇ ئايەت ئاددىيلا شەرھلىنىپ، بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەن سۆز «ئاۋۋال ئازراق ئابىمەنىي يارىتىش، ئاندىن ئۇنى لەختە قانغا ئايلاندۇرۇش، ئاندىن ئۇ لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇرۇش» دېگەنلىك بولىدۇ؛ «ئۈچ قاراڭغۇلۇق» دېگەن سۆز «ئانىنىڭ قورسىقى، بەچچىدان، بالا ھەمراھى» نى كۆرسىتىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. لىن سۇڭنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ مۇشۇنداق دەپ ئىزاھلانغان ۋە بوۋاق ئانىنىڭ قورسىقىدا ئۈچ قەۋەت مۇھاپىزەت ئىچىدە يېتىلىپ، تۇغۇلغىچە يورۇقلۇق كۆرمەيدىغان بولغاچقا «ئۈچ قاراڭغۇلۇق» دېيىلگەن دەپ ئېيتىلغان. ئىسلام ئابادتا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئامېرىكا پېنسىلۋانىيە شتاتىنىڭ فىلادېلفىيا شەھىرىدىكى جېففېرسون تىببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئې. مارشال جونسون يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىلمىي ماقالىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانلىق ئىككى ئاپتورى ھىندانى ۋە ئەھمەدلەر بىلەن بىللە «ئىنسانلار تۇغۇتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىنىڭ تەسۋىرى» دېگەن تېمىدا بىر ماقالە ئېلان قىلدى، ئۇلار بۇ ماقالىسىدا يۇقىرىقى 39 ـ سۈرىنىڭ 6 ـ ئايىتىنى 23 ـ سۈرىنىڭ 12 — 16 ـ ئايەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇ ئايەتلەردىكى بىرنەچچە ئاتالغۇنى مۇنداق دەپ باشقىچە شەرھلىدى:

«ئابىمەنىي» (nutfah) — «ئازغىنا سۇ»؛
«لەختە قان» (alagah) — «سۈلۈككە ئوخشاش نەرسە»؛
«پارچە گۆش» (Mudghah) — «چاينالغان نەرسە»؛
«سۆڭەك» (Izam) — «سۆڭەك»؛
«گۆش» (Iahm) — «گۆش»؛

«بەچچىدان» (garar) — «باليياتقۇ».

ئۇلار بۇ ئاتالغۇلارنى مۇشۇنداق ئۇقۇمدا چۈشىنىش ھەمدە ھامىلىنىڭ «قارارگاھى» يەنى ئۇ «يېتىلگىچە توققۇز ئاي تۇرىدىغان ماكان» — باليياتقۇنى چۈرىدىگەن ھالدا دەلىللەش، ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى باش سۇيى، باش سۇيى قېپى، بالا ھەمراھىدىن تارتىپ باليياتقۇنىڭ مۇسكۇل قەۋىتى ۋە قورساقنىڭ ئىچكى دىۋارىغىچە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشىدىن تارتىپ ئىقتىدارىغىچە ئىلمىي يول بىلەن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش كېرەك، ئايەتلەردە زىكرى قىلىنغان ھەربىر مەخسۇس ئاتالغۇ ھامىلىنىڭ يېتىلىشىدىكى بىر باسقۇچقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە 76 ـ سۈرە يەنى «ئىنسان» سۈرىسىنىڭ «بىز ئىنساننى ئارىلاشما مەني (يەنى ئەر بىلەن ئايالنىڭ مەنىيسى) دىن ياراتتۇق» دېگەن ئىككىنچى ئايىتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، «ئازغىنا (ئىككى ياكى تامچە) سۇيۇقلۇق» «مەني» بىلەن «تۇخۇم» نىڭ «ئارىلاشمىسى» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ئۇ ماقالىنىڭ ئاپتورلىرى ئاساسەن پەن ـ تەتقىقاتى نەتىجىلىرى، ھامىلىنىڭ باليياتقۇدىكى يېتىلىش جەريانى ئارقىلىق، «قۇرئان كەرىم» دىكى ئىبارىلەر ۋە تەسۋىرلەرنىڭ توغرىلىقى ۋە ئېنىقلىقىنى ئىسپاتلىدى①

ئىسلام ئابادتا ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ بىرمۇنچىسىدا پەن ـ تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن «قۇرئان كەرىم» نى تەتقىق قىلىشتىن ئالغان تەسىراتلار سۆزلەنگەن. تۆۋەندە ئۇلاردىن بىرنەچچە مىسال كەلتۈرىمىز:

[1 ـ مىسال] «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئىلھامىدا دېئىتېتىكا (ئوزۇقلۇقشۇناسلىق) نۇقتىسىدىن سۈتنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەھلىل. ئېل. ۋېسىي ئېلان قىلغان ماقالىنىڭ تېمىسى «سۈتنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنىڭ 〈قۇرئان كەرىم. سۈرە نەھل〉 نىڭ 66 ـ ئايىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى» بولۇپ، بۇ ماۋزۇدىكى ئايەت 16 ـ سۈرە يەنى «نەھل» سۈرىسىنىڭ 66 ـ ئايىتىدۇر. بۇ ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

چاھار پايلاردا سىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئىبرەت بار.
سىلەرنى چاھارپايلارنىڭ قارنىدىكى ماياق ـ تېزەكتىن ۋە
قاندىن ئايرىلىپ چىققان پاكىز ۋە تەملىك سۈت بىلەن سۇغىرىمىز.

بۇ يەردە ئاساسەن مۇنۇ ئۇقۇم سۆزلەنگەن: «چارۋاماللار ئوتنى يېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرقىسمى قانغا، بىر قىسمى تېزەككە (كېرەكسىز نەرسىگە) يەنە بىر قىسمى سۈتكە ئايلىنىدۇ، بۇلار بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرسىمۇ، بۇلارنىڭ شەكلى، رەڭگى، پۇرىقى زادىلا ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. قان قان تومۇرىغا، سۈت ئەمچەككە، تېزەك چىقىرىندىلار ئۈچەيگە ئۆز يولى بىلەن ماڭىدۇ» (ۋاڭ جىڭجەينىڭ تەرجىمىسىدىن ئېلىندى). «كېرەكسىز نەرسە» دېيىلگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىدىكى ئەسلى مەنىسى «چارپاي ـ لارنىڭ ئاشقازىنىدىكى ئوت ـ چۆپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇڭا «تېزەك» دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ.

ئېل. ۋېسىينىڭ ماقالىسىدە، مەسىلە «سۈت پەيدا قىلغۇچى ئەزا»، «سۈتنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى» دېگەن جەھەتلەردىن دەلىللەنگەن، نەقىل ئېلىنغان ماتېرىياللار جەدۋەللەشتۈرۈلۈپ، سانلىق ئاساسلار سېلىشتۇرۇلۇپ، ئىلمىي ئاساستا بايان قىلىنغان. مەسىلەن، بىرنەچچە خىل ئېمىتكۈچى ھايۋان (ئادەم، مايمۇن، ئات، تۆگە، بۇغا، ئىنەك، سۇ كالىسى، ئۆچكە، قوي قاتارلىقلار) نىڭ سۈتىدىكى خىمىيىۋى تەركىبلەر (تىزىملىكتە كۆرسىتىلگىنى ئومۇمىي قاتتىق جىسىم، ياغ، ئاقسىلدىكى كازېئىن بىلەن لاكتو ئالبۇمىن، لاكتوزا، قالدۇق قاتارلىقلار) پىرسەنتىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى بېرىلگەن؛ يەنە ئادەم سۈتى بىلەن كالا سۈتىنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىدىغان تەركىبلىرى نۇقتىلىق ھالدا تېخىمۇ تەپسىلىي سېلىشتۇرۇلغان، ئۇ ماقالىدە جەدۋەللەشتۈرۈپ سېلىشتۇرۇلغان تۈر 55 كە يەتكەن، ئاساسىي بولغان ھىستىدىن قاتارلىقلار (9 تۈر)، ئاساسىي بولمىغان ئارگىنىن قاتارلىقلار (9 تۈر) دىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ھەربىر لىتىردىكى مۇھىم مىنېرال ماددا (7 تۈر)، مىكرو ئېلېمېنتلار

---

① يۇقىرىقى ئىككى پارچە ماقالە ئىسلام ئاباد خەلقئارا ئىسلام ئونىۋېرسىتېتى تۈزگەن «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستىكى پەننىي مۆجىزاتلار» دېگەن ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلدى، يۇقىرىقى ئىككى ماقالىنى تۇشىن تەرجىمە قىلغان.

(7 تۈر) ۋە ئۇئىلاردىكى ۋىتامىن مىقدارى (12 تۈر) غىچە سانلىق ئاساسلار تەپسىلىي بېرىلگەن، بىرىمۇ تاشلىنىپ قالمىغان. سانلىق ئاساسلار ۋە تەپسىلاتلار سېلىشتۇرۇلغان جەدۋەلدىنلا بەشى بار. ئاپتورنىڭ خۇلاسىسى مۇنداق: پەن تەتقىقاتى، خىمىيىلىك تەھلىل ئارقىلىق، «قۇرئان كەرىم»دىكى باياناتلارنىڭ ئىخچام، ئېنىق، مۇپەسسەل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئاپتور شۇنى ئېنىقلىغانكى، سۈتتىكى ئوزۇقلۇق تەركىبىنىڭ كۆپىنچىسى قاندىن ۋە «ئاشقازاندىكى كېرەكسىز نەرسە»دىن ياكى ھەر ئىككىسىدىن ھاسىل بولىدۇ؛ باشقا ئوزۇقلۇق تەركىبلىرى سۈت بېزىدە «ئاشقازاندىكى كېرەكسىز نەرسە» ياكى قاندىن چەككىلەپ ئېلىنغان ئاددىي ئوزۇقلۇق ماددىدىن ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ؛ «ئاشقازاندىكى كېرەكسىز نەرسە» ياكى قاندىكى ئوزۇقلۇق ماددا سۈزۈلۈپ سۈتكە قوشۇلۇپ، سۈتنى غەلدىغەشتىن تازىلايدۇ. لاكتوزا بولسا سۈتتە ئادەم تېتىپ بېقىشنى خالايدىغان بىر خىل تاتلىق تەم پەيدا قىلىدۇ.①شۇڭا يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئايەتلەرنى قايتا ئوقۇساق، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ مۇپەسسەل، ئىلمىي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

[2 ـ مىسال] «قۇرئان كەرىم»دە ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ ئىلھامىدا «كوكۇلا»نىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات. مۇستەفا ئەلناجىلىنىڭ «كوكۇلا (ناسىيە)» ماۋزۇلۇق ئىلمىي ماقالىسىدە «كوكۇلا» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا ئايەتتىكى بۇ ئالاھىدە ئاتالغۇ سەۋەب بولغان. ئۇ مۇنۇ ئىككى ئايەتنى نەقىل كەلتۈرگەن:

شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ
پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاغا مەن تەۋەككۇل قىلدىم. ئاللانىڭ
باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر.②...

(11 ـ سۈرە، 56 ـ ئايەت)

ناماز ئوقۇۋاتقان بەندىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى)
توسقان ئادەمنىڭ (ھالىنى) ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟
......
ئاللانىڭ (ئۇنى) كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟
ئۇ گۇمراھلىقتىن يانسۇن، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا،
چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن — يالغانچى گۇناھكارنىڭ
كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز.

(96 ـ سۈرە، 9 ـ 10 ـ، 14 — 16 ـ ئايەتلەر)

بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدىنقىسى قەدىمكى پەيغەمبەرلەردىن ھۇد ئەلەيھىسسالام ئۇز قەۋمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلىپ، بۇيرۇق بويىچە يەتكۈزگەن سۆزدىن ئىبارەت؛ كېيىنكىسى ئىسلام دىنى دەۋەت قىلىنىۋاتقان دەسلەپكى مەزگىلدە ئەبۇ جەھىل ناملىق بىر مۇشرىكنىڭ مۇسۇلمانلارغا تەھدىت سېلىپ، ئەگەر ئۇ پەيغەمبەر ناماز ئوقۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان بولسا ئۇنى زورلۇق كۈچ بىلەن توسىمىز دەپ داۋراڭ سالغانلىقىنى، ئۇ قورال ئىشلىتىپ قاتىللىق قىلماقچى بولغاندا، بىردىنلا بېشى قېيىپ كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتە ئاللانىڭ ئۇنىڭ «كوكۇلا»سىدىن تۇتىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئايەتتە «ناسىيە» (كوكۇلا) دېگەن سۆزنىڭ «نەۋاسى» دېگەن كۆپلۈك شەكلىمۇ ئۇچرايدۇ، بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنىدىكى ئەھۋاللار تەسۋىرلەنگەن:

گۇناھكار ئۇزلىرىنىڭ (يۈزلىرى قارا، كۆزلىرى كۆك بولۇشتىن
ئىبارەت) بەلگىلىرىدىن تونۇلىدۇ. ئۇلار كوكۇلىلىرىدىن ۋە
پۇتلىرىدىن تۇتۇلۇپ (دوزاخقا تاشلىنىدۇ).

(55 ـ سۈرە، 41 ـ ئايەت)

---

① «قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىستىكى پەننىي مۆجىزاتلار»، خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، پاكىستان 1987 ـ يىل نەشرى، بۇ ماقالىنى رىن جىجۇن تەرجىمە قىلغان.

② «كوكۇلا» مەنىسىدىكى «ناسىيە» دېگەن ئەرەبچە سۆز بۇ ئايەتتە مەنە ئېتىبارى بىلەن تەرجىمىدە ئىپادىلەنمىگەن، زورمۇزور تەرجىمە قىلىنىپ، «ئاللانىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇقنىڭ كوكۇلىسى يوقتۇر» دېيىلسە، مەنە پۈتۈنلەي بۇزۇلغان بولاتتى. — تەرجىمان.

ئادەم بەدىنىنىڭ ئەزالىرى بەك كۆپ تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۇ ئايەتلەردە پەقەتلا «كوكۇلا» مىسالغا ئېلىنغان؟ ماقالىنىڭ ئاپتورى نۇرغۇن پەن - تەتقىقاتى نەتىجىلىرىنى نەقىل تەرىقىسىدە بايان قىلىپ، ئانا تومۇرلارنىڭ تەتقىقاتى «چوڭ مېڭە ئالدىدىكى مېڭە بۆلىكى بىلەن پېشانە بۆلىكى ناھايىتى چوڭ بولۇپ مەركىزىي مېڭە ئېرىقچىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا جايلاشقانلىقىنى، ئۇنىڭ بىرمۇنچە نېرۋا مەركىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنى ۋە رولى باشقا - باشقا بولىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئۇقتۇردى» دەپ كۆرسەتتى؛ شۇنىڭدەك، نېرۋا مەركەزلىرىنى ئايرىم - ئايرىم بەش جەھەتتىن تەپسىلىي بايان قىلدى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەقىللەرنى كەلتۈردى ھەمدە تەھلىللەردىن مۇنۇنى بىلىۋالغانلىقىنى ئېيتتى: «پېشانىدىكى چوڭ مېڭە پوستلاق ماددىسىنىڭ رولى ئادەمنىڭ سۈپىتىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. . . پېشانە بۆلىكىنىڭ پوستلاق ماددىسى مەركەزلەشتۈرۈش كۈچى، تەپەككۇر ۋە خاتىرىنىڭ مەركىزى دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ سەزگۈسىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىقىغا ۋە ھۆكۈم قىلىش كۈچىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ پېشانىدىكى چوڭ مېڭە پوستلاق ماددىسى قەۋىتى ئادەمنىڭ سەممىي، ئالدامچى، دۇرۇس ۋە نادۇرۇس بولۇشتەك سۈپىتىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇ يەنە ئوخشاش بولمىغان سۈپەتنى پەيدا قىلىدۇ ۋە شەخسنىڭ ئىجادچانلىقىنى قوزغايدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ پەزىلىتىنىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر».①دېمەك، ماقالىنىڭ ئاپتورى «كوكۇلا» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇ ئىنسانلارنىڭ، جانلىقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئايەتتىكى «كوكۇلا» ئاللانىڭ «باشقۇرۇشىدا» بولىدۇ، ئاللا «كوكۇلىدىن تۇتىدۇ» دېگەن سۆزلەر ھەقىقەتەنمۇ جايىدا ئىشلىتىلگەن، بۇنى ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزگەندە ئاندىن چۈشەنگىلى بولىدۇ.

[3- مىسال] دېڭىز - ئوكيان جۇغراپىيىسى بىلىملىرى ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سۈرە - ئايەتلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش. جىددە شەھىرى ئابدۇلئەزىز پادىشاھلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دېڭىز - ئوكيان پەنلىرى فاكۇلتېتىدىكى ن.ۋ.ن. دۇلقاپ لاسىدا قاتارلىقلار ئۆزلىرى يازغان «‹قۇرئان كەرىم› نىڭ بەزىبىر دېڭىز - ئوكيان ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرى» ماۋزۇلۇق ماقالىسىدا بىرنەچچە ئايەتنى تاللاپ تەتقىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن ھاسىل قىلغان ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئېلان قىلدى، بۇمۇ ئاپتورلار ئۆگەنگەن كەسىپ دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇلار كەلتۈرگەن خېلى كۆپ مىسالنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى ئايەتلەر بار:

ئاللا (قۇدرىتى بىلەن) بىرى تاتلىق بولغان دەريانى،
بىرى تۇزلۇق بولغان دېڭىزنى (ئۇلار بىر - بىرىگە تۇتىشاتتىغا بولغان
ھالدا) قويۇۋەتتى، (ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەردە، توسما
قىلدى.

(25 - سۈرە، 53 - ئايەت)

ماقالە ئاپتورىنىڭ قارىشىچە، ئايەتتە زىكرى قىلىنغان «دېڭىز» كەڭ دائىرىدە دەريانىمۇ كۆرسىتىدۇ، «ئىككى دېڭىز»②دەريانىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىنى كۆرسىتىدۇ. «‹قۇرئان كەرىم› دە دەريانىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى جايىدا تەسۋىرلەنگەن. . . ھازىرقى زامان پەنلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات دەريانىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىدىكى تاتلىق سۇ بىلەن تۇزلۇق سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چېگرا بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. كىشىلەر شۇنىمۇ بايقىدىكى، بىئولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا دەريانىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىدا سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىگە قاتتىق چەكلىمە بار. بەزى جانلىقلار ھە دەپ دەريانىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىدىن دېڭىزغا كۆچىسىمۇ، لېكىن بەزى جانلىقلار دەريانىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىدىلا ياشىيالايدۇ. يۇڭلۇقلار سىنىپىغا كىرىدىغان ھايۋانلار بىلەن قورساق پۇتلۇقلار سىنىپىغا كىرىدىغان ھايۋانلار (تېيىز دېڭىز ھايۋانلىرى) ۋە قىسقۇچ پاقا ئاساسەن دەريانىڭ دېڭىزغا

① بۇ نەقىللەر ئالدىنقى ئىزاھتا كۆرسىتىلگەن كىتابتىن ئېلىنىدى. بۇ ماقالىنى ۋاڭ لى تەرجىمە قىلغان.
② ئەسلى تېكىستتە «ئاللا ئىككى دېڭىزنى تەڭ ئاققۇزدى. ئۇنىڭ بىرى تاتلىق، بىرى تۇزلۇق. . . » دېيىلگەن. ئۇيغۇرچە تەرجىمىدە مەنىسىگە قاراپ «بىر دەريا»، «بىر دېڭىز» دەپ ئېلىنغان. —— تەرجىمان.

قويۇلۇش ئېغىزىدا ياشايدۇ، لېكىن ئەگەر ئېكولوگىيىلىك مۇھىت يار بېرىدىغان بولسا، ئۇلار دېڭىزدا ياشىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما قورساق پۇتلۇق بەزىبىر ھايۋانلار بىلەن قاسراقلىق ھايۋانلار دەريادا ۋە دەريانىڭ دېڭىزغا قويۇلۇش ئېغىزلىرىدا ياشىيالايدۇكى، دېڭىز ـ ئوكياندا ياشىيالمايدۇ».

يۇقىرىقى ئاپتور كەلتۈرگەن مىسال ئىچىدە مۇنۇ ئايەتمۇ بار:

ئۇ ئىككى دېڭىزنى (بىرى تاتلىق، بىرى ئاچچىق) ئاققۇزدى،
ئۇلار ئۇچرىشىدۇ.
ئۇلار ئارىسىدا توسما بولۇپ،
بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ.
. . . . . .
ئۇلاردىن مەرۋايىت بىلەن مارجان چىقىدۇ.
. . . . . .

(55 ـ سۈرە، 19 ـ، 20 ـ، 22 ـ ئايەتلەر)

ئاپتور بۇ ئايەتنى يۇقىرىقى ئايەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇنداق ھېسابلىدى: «قۇرئان كەرىم» دە «ئىككى خىل توسما (دەريالارنىڭ دېڭىزغا قويۇلۇش ئېغىزىدىكى تاتلىق دەريا سۈيى بىلەن تۇزلۇق دېڭىز سۈيى ئارىسىدىكى توسما ۋە ئوكيانلاردىكى بۇ دېڭىز بىلەن ئۇ دېڭىز ئارىسىدىكى توسما) ئارىسىدىكى نازۇك پەرق ئىنتايىن جايىدا تەسۋىرلەنگەن. ھالبۇكى، بۇ پەرق دېڭىز ـ ئوكيان جۇغراپىيىسى تەتقىقاتى ئارقىسىدا يېقىندىلا بايقالدى. دەريالارنىڭ دېڭىزغا قويۇلۇش ئېغىزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان توسما ئىككى دېڭىز ئارىسىدا كۆرۈنمەيدۇ. مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ‹قۇرئان كەرىم› دە ئىككى دېڭىزدىن چىقىدىغان مەرۋايىت بىلەن مارجان زىكرى قىلىنغان، دەريانىڭ تاتلىق سۈيى بىلەن دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيىنىڭ ئۇچرىشىدىغانلىقى بايان قىلىنغاندا بولسا، مەرۋايىت بىلەن مارجان تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ ئەمەلىيەتتە مەرۋايىت بىلەن مارجاننىڭ پەقەت دېڭىزدىنلا چىقىدىغانلىقى، دەريانىڭ تاتلىق سۈيى دېڭىزغا قويۇلىدىغان ئېغىزدىن چىقمايدىغانلىقىنىڭ تەكىتلەنگەنلىكىدۇر. ھازىرقى زامان دېڭىز ـ ئوكيان جۇغراپىيىسى ئۇستىدىكى تەتقىقات ئارقىلىق، كىشىلەر مارجاننىڭ تاتلىق سۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان يەردە ئەمەس، بەلكى يامغۇر ئاز ياغىدىغان ياكى يامغۇر ياغمايدىغان ئىسسىق بەلۋاغ ۋە سىبتروپىك بەلۋاغدىكى دېڭىز ـ ئوكيانلاردا بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. دېڭىز ـ ئوكياننى زىل ئەسۋابلار بىلەن تەكشۈرمەي تۇرۇپ يۇقىرىقىدەك پەرقنى بايان قىلىپ بېرىش ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ».①

[4 ـ مىسال] تەمسىلدىن «قۇرئان كەرىم» دىكى سۆزلەرنىڭ ئاجايىپ ئىلمىيلىكىنى ھېس قىلىش. ئامېرىكا ئالەم تېببىي پەنلىرى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، ئەنگلىيە لوندون پادشاھلىق تېببىي ئىنىستىتۇتىنىڭ ئالەم تېببىي پەنلىرى مەسلىھەتچىسى دوكتور سالاھىددىن ئەل مۇرابى «يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى سىرىم» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مۇنۇ بىر ئايەتنى نەقىل كەلتۈرگەن:

ئاللا كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ
كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى
ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، ئاللا كىمنى ئازدۇرماقچى
بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى،
(ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ
قىيىن تۇيۇلىدۇ. . .

(6 ـ سۈرە، 125 ـ ئايەت)

① بۇ نەقىللەر ئالدىنقى ئىزاھتا كۆرسىتىلگەن كىتابتىن ئېلىنىدى. بۇ ماقالىنى ئەلى ياڭ ئەن تەرجىمە قىلغان. بۇ ماقالىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللار خېلى بار ئىدى، بۇ يەردە ئۇ مىساللاردىن ئىككىنىلا ئالدۇق.

بۇ ئايەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ھەق يولدىن ئېزىپ ئۆزگەرمەس بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ ھىدايەت تېپىپ سۈزۈك ئاسمانغا چىقىشىنىڭ قىيىنلىقىنى بايان قىلىش بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئاپتور ئالەم تېبىبىي پەنلىرى دوكتورى بولغاچقا، ئايەتتىكى تەمسىلنى كەسپىي بىلىمگە بىرلەشتۈرۈپ، ناھايىتى چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئۇ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا يۈز بېرىدىغان فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاس توغرىسىدىكى نەزەرىيە بىلىملىرىنى تەتبىق قىلىپ تۇرۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولغان يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىككى خىل كېسەللىكنى ئالەم تېبىبىي پەنلىرى نۇقتىسىدىن بايان قىلغان: ئۇنىڭ بىرى ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك كېسىلى، يەنە بىرى يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقى بېسىم تۆۋەنلەش كېسىلى.

ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك كېسىلى توقۇلمىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، ئايروپىلان بۆلمىسىدە چاتاق چىقىشى، ئوكسىگېن بېسىمى ۋە مىقدارىنىڭ ئازىيىشى سەۋەبىدىن، يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا سۈمۈرۈلگەن ھاۋادىكى قىسمەن ئوكسىگېننىڭ بېسىمى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؛ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقى بېسىم تۆۋەنلەش كېسىلى بولسا، يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تۆۋەن بېسىملىق ھاۋا ئېقىمىغا ۋە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك ئەھۋالىغا دۇچ كەلگەندە يۈز بېرىدىغان يىغىندى كېسەل. ئۇچقۇچى يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تۆۋەن بېسىملىق ئاتموسفېرا بېسىمىغا دۇچ كەلگەن، ئەمما ھېم يېپىلغان قۇرۇلما ئىشلىمەي قالغان ئەھۋالدا يۇقىرىقى كېسەللىك يۈز بېرىدۇ. ئاپتور ماقالىسىدە يەنە دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز بولغان يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا ئوكسىگېن يېتىشمەسلىكنىڭ ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھەمدە ئېگىزلىك (بۇ يەردە سانلاردىن مىسال كەلتۈرۈلگەن)، ھاۋا بېسىمى ۋە قاندىكى ئوكسىگېننىڭ مىقدارى بويىچە، ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك كېسىلىنىڭ تۆت باسقۇچقا، يەنى ئىنكاس قايتمايدىغان باسقۇچ (10 مىڭ فۇتنىڭ تۆۋىنىدە)، فىزىئولوگىيىلىك تولۇقلاش باسقۇچى (10 مىڭ فۇتتىن 16 مىڭ فۇتقىچە بولغان ئارىلىقتا)، فىزىئولوگىيىلىك تەڭپۇڭسىزلىق باسقۇچى (16 مىڭ فۇتتىن 25 مىڭ فۇتقىچە بولغان ئارىلىقتا) ۋە خەتەرلىك باسقۇچ (25 مىڭ فۇتتىن ئېشىپ كەتكەن) دەپ تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ھەرقايسى باسقۇچتىكى ئىنكاس ۋە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى ئىنچىكە تەسۋىرلىگەن. يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقى بېسىم تۆۋەنلەش كېسەللىكىنىڭ ئالامەتلىرىنىمۇ ئاپتور تۈرلەرگە بۆلۈپ تونۇشتۇرغان.

ئاپتور مۇنداق دەپ قارىغان: «قۇرئان كەرىم» دىكى تەمسىلدە ئادەمنىڭ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا دېمى سىقىلىپ نەپەس ئالالماي قالىدىغانلىقىنىڭ ئوبرازلىق، كونكرېت ۋە جايىدا تەسۋىرلىنىشى ھازىرقى زامان پەننىي بىلىملەر تەتقىقاتىغا ماس كېلىدۇ، ئايلىنىش سىستېمىسىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشىشى ياكى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىشى سەۋەبىدىن، ئادەمنىڭ كۆكرەك قىسمى (يۈرىكى، ئۆپكىسى) دىكى ئۆزگىرىش چېكىگە يېتىدۇ، كۆكرەك قىسمىغا بولىدىغان بېسىم ھەددىدىن زىيادە كۆچىيىپ كەتكەنلىكتىن ھەتتا فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارنىڭمۇ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلىدۇ.①

[5 ـ مىسال] «قۇرئان كەرىم» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىلمىيلىكىنى مېدىتسىنا ۋە فىزىئولوگىيە نۇقتىسىدىن چۈشىنىش، كانادا مانىتوبا ئۇنىۋېرسىتېتى ت. ۋ. ن. بوسود، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئابدۇلئەزىز پادىشاھلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئا. ما. ھىندانى ۋە م. ئا. باسىت ئەھمەد ئۈچەيلەن بىرلىشىپ، «‹قۇرئان كەرىم› نىڭ جىنسىي ھەرىكەت توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى» دېگەن ماۋزۇدا بىرپارچە ماقالە يازغان. بۇ ماقالىدە ئەر ـ خوتۇن تۇرمۇشى، جىنسىي مۇناسىۋەتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋە ئەيدىز كېسىلى قاتارلىق مەسىلىلەر سۆزلەنگەن. بۇ يەردە ئەر ـ خوتۇننىڭ جىنسىي تۇرمۇشىغا دائىر بىر مىسالنىلا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. ئۇ مەسىلە ئاساسەن مۇشۇ ئايەتنى چۆرىدىگەن ھالدا دەلىللەنگەن:

(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى: «ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش

① بۇ نەقىللەر يۇقىرىقى ئىزاھتا كۆرسىتىلگەن كىتابتىن ئېلىندى. بۇ ماقالىنى تۇرسۇن تەرجىمە قىلغان.

ئەر ـ خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئايالىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغىچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا، ئۇلارغا ئاللا بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار». ئاللا ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.

(2 ـ سۈرە، 222 ـ ئايەت)

ئاپتورلار: «ھەيز مەزگىلىدىكى ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش ئېستېتىكا ۋە سەھىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندىلا ياخشى بولماي قالماستىن، بەلكى ئەر ـ خوتۇننىڭ ھەر ئىككىسى ئۈچۈنمۇ بۇنىڭدا يوشۇرۇن زىيان بار» دەپ قارىغان ھەمدە ۋىلىيامىس يازغان «تۇغۇت ئىلمى» نىڭ 16 ـ قېتىملىق نەشىر نۇسخىسى (1980 ـ يىلى) دىكى مۇنۇ باياننى نەقىل كەلتۈرگەن: «ھەيز مەزگىلىدىكى خۇننىڭ زىيانلىق خاراكتېرى كىشىلەرنىڭ كەڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇ زەھەرلىك ئاقسىل بىلەن پېپتىدنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قان بىلەن بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمە ماددىدا ئەزەلدىن بار بولغان ئاقسىل پارچىلىنىش جەريانى ۋە باكتېرىيە پەيدا قىلغان بولۇشىمۇ ئىچىدىن چىقىدىغانلىقى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن».

ماقالىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: ھەيز مەزگىلىدىكى خۇن پروستاگلاندىن (مەزى بېزى سۈيۈقلۇقى جەۋھىرى) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، . . . بۇ نەرسە ئەرلەرنىڭ مەنىيسىدىمۇ بولىدۇ، شۇڭا، ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش بىئاراملىق كەلتۈرىدۇ؛ پروستاگلاندىن كەلتۈرۈپ چىقارغان بالىياتقۇ بويىنى بوشاپ قېلىش كېسىلى بالىياتقۇ بويىنى قانىلىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ ـ دە، جىنسىي ئالاقە قىلغاندا خۇن بىلەن باكتېرىيىنىڭ ئەملەنگەن نەرسىلىرى ئۇڭايلا بالىياتقۇغا كىرىۋېلىپ، بالىياتقۇ ئىچكى پەردە ياللۇغى ۋە تۇخۇم نەيچىسى ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەتتا تۇغماسلىق كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بەزى تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرسەتتىكى، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەيز مەزگىلىدە سۈيدۈك يولى يۇقۇملىنىپ قېلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولسا، بۇ چوقۇم ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئادەتتە، بۇ كېسەل جىنسىي ئالاقە قىلىپ 24 سائەت ئىچىدە قوزغىلىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ كېسەلنىڭ قوزغىلىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى.[①] دېمەك، «قۇرئان كەرىم» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر كىشىلەرنى چىرماپ چەكلەپ قويىدىغان چەكلىمە ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ كېسەللىكتىن ساقلىنىپ، سالامەتلىكىنى ساقلىشىغا ياردەم بېرىدىغان زۆرۈر شەرتتۇر.

* * *

تارىختىن قارىغاندا، «VII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XIII ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە، پۈتۈن دۇنيادا مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيلىك مەشئىلىنى كۆتۈرگۈچىلەر ئاساسەن ئەرەبچە سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بولدى. قەدىمكى پەن ۋە پەلسەپىنى يېڭىۋاشتىن بايقاپ، تولۇقلاپ، كېيىنكىلەرگە يەتكۈزۈش خىزمىتى شۇلارنىڭ تۆھپىسىدۇر، شۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدىلا غەربىي ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى»[②] «ياۋايى ئەرەبلەر ئىسلام دىنى بىلەن بىللە تېزدىن مەدەنىيلىك زېمىنىغا كىرىپ كەلدى، ئوخشاش دەرىجىدىكى ھەرقانداق مىللەت بۇ جەھەتتە ئۇلارغا يەتمەيدۇ».[③] «قۇرئان كەرىم» نىڭ پەننى تەشەببۇس قىلىشتىكى قۇدرىتى مانا شۇ.

(«بىلىم خەزىنىسى ‹قۇرئان كەرىم›» دېگەن كىتابتىن
تەرجىمە قىلغۇچى ھاجى خوجائابدۇللا ئوسمان)

---

① بۇ نەقىللەر يۇقىرىقى ئىزاھتا كەلتۈرۈلگەن كىتابتىن ئېلىندى. بۇ ماقالىنى ئەلى ياڭ ئەن تەرجىمە قىلغان.
② [ئامېرىكا] ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 40 ـ باب، ئەقلىي جەھەتتىكى تۆھپە».
③ Hirschfeld, New Researches. P. S

新疆社科论坛(维吾尔文版)
新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

1999年第1期
(总第43期)

副主编
斯拉木江·谢里甫

# 目录

## 学者、学说

玉素甫·哈斯·哈吉甫及其陵墓 …… 《福乐智慧》研究会 2
玉素甫·哈斯·哈吉甫标准像的诞生 …… 哈孜·艾买提 8
《福乐智慧》的写作风格 …… 伊明·吐尔逊 13

## 改革、稳定、发展

论经济自治权和民族自治区域的经济发展 …… 阿布都克里木·玉素甫 21
反对腐败也是发展生产力的一种途经 …… 买买提·托乎提 26

## 经济、经营、经商

目前下岗问题浅析 …… 阿德力江·阿布都里 30

## 科技要闻

奇闻:男人也能生孩子 …… 曾九辑 33
艾滋病的预防与控制 …… 吐拉洪·亚库甫 34

## 经典著作、古典音乐

论维吾尔民间长诗的情境之源 …… 阿·热合曼 38
柏拉图《理想国》摘译 …… 阿·贾拉里丁译 45
姆卡木大师克德尔汗·亚尔肯迪 …… 阿布都热合曼·吐尔逊、穆尼热·雅库夫 53

## 教育、文化

美国教育战略初探 …… 亚库甫江、热沙来提 55
日本人的敬业与强人文化 …… 罗振宇 59

## 人才与人才开发

高级神经心理学与库尔班江的特异功能 …… 乌买尔·吾斯曼 62
解思忠高级工程师著作《国民素质忧思录》摘译 …… 古丽仙·尼亚孜、阿扎提古丽·买买提明 译 73

## 创新、发明、创造

生活的艺术概论 …… 斯拉木江·谢日甫 77

## 百科知识

佛教始祖释迦牟[illegible] …… 伊明江·赛丁 90
林松教授著作《[illegible]宝典》摘译 …… 阿吉·霍贾阿布都拉 译 92

责任编辑:斯拉[illegible] 沙尔·柯尤木[illegible]

# ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە:

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ بىرى. بۇ — پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تىل، ئەدەبىيات-سەنئەت، پەن-تېخنىكا، دىن، ئەخلاق، باشقۇرۇش، ئارىلىق پەنلەر بويىچە بارلىــــقىا كېلىــــۋاتقان كۆندىلىــــك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم-پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان يېڭى بىر بىلىم مۇنبىرى. بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىرى ئالىملار ۋە ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىلىرى مول بىلىملىك رەھبەرلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار ئادەمنىڭ كامالىتىنى نىشان قىــلغان ھالدا ســـىزنـــى دانايى-دانىشمەنلەر، پىرى-ئۇستازلار، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىــرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پسىخولوگلار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەددىڭىزنى رۇسلاپ زامانىــۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ، بىز سىزنىڭ بۇ ژۇرنالنى زېرىكمەستىن بىر يىل ئوقۇپ بېقىپ ئاندىن بىر پىكىر بېرىشىڭىزنى سورايمىز! ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 16.00 يۈەندىن ياكى خالىغان بىر سانىغا 4.00 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتەرى بولالايسىز. بىر يىل 365 كۈننىڭ سىز خالىغان كۈنىدە تەھرىر بۆلۈمىمىز بىۋاستە مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. 5 دىن ئارتۇق مۇشتەرى بولغۇچى كوللېكتىپلارغا مۇكاپات بېرىلىدۇ.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئالاقىلاشقۇچى: مەرۇپ مەمتىمىن

《新疆社科论坛》 «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»

全国公开发行 مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ


ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشىر ئەپكارى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14- ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/CN65—1147/C

پوچتا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇش نومۇرى: 136 — 58

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

باھاسى: 4.00 يۈەن



ئورنى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46- قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون: 2861273 تېلېگراممىا: 3027

مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن



新華書店

6511479901

RMB 4.00